گۈلشەن ئابدۇقادىر / سەھەر

# ۋەتەنگە ۋىدام يوق

## ماقالىلەر توپلىمى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

كوررېكتور: باتۇر قاراخانلى
بەت لايىھەلىگۈچى: باتۇر قاراخانلى
نەشرگە تەييارلىغۇچى ئورگان: ئۇيغۇر پروجېكت فوندى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

# ۋەتەنگە ۋىزام يوق

**گۈلشەن ئابدۇقادىر / سەھەر**


2024-يىلى ئاۋغۇست بىرىنچى نەشرى
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە




مۇئەللىپ پىراگادا ئىمزالىق كىتاب تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىدە



مۇئەللىپ كانادا پارلامېنت ئەزاسى ئانىتا خانىم ۋە دۇنيا ئۇيغۇر
قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن بىللە



مۇئەللىپ كانادا پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بىرگە ئوتتاۋا
شەھىرىدىكى نامائىش مەيدانلىرىدا




مۇئەللىپ تورونتو شەھىرىدىكى نامائىش مەيدانلىرىدا




د ۇ ق 7ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى خاتىرە رەسىمى



مۇئەللىپ د ۇ ق 7ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا



مۇئەللىپ مەرھۇم كامىل تۇرسۇن ئاكا بىلەن بىرگە




مەرھۇم كامىل تۇرسۇن ئاكىدىن مۇئەللىپكە ھەدىيە




مۇئەللىپ پىراگا شەھىرىدىكى فىرانز كافكا مۇزېيىدا




مۇئەللىپ ۋاشىنگتون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتتە «5-فېۋرال ئارخىپلىرى (1)» كىتابىنى ئىمزالىق تارقاتماقتا



مۇئەللىپ كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە «5-فېۋرال» غۇلجا
ئىنقىلابى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىمەكتە




مۇئەللىپ «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە 2023» ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنىدا لېكسىيە سۆزلىمەكتە

# مۇندەرىجە


كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن..........13
پىراگا تەسىراتلىرى (1)..........15
پىراگا تەسىراتلىرى (2)..........18
پىراگا تەسىراتلىرى (3)..........27
ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن تەسىراتلار (1)..........37
ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن تەسىراتلار (2)..........40
ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن تەسىراتلار (3)..........48
ئىمزا توپلاش پائالىيىتىدىن تەسىراتلار (4)..........56
مەردلىك ئەلچىسى ئۆزگىرىش تورى..........63
ئۇكرائىنا روھى بىلەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (1)..........67
ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5 ـ فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (2)..........76
ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5 ـ فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (3)..........82
ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5 ـ فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (4)..........94
ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5 ـ فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (5)..........102

نەۋقىران شېھىتلەر روھىدىن بۇگۈنكى ياشلىرىمىزغا
نەزەر.................................................................................. 109
تارىم ئوغلى تارىمنى ئەمەس، بەلكى ئالبېرتا
تۇپراقلىرىنى مەڭگۈلۈك قۇچاقلىدى................................... 117
5ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ۋە شائىر مۇھەممەتجان
راشىدىن............................................................................ 124
چاقچاق شاھى ھېبى (ھەبىبۇللا) نىڭ جىنازىسى
قەلبىمدە پەرۋاز قىلغاندا.................................................. 133
يېرىل ئوتتاۋام يېرىل، ئونىمڭ ئۇيغۇر قوينۇڭغا
كىرىۋالسۇن........................................................................ 141
يۇسۇپ قۇدۇقتىن چىقىدىغانىغا ئاز قالدى......................... 145
ئاللا خالىدەم ھامامىنىڭ ئۆزى.......................................... 152
ئۇيغۇرلار دىققەت: گۇرۇچىمىز ئىچىدە ئاق تاش بار..... 164
خىتاي كونا مۇقامىغا يېڭى تېكىست ئىزدەۋاتىدۇ............ 170
ۋەتەن يولىدىكى «خۇا لاۋشەن» لەردىن
ھەزەر ئەيلەيلى!.................................................................. 175
«1984» تىن تەسراتلار ................................................. 182
يالغۇزلۇق......................................................................... 203
نازۇك كۆڭلۈمگە  تاگۇر پەدىسى نەسھەت..................... 206
قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمھالى........................................... 211
تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ باياناتىغا ئىككى
كەلىمە سۆز.......................................................................... 235
مىللەتنىڭ تەقدىرىدە «ئۇيغۇر» كەلىمسىنىڭ
كۆچى.................................................................................. 241

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان
كەلىمىلەر........................................................................................252
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى ........................277

# كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

كەتتى دەپ رەنجىپسەن ۋەتەن،
كەتكىنىم كەچكىنىم ئەمەس.
قەدەم كەتتى، بەدەن كەتتى،
روھ ۋە يۈرەك سەن بىلەن ھەمنەپەس.

يۈرۈمەن ئۆزۈم،
تورونتو، ۋاشىنگتون،
ئىستانبۇل، پارىژدا
ھاياش قىلىپ سېنى ۋەتەن.

يۈرەك تومۇرلىرىمدا،
ھېسلىرىم، روھلىرىم پىچىرلىشار سەن بىلەن.
ئاڭلا ۋەتەن،
كەتكىنىم كەچكىنىم ئەمەس.
ۋەتەندىن كەتكەنلىك كەچكەنلىك ئەمەس،
جۇدالىق چەكمىگەن ئاشىقلىق ئەمەس،
لەگمەن يېمىگەنلىك كەچكەنلىك ئەمەس،
مۇقامسىز ياشىماق تانغانلىق ئەمەس.

ۋاپاسىز يار دېمەڭ بىزنى،
ئۆزگە يۇرتقا ۋاپا ئىزدەپ كەتكەنلەرنى.
ئاھ دوستلار خەير-خوش،

گەر كەتمەنلەنسەم ئۆزگە تۇپراقتا،
نەۋرەم، يا چەۋرەم بارىدۇ بىر كۈن ۋەتەن ئانام دەپ.
گەر كەتمەنلەنسەم ئۆزگە تۇپراقتا،
كەتتى دەڭلار، ھەرگىز كەچتى دېمەڭلار.
ئاي شارىغا چىقىش بېلىتى ئاپتىكەن،
يەر شارىغا قايتىش بېلىتى يوقكەن دەڭلار.
باھار ھىدى قاپلىغاندا ۋەتەننى،
روھلىرىمنى تەشتەكلەرگە كۆچۈرۈپ قويۇڭلار.

كەتتى قەدەم، كەتتى تەن،
كەتتى بەدەن ئۇزاققا،
روھ ۋەتەن يۈرەك قالدى تۇپراقتا.
تۇساقلار تۇسىيالماس
ئىككى روھنىڭ پىچىرلىشىشىنى،
شۇڭا ۋەتەن تىلەيمەن
روھى ئەمىنلىك ئۇزاقتا.

ئۇزۇن تار بىر يولدا كېتىۋاتىمەن،
كۈندۈز-كېچە.
مەن ئۆزۈمدىن ئۇزاق،
مەنزىلىم يۇلتۇزلار قەدەر ئۇزاق،
ئەگەر جان ۋەتەن كەتتى دېمەي
كەچتى دېسەڭ،
ئۈمىدلىرىم توزۇيدۇ،
دۇنيا بولۇر ماڭا بىر دوزاخ.

# پىراگا تەسىراتلىرى (1)

## تورونتو ـ پارىژ ـ پىراگا يولىدا ئويلىغانلىرىم (1)

مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قاش دەرياسىغا ئوخشىتىمەن. قولۇمدا 370 بەتلىك بىر پارچە كىتاب تۇرۇپتۇ، ئىسمى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى». ئۇنى ئاستا ۋاراقلاپ، ئۇ يەر بۇ يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. بۇ جەرياندا بەزى رەقەملەر دىققىتىمنى تارتتى. يەنى، خەلقئارا سەۋىيەلىك كۆرۈشۈشلەر 2 مىڭ قېتىم، ب د ت خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈش 354 قېتىم، ب د ت رەسمىي يىغىنلىرىغا 75 قېتىم قاتناشتى ...

ئەگەر مىللىتىمىزگە ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولساق، ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئېتىراپ قىلايلى. تارىختىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار سېپى ئۆزىدىن ئىنكارچىلار ئىدى.

خاتىرەمدىن

ۋەتەندە مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر دەريا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قاش دەرياسى. سەھەر ۋاقتىغا يېقىن قاش دەرياسى بويىدا دەريانىڭ دەرد بىلەن نەرە تارتىپ گۈركىرىگەن سادا ئىچىدە ئېقىشى كىشىگە ھۇزۇر بېرىدۇ. قاش دەرياسى ئىلى دەرياسىنى تۇغقان ئانا دەريا. قاش دەرياسى كۈنەس دەرياسى ۋە تېكەس دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلى دەرياسىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى ئۇزۇن ۋە سەبىر تاقەت بىلەن ئېقىپ تەمكىنلىشىپ، خۇددى ئاقباش خانتەڭرىدەك مويسىپىتلىشىپ، ۋەتەن چېگراسىدىن چىقىپ قازاقىستاندىكى

بالقاش كۆلگە قۇيىلىدۇ.

قاش دەرياسىنىڭ سۈزۈك سۇلىرى ناھايىتى ئالدىراش گۈركىرەپ ۋە نەرە تارتىپ، خۇددى ھۇررا .... دېگەن سادالار ئىچىدە ئۇرۇشقا كېتىۋاتقان قوشۇندەك ئاچچىق-ئاچچىق تولغۇنۇپ ئاقىدۇ. قاش دەرياسىنىڭ بۇنداق ئالدىراش ھالدا بىر مەنزىلگاھقا، بىر نىشانغا قاراپ ئېقىشىنى تاغ چوققىلىرىدىن غۇلاپ چۈشكەن تاش پارچىلىرى توسۇپ قالالمايدۇ. قاش دەرياسى يۈزىدە باشقا دەريا-ئۆستەڭلەر يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇپ قالىدىغان بىكار تەلەت سامان ۋە مەگگەنلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى قاش دەرياسى ۋاقتنىڭ ياقىسىغا قاماللاپ ئېسىلغىنىچە ئۆركەش ياساپ دولقۇنلاپ ئوقچۇپ-ئوقچۇپ شىددەت بىلەن تېز ئاقىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مانا مۇشۇ قاش دەرياسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىراش يولىنى تاغلاردىن غۇلاپ چۈشكەن ئاپتونومىيەمۇ؟ مۇستەقىللىقمۇ؟ ئۇيغۇرىستانمۇ ياكى شەرقىي تۈركىستانمۇ؟ ئۇلۇسمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئىندىجىنىس (يەرلىك مىللەت) مۇ-ئەمەسمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار قويۇلغان قورام تاشلار توسۇپ قالالمايدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر مىللىي قىرغىنچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ يانغىن يۈز بەرگەن جايدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شىددەت بىلەن تېز ئېقىپ كېتىۋاتقان بىر دەريا. ئۇ ئۆزىگە تاغلاردىن، يانلىرىدىن، قىرغاق ۋە ساھىللىرىدىن، لەھەگلىرىدىن ... ئۇرۇلغان ئۇرۇلۇشلارغا پىسەنت قىلماي، ئۇدۇل يانغىن يېرىگە قاراپ ئاقماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ دۇنياغا جىددىي قۇتقۇزۇش سىگنالى چېلىشى بىلەن، جازا لاگېرى قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 2018-يىلى 8-ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش ئاۋازدا «بىر مىليون ئۇيغۇر خىتاي جازا لاگېرىدا» دېگەن ئاۋازنى چىقاردى. دۇنيادا ئۇيغۇر چىقارغان ئاۋازنىڭ كۈچىگە قارىغاندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چىقارغان ئاۋازنىڭ كۈچى ئەلۋەتتە باشقىچە بولاتتى. بۇ ئاۋازنى، بۇ سادا، بۇ نىدانى دۇنياغا جاكارلىغان كىشى ئۇيغۇرلارنىڭ دوستى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوگلاس خانىم ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغان تۆت يىلدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خادىملىرى بىلەن 354 قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈشۈش ئېلىپ باردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنلىرىغا 75 قېتىم قاتناشتى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقتىنى، زېھنىنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققان بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئىش قىلىۋاتقان باش تەشكىلاتى. چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ كۈچى ئاجىز. بىز ئۈمىد بىلەن كۈتكەن ئادالەت مەنپەئەت دېگەن نەرسىگە ئاللىقاچان تەسلىم بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ مېۋىلىرى ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە ئېتىلىمىزگە تۆكۈلىدۇ، ئىنشائاللاھ.

2021- يىلى 22- نويابىر

# پىراگا تەسىراتلىرى (2)

## تورونتو ـ پارىژ ـ پىراگا يولىدا ئويلىغانلىرىم (2)

### مۇقەددىمە

ئوقۇرمەنلىرىمگە شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئەمەسمەن. د ۇ ق نىڭ پىراگادا ئېچىلغان 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ بارمىدىم. مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىراگادا ئېچىلغان 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۈچۈن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ ئىككى پارچە تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم. بۇلارنىڭ بىرى، شەرەپ مېھمىنىلىق تەكلىپنامىسى. يەنە بىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن چەتئەلدىكى يازغۇچىلار ئۈچۈن يازغان كىتابلىرىنى ئىمزالىق سېتىش ياكى تارقىتىش مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىم ھەققىدىكى تەكلىپنامە ياكى باغاقچە ئىدى.

تۆۋەندە مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چاقىرغان 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايىنى قىسقارتىپ پىراگا ئۇچرىشىشى دەپ ئالىمەن. شۇنداق، قولۇمدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن تاپشۇرۇۋالغان ئىككى پارچە تەكلىپنامە تۇرۇپتۇ. پىراگاغا بارىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىشتىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن بۇ ئۇچرىشىشقا بېرىشتىكى مەقسىتىمنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىم كېرەك دەپ ئويلىدىم ۋە ئايدىڭلاشتۇردۇم. مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن، يەنى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ مەنپەئەتلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەيداندا مېنىڭمۇ بولۇشۇمنى

ئەخلاقى، ۋىجدانى ۋە ئىنسانىي بۇرچۇم دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يىغىنغا بېرىشنى قارار قىلدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە تەشكىلات دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. پەقەتلا ئۇيغۇر دەۋاسى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى مەۋجۇت. شۇڭا مېنى ئۇيغۇر دەۋاسى ياكى ئۇيغۇر مەنپەئەتى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ھەرقانداق ئورۇنغا ھەرقانداق تەشكىلات تەكلىپ قىلسا قىلچە ئىككىلەنمەي بېرىشقا تىرىشىمەن. مەن ۋە ئائىلەم 2010-يىلىدىن ئېتىبارەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چوڭ-چوڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ كەلدۇق. ھەر قېتىم يىغىنغا بېرىشتىن بۇرۇن، يىغىنغا قاتنىششتىكى مەقسىتىمىز، نىشان ۋە غايىلىرىمىزنى بىر قېتىم «ئابدەيىت» قىلىپ، يەنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇردۇق. يىغىنغا بېرىشتىكى ئەڭ ئالىي مەقسىتىمىز ئۇيغۇر مۇستەقىللىق دەۋاسى ئۈچۈن پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچە ئىشلەپچىقىرىشتا بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەردىن رەنجىگەن ۋاقىتلىرىمىز بولغان بولسىمۇ، سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ «ئادەملەردىن رەنجىمە كۆڭلۈم» دېگەن ناخشىسىنى بولۇشىغا ياڭرىتىپ قايتىپ كەلدۇق، بولغان رەنجىشلەرنى ئۇنتۇپ كەتتۇق ياكى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتۇق.

پىراگا ئۇچرىشىشىغا بېرىشقا مېنى ئالاھىدە ئالدىراتقان يەنە بىر نۇقتا، جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى دۈمبىسىگە ھاپاش قىلىپ قىتئەلەر ئارا ئۇچۇش رېكورتىنى بۇزغان، ۋەتىنى ۋە خەلقىنى جازا لاگېرلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھەرقانداقىمىزدىن بەكرەك جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئائىلە دوستىمىز، ئائىلە ساۋاقدىشىمىز، مەكتەپدىشىمىز، بۇندىن 36 يىل بۇرۇنقى 12-دېكابىر ئاق

يېغىنلىق ئۇرۇمچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار نامايىشچىلار سېپىمىزنىڭ كۈرەشچىسى دولقۇن ئەيسانىڭ ئالىمىز نامىدىن مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىش، تەبرىكلەش شۇنداقلا دوستۇم زۇبەيدە شەمسىددىن، روشەن ئابباس، نۇرى تۈركەل، ئۆمەر قانات ... ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر دەۋاسى كۈرەشچىلىرىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. غەرب قىممەت قاراشلىرىدا ھەرقانداق نەرسىگە باھا بېرىش، تارازىغا سېلىپ تارتىشتىن بۇرۇن «بۇ نەرسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك قانداق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بار؟» دېگەن نەرسە ئەڭ باشتا كېلىدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولماي تۇرۇپ، ئىنكار قىلىشقا يوللار ئېچىلمىغان بولىدۇ. ئۇيغۇر مۇستەقىللىق دەۋاسى يولىدا خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن گەندىلىرىمىز، مارتىن لۇتىر كىڭلىرىمىز، مۇستاپا كامالىرىمىز چىقىشى كېرەك. دولقۇن ئەيسا ئەنە شۇ يولدا كېتىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك دەۋا كىشىلىرىنىڭ بىرى.

مېنى پىراگا ئۇچرىشىشىغا بېرىشقا جەلپ قىلغان يەنە بىر نۇقتا، مېنىڭ قەلەمگە ئېلىشىم بىلەن روياپقا چىققان «5-فېۋرال ئارخىپلىرى» 1- ۋە 2-كىتاب شۇنداقلا «دونكىخوت ۋە سانچوپانزا ئۇيغۇرلار» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى پىراگا ئۇچرىشىشىغا كەلگەن ۋەكىللەرگە ئۆز قولۇم بىلەن ئىمزالىق تارقىتىش ئارقىلىق، ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسى ياكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ياكى ئۇيغۇرىستان دەۋاسى يولىدىكى پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچە، ئويلىنىش، باش قاتۇرۇشلىرىمنى بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ سەرخىللىرى بىلەن ئورتاقلىشىش ئىدى. بىر قەلەمكەش يازغۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك.

شۇنداق، نۆۋەتتىكى كېسەللىك سەۋەبىدىن 3 سائەت بۇرۇن تورونتو ئايرودۇرۇمىغا بېرىش، تورونتودىن پارىژغا 8 سائەت ئۇچۇش، پارىژ ئايرودۇرۇمىدا 8 سائەت ساقلاپ پارىژدىن پىراگاغا ئۇچۇش، مېھمانخانىغا كېلىش، كىتاب يەرمەنكىسى پائالىيىتىگە قاتنىشىش، كەچلىك تاماق، دوستلار بىلەن پاراڭلىشىش قاتارلىق ئىشلارنى تاماملاپ، ئۇخلاش كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىغان ۋاقتىمدا، ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتكىنىمگە دەل 28 سائەت بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. بۇنىڭغا بىلەت باھاسىنى، كورۇنا تەكشۈرۈشلىرىنى، بىرقانچە كۈن ئىشقا بارالماسلىقنى قوشقاندا ناھايىتى زور شەخسىي يوقىتىش ئالدىمدا تۇراتتى. شۇ منۇتلاردا ئۆز-ئۆزۈمدىن سوئال سوراپ قالدىم. ئەجەبا، كەلمەي نەق مەيداندىن تارقىتىشنى توردىن كۆرگەن بولسام ياخشى بولارمىدى؟

مەن بىلەن دولقۇن ئەيسا قاتارلىق ئۇيغۇر دەۋاسى سېپىدىكى سەرخىللارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇلار ھېچقاچان بۇنداق شەخسىي ھېساب-كىتابنى قىلىپ باقمىغان كىشىلەر ئىدى. شۇ چاغدا مەن يەنە، مەردلىك ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەردلىك كەلىمىسىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويدى. بۇرۇنقى زامانلاردا مەردنى مەيداندا سىنا دەيدىغان گەپ بار ئىدى. كىشىلەر دۇئىبلغا چىقىپ مەردلىكنى دۇنياغا ئىبلان قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى نۇرغۇن مۇساپىلەر بېسىپ نەق مەيدانغا كېلەتتى. ھازىر مەردكە مەيدان يوق. كىشىلەر ئىجتىمائىي تارتقۇ مۇنبەرلىرىدىن ئىبارەت ئادەم پارىنكلىرىغا كىرىۋېلىپ، چىقە ئالدىمغا، چىقە قارشىمغا، مەرد بولساڭ ئېكرانغا چىقە... دەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار بۇ پارىنكلاردىن چىققان ھامان قۇرۇپ قالاتتى. بۇرۇن مەردلەر ئىنقىلاب ۋە كۈرەشلىرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا ھايات-ماماتلىق سىناقلار ئارقىلىق ئېلىپ باراتتى.

ھازىر ئىجتىمائىي تارتقۇ پارىڭىگە كىرىۋېلىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئارقىسىدا گەپدانلىق قىلىدىغان، ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىدىغان مەدداھلار كۆپىيىپ كەتتى. مەردلىك ۋە نامەردلىك ھەققىدە سۆز بولغاندا مەن يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر ئىلاۋىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بىرىنچى ئىلاۋە: ھىندىستاننىڭ چوڭ يوللىرىدا، ئەگەر بىرمۇنچە كالا يولنى توسۇپ ئولتۇرۇۋالسا، بۇ كالىلارنى ھەيدىۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھىندىستاندا كالىلار خۇدا. خۇدانى قوغلاشقا بولمايدۇ.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي بىر پەيتتە، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق دەۋاسىنىڭ چوڭ يولىدا ھىندىستان كوچىلىرىدا يولنى توسۇپ ئولتۇرۇۋالغان كالىلاردەك يوغان چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغان بىر نەرسە پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىسمى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دەپ شوئار توۋلاۋاتقان خەلق ھەرىكىتى.

تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، بۇ ھەرىكەتتە يىللاردىن بۇيان خىتايغا مەنسۇپ بولغان بۇ «خەلق ھەرىكىتى» كەلىمىسىنى مازاق قىلىپ، «خىتايدا ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىغا خەلق كېلىدۇ. مەسىلەن، خەلق دوختۇرخانىسى، خەلق ئەسكىرى، خەلق ساقچىسى، خەلق باغچىسى ۋەھاكازا... ئەمما بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى خەلققە مەنسۇپ بولۇپ باقمىغان» دەپ ۋەز ئېيتقان، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ ۋەزلىرى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى «مىللىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى جاناب» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان جانابلارمۇ بار. ئەي مەردلىك بىلەن نامەردلىك! ئالدىنقىسى پېتىۋاتقان قۇياشتەك، كېيىنكىسى دېڭىز قويۇنىدەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر دەۋردە تۇرماقتىمىز.

ئىككىنچى ئىلاۋە: ئەينى چاغدا ئۆز تەشكىلاتىنىڭ چايچىلىقى ئۈچۈنمۇ، بەزى كىشىلەرنى 2017-يىلى جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇپ، ۋەتەن ئاسمىنىدىن قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ۋەتەندىن خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ قانداق چىقتى؟ دەپ سوئال قويۇپ، «بۇنداق گۇمانلىق كىشىلەرنى تەشكىلاتىمىزنىڭ چايچىلىقىغىمۇ قوبۇل قىلمايمەن. چۈنكى مەن مىللىي سەزگۈرلۈكى ئالاھىدە يۇقىرى جانابمەن» دەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا قارشى خەلق ھەرىكىتىدە بىرلەشكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ تۇرۇپتىمىز. ئاھ نامەردلىك، ئاھ ئىككى يۈزلىمچىلىك! سەن بارغانچە قەدەملىرىمىزدە بىر يۇتۇلۇشۇپ تۇرىدىغان ھالغا كەلدىڭ.

ئەر باشقا ئەركەكلىك باشقا، ئالدىنقىسى بىر جىنس پەرقى، خالاس. دۇنيانى ئادالەت، گۈزەللىك ۋە مەردلىك بىلەن بېزەپ كېلىۋاتقىنى كېيىنكىسى. ئى ئاللاھ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەركەكلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن شەرەپلەندۈرگىن.

## قەلەم ھەققىدە بايانات

قەلەم تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان ئاشىق. قەلەم بەدەن ئاتلىق ساڭا تەۋە بولغان بۇ خاس ۋەتەنىنىڭ ۋىجدان، غۇرۇر، روھ ۋە ئەقىل دەيدىغان رايونلىرىدا تۇغۇلىدىغان ۋە كۆكلەيدىغان، بەدەن ئۆلگەن تەقدىردىمۇ دېڭىزدىكى يوسۇنلاردەك پارلاپ تۇرىدىغان نەرسە.

ئەمەل پېيىدا ئەمەسمەن، ئەمما دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئەمەل ئالغان دوستلىرىمنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئەمەل كويىدا ئەمەسمەن، ئەمما ئەمەل ئالغانلارنىڭ

پېشىدىمەن. شۇڭا ئىچىم راھەت، قەدەملىرىم مەزمۇت.

قەلىمىم ئەمەلىم مېنىڭ. قەلىمىم بەرگەن ئەمەللىرىم بىلەن ئالدىراشمەن. شۇڭا ئادەملەر تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئەمەللەر پېيىدا مەن يوق. قەلىمىم بەرگەن ئەمەل ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئالدىدا ئۆمرۈم قىسقا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مىراسلىرىم بار بۇ ئەمەللەردىن ئانچە - مۇنچە خەت ئوقۇيالايدىغانلارغا...... قەلەم مەن ئۈچۈن بىر يانار تاغ. يانار تاغ ئۇزۇن يىللار تاغنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا دەرىجىدىن تاشقىرى سىقىلىش ۋە قىستىلىشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، دەسلەپتە ۋولقان دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە قىپ-قىزىل ئوت دېڭىزى شەكىللەندۈرۈپ، تاغ ۋە ئېدىرلارنى بويلاپ ئۆملىگەن ۋە سەنتۈرۈلگىنىچە ئۆزىنى ئاتىدىغان دېڭىز-ئوكيان ئىزدىگەن، يەنە بىر ئىسمى لاۋا دەپ ئاتالغان، دېڭىز-ئوكيان قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ئوت ۋە لاۋىدىن بىراقلا يەنە زېمىنغا ئۆزگىرىپ، ئىنسانىيەتكە چەكسىز كەتكەن دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ دەل كىندىكىدە يېڭى بىر زېمىن شەكىللەندۈرۈپ، ئوت، ئاتەش، مەشئەل بولۇشتىن ئانا زېمىنغا ئۆزگىرەلەيدىغان نەرسە. بۇ بىز ئۈچۈن ئاددىي كۆرۈلگەن يانار تاغنىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋە ئەڭ مۇھىم ئىسمى زېمىندىكى ئايەت. ئايەت دېمەك بېشارەت دېمەكتۇر. دۇنيادىكى قەلەملەر بىلەن قەلەملەر بىرلىشىپ، تۈرلۈك پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچە ۋولقانلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ئېقىپ، بىزنى يېڭى زېمىن ۋە ئانا تۇپراقلارغا باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا قەلەممۇ بىر ئايەت. يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرىتىپ خەت يازغان كىشى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدۇر. دېمەك، قەلەم بىزگە ھەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدىن مىراس ۋە يادىكاردۇر.

شۇنداق قەلىمىم ئەمەلىم مېنىڭ. قەلىمىم گۈل تاجىم مېنىڭ.

ئۇنىڭ بىر ئۇچى يىۈرەككە، بىر ئۇچى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا، يەنە بىر ئۇچى ۋەتەنگە تۇتاشقان. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە تەۋرىگەن قەلەم بولسا ئۇ مېنىڭ قەلىمىم ئەمەس.

شۇنداق پىراگا ئۇچرىششى ۋە بۇ ئۇچرىششتىن كېيىن ماڭا بەكرەك تەسىر قىلغان نەرسە مەردلىكنىڭ خۇنۇكلىشىپ بېرىشى. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق ئىلاۋە قوشۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئۈچىنچى ئىلاۋە: شۇنداق، ئىنسانىيەت كومپيۇتېرى دەۋرىگە كىرىشى بىلەن مەردلىك كەلىمىسى بارغانچە خۇنۇكلىشىپ، 40-30 كىشىنىڭ تەيىنلەپ قويۇشى بىلەن تەشكىلات رەئىسى بولغانلار ھەممىدە بۇ كاتەككە يا تۇخۇم تۇغماي يا كاتەكنى بوشاتماي ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئولتۇرۇۋالغاندا، باشقىلار ئۈچۈن خەلق ھەرىكىتى، خەلق سايلىمى جېدىلى قىلىدىغان نامەرد بىر دەۋردە تۇرماقتىمىز. چەتئەللەردە ئومۇمىي خەلق سايلىمى قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە مەرد مەردانە، سەممىي، ساختىپەزلىكتىن، ئىككى يۈزلىمىچىلىكتىن خالى سايلام بوپتۇ دەپ گۇررىدە توپلىشىپ كېلىدىغان سەرخىل بىر جامائەت قوشۇنى بولۇشى كېرەك. مەن ئىمزا توپلاش تەسىراتلىرى ناملىق چاتما مۇلاھىزە ماقالەمنىڭ 4-قىسمىدا چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسى ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر جامائىتىنى دېڭىزنىڭ ئاستىغا ئوخشاتقان ئىدىم. دېڭىزنىڭ ئاستىدا مەرۋايىتلار، قۇملار، ئېسىل نەسىللىك بېلىق تۈرلىرى، مارجان خادا تاشلىرى، زەھەرلىك چايانلار، ئادەم چاقىدىغان لىغىرداق بېلىقلار، لەھەڭلەر، ئەخلەتلەر ... قاتارلىق ھەممە نەرسە بولغىنىغا ئوخشاش ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ ئەبجەش بىر جەمئىيەت. بۇنداق جەمئىيەتتىكى خەلق سايلىمىنىڭ راستچىل ۋە توغرا بولۇشىنى شۇنداقلا سايلام بىلەت مەيدانىغا تولۇق كېلىشىنى

كاپالەتكە ئىگە قىلىش بەسى مۇشكۈل مەسىلە.

شۇڭا ئۇيغۇر دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنى سايلىغاندا، قىلىنغان ھەر بىر ئەمەلىي ئىش، بېسىلغان ئەمەلىي قەدەم، قىلىنغان ئەمەلىي نۇتۇقلار سايلام بېلىتى بولۇپ ئوتتۇرىغا تاشلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغان كومپيۇتېرى پارنىكىگە كىرىۋېلىپ دەۋا قىلىدىغانلار بىلەن، خۇددى يالاڭ ئاياق ھىندىستاننى ئايلىنىپ ۋەتەن دەۋاسى قىلىدىغان گەندىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى، مەردلەر بىلەن نامەردلەرنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

# پىراگا تەسىراتلىرى (3)

## 1 ـ بىر چالمىدا ئۈچ پاختەكنى سوقۇش

چەتئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۈمىد ـ ئارزۇ ۋە كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خۇشاللىقلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئورتاق بىر قايغۇ ھەسرىتى باركى، ئۇ بولسىمۇ ۋەتەنگە بارىدىغان يولنىڭ قىزىل چىرىغىدا مىللەت سۈپىتىدە توختاپ قېلىش، قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ تەرىپىدە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەسلىك.

كىشىلەر تەرىپىدىن ياۋروپانىڭ قەلبى، ئالتۇن شەھەر، رومانتىك شەھەر، ئەڭ بەختەر شەھەر دەپ قارىلىدىغان چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پىراگا كوچىلىرىدا يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشتىكى مەقسەت ۋە مۇددىئالىرى ئوخشىمايدىغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر رومانتىك شەھەرنىڭ مەنزىرىلىرىنى، قەدىمى ئىمارەتلەرنى، چارلىز كۆۋرۈكىنى، يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىنىڭ يالدامىسى بولغان يەھۇدىي مۇزېيلىرى ۋە يەھۇدىي جازا لاگېرلىرىنى كۆرۈش، تارىختىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن؛ بەزىلەر سۇدىنمۇ ئەرزان پىۋىنى قانغىچە ئىچىپ، بۇ بەختەر شەھەرنىڭ ھەممە قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە چۆكۈپ ئىچكى دۇنياسىنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى بۇ مەرد، مەردانە شەھەرگە تۆكۈۋېتىپ يېڭىلىنىش ۋە يېنىكلەش ئۈچۈن كېلىشى مۇمكىن.

شۇنداق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىراگادا چاقىرىلغان 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا شەرەپ مېھمىنى ۋە كىتابلىرىنى ئىمزالىق

تارقىتىش ياكى سېتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كېتىۋاتىمەن. پىراگاغا يولغا چىقىشتىكى يەنە بىر مەقسىتىم بۇ شەھەردىكى بىر قەبرىنى ۋە بۇ قەبرە ئىچىدە ياتقان كىشىنىڭ خاس مۇزېيىنى زىيارەت قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىدى. يەنى بۇ مەقسىتىمنى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، «گۈل زاراڭزا بانىسىدا سىز خېنىمنى كۆرگىلى...» بولغان بولاتتى. ياكى بىر چالمىدا ئۈچ پاختەكنى سوقۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇلار 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا قاتنىشىش، كىتاب تارقىتىش ۋە قەبرە زىيارىتى ئىدى. چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پىراگا شەھرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ياتقان بۇ زاتنى زىيارەت قىلىش ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان مەقسەتلىرىمنىڭ بىرى ئىدى.

## 2-فرانز كافكا موزېيىدىمەن

ئەلۋەتتە، پىراگاغا كېلىپ، ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان، قەلەم تۇتقان ھەر بىر كىشىنىڭ توختاپ ئۆتۈشى كېرەك بولغان 20-ئەسىر تەقلىدچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى، ئىنسان روھىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنگەن فرانز كافكانىڭ مۇزېيىغا بارماي قايتىش، مەن ئۈچۈن تولىمۇ زور كۆڭۈلسىزلىك بولغان بولاتتى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بىر چۈشتىن كېيىن، يىغىندىن ئاستا سىيرىلىپ قاچتىم. ئۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى.

پىراگا شەھرىنىڭ 40% ئاھالىسى دىنسىز. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەر 10 شەھەرنىڭ بىرى. ھەرقانداق بىر دىنغا بولغان ئەقىدىسى ئىنتايىن ئاجىز، ئەمما

ئىنسانلىققا بولغان ئېتىقادى ئەڭ كۈچلۈك دەپ تەرىپلىگەنىدى پىراگا شەھىرىنى «گۈگۈل دادام».

شۇنداق قىلىپ بىر تاكسىغا ئولتۇردۇم. فرانز كافكا مۇزېيىغا 10 مىنۇتچە ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ كەلدىم. تاكسىچىدىن مېنى ساقلاپ تۇرۇپ-تۇرمايدىغانلىقىنى سورىدۇم. تاكسىچىنىڭ ئىنگلىزچىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئۇ ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاكسىچى مېنى مېھمانخانىدىن فرانز كافكا مۇزېيىغا 7 ياۋروغا ئاپىرىپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا قايتىش پۇلى ۋە يەنە ئۈستىگە ئازراق چاي پۇلى بولۇپ 20 ياۋرو بېرىپ، كافكا مۇزېيىغا كىرىپ كەتتىم. ئالاھەزەل 20 مىنۇتتىن كېيىن چىقسام تاكسىچى مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مېھمانخانىغا سالامەت كېلىۋالدىم. «پىراگا راستتىنلا گۈگۈل دادام ئېيتقانىدەك بەختەر شەھەركەن جۇمۇ! دىنغا ئانچە ئېتىقاد قىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر ياشايدىغان بىر شەھەردە ياغلىق چەككەن بىر مۇسۇلمان ئايال ئۆزى يالغۇز، يەنە كېلىپ تاكسى بىلەن روھى ئازادىلىك ئىچىدە مەنزىلگە بېرىپ كېلەلىگەندىن كېيىن...» دەپ پىچىرلىدىم ئۆز-ئۆزۈمگە. «ئەگەر شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلۇپ قالسا، مانا مۇشۇنداق ئاياللار ئەركىن ۋە ھۆزۈر ئىچىدە شەھەرلەرنى ئايلىنالايدىغان بىخەتەر بىر دۆلەت قۇرىمىز، ئىنشائاللاھ» دەپ پىچىرلىدىم يەنە ئۆز-ئۆزۈمگە.

فرانز كافكانىڭ «ئۆزگىرىپ كېتىش» ناملىق 70 بەتلىك كىتابىنىڭ تۈركچە نەشرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يەھۇدىي يازغۇچىسى فرانز كافكانىڭ ئىنسان روھىيىتىنى بۇ قەدەر ياخشى بىلگەنلىكىگە شۇنداقلا تەقلىدى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا ئاپىرىن ئېيتقان ئىدىم. شۇنداقلا ئۇ ياراتقان قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغان گروگەر سامسا ئوبرازى، دۇنيادىكى ھەر خىل تىلدە سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنى ھەيران قالدۇرغىنىدەك مېنىمۇ نۇرغۇنلىغان

ھەيران قىلىش ۋە ئويلىنىشلارغا غەرق قىلغان ئىدى.

## 3 ـ ئاللىقاچان گروگەر سامسا تەقدىرىگە دۇچار بولغان ئۇيغۇرلار

ئائىلىسىنى قامداشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالغان گروگەر سامسا، بىر سەھەر قورقۇنچلۇق چۈشلەردىن ئويغانغىنىدا ئۆزىنىڭ ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ بۆگۈن چوقۇم ئىشقا بېرىشىم كېرەك بولمىسا ... دېگەن بىرمۇنچە ۋەھىملەر ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوڭغۇزغا خاس قول ۋە پاچاقلىرى يوتقاننى ئاچالمايدۇ. گروگەر سامسا دادىسى، ئاپىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ «گروگەر ئىشىكنى ئاچ!!!...» دېگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ تەمشىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئىشىكنى ئاچالمايدۇ. گروگەر ئەندىشە ئىچىدە سائەتكە قارايدۇ ۋە ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن جىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تېپىرلايدۇ، ئەمما ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ھاياتتا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان بىر كىشى، جەمئىيەتتە ياخشى ئادەم ياخشى بىر ئىشچى بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئىنكار قىلىنىپ، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە تۇپلۇق تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش سەۋەبىدىن، ئاللىقاچان قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

شۇنداق، ئىنكار ۋە سەپسەتەنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بىر ئىنساننى، بىر تۇپلۇقنى قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. خۇددى 20 ـ ئەسىر دۇنيا تەقلىدچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ پارلىغان يۇلتۇزى پىراگادا تۇغۇلغان يەھۇدىي يازغۇچىسى فرانز كافكانىڭ قەلىمى بىلەن روياپقا چىققان «ئۆزگىرىش» ناملىق ئەسەردىكى باش قەھرىمان گروگەر

سامىسىنىڭ بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش. فرانز كافكانىڭ 1912-يىلى يېزىلىپ، 1915-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئۆزگىرىش» ناملىق 70 بەتلىك بۇ سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى 70 يىلدىن بۇيان دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەر تاجىسى ئاستىدا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان ئەسەر بولۇپ، يەھۇدىي جەمئىيىتىدىكى ئىنكارچىلىق، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئېتىراپ قىلىشنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئىنسانلارنىڭ بارغانچە بىر قوڭغۇزغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى قاتتىق قامچىلانغان. ئەسەرنى 70 يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلۇقتىن ياكى ئىنسانلىقتىن ئۆزگىرىپ قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەقلىد قىلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ.

شۇنداق، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش يولىدىكى بۇ قاراڭغۇ بەش يىلدا، ئۇيغۇرلار، فرانز كافكا ياراتقان بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغان گروگەر سامسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىشى ئىككى شەكىلدە ئەمەلىيلەشكەن. يەنى بىرىنچىسى، ئايلاندۇرۇپ قويۇش؛ ئىككىنچىسى، ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىپ قېلىش. ئالدىنقىسى چالما-كېسەك قىلىپ ئايلاندۇرۇپ قويۇش؛ كېيىنكىسى بولسا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، جىمجىت سۈكۈنات ئىچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىش. بۇ خىلدىكى ئۇيغۇرلار قىرغىنچىلىق توغرىسىدا بىر ئىشلار قىلماقچى بولۇپ تەمشىلىدۇ-يۇ، ئەمما ئالىلىقاچان قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن چارىسىز قالىدۇ. خۇددى بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغان گروگەر سامسىنىڭ «چوقۇم ئىشقا بېرىشىم كېرەك، ئائىلەمنى بېقىشىم كېرەك» دېگەن غايەت زور ئەندىشە بىلەن تېپىرلاپ

يوتقاننى ئاچماقچى بولسىمۇ، ئەمما قوڭغۇز پاچاقلىرى بىلەن يوتقاننى ئاچالمىغىنىدەك.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا قارىتا ئىمزا توپلاش ئورنىغا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان، يەنە كېلىپ ئەڭ ئاكتىپ كۈرەش قىلىۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقى» ھەققىدە ئىمزا توپلاشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئۆز ۋارتاسىغا ئۆزى توپ ئۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ياتلىششى، باشقىلىششى، قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ، ھەتتا ئاللىقاچان ئايلىنىپ بولغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

باشقىلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى دۇنيا ئادالىتى ئۈچۈن قوللىنىشقا تىرىشىۋاتقان بىر پەيتتە، يۈز بىتىبىك (facebook) ۋە يۇتۇب قاناللىرىغا چىقىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سەت سۆزلەر بىلەن ئادەم تىللاشلار، شەخسىي سىرلىرىنى ئېچىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەھدىتلەر، ھاياسىز ئىبارىلەرنى كەڭرى ئىشلىتىش، ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سەت سۆزلەر، ئەرلەردىكى نامەردلىكلەر، باشقىلارنىڭ شەخسىي خانىسىغا 6-5 يىل ئىلگىرى قىلىنغان سۆزلەرنى كېسىپ ئۇلاپ، شۇ كىشىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سازايى قىلىشنىڭ دەسمايىسى قىلىش، ئەخلاقنىڭ گۇمران بولۇپ رەزىللىكنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى، بۇ خىل رەزىللىكلەرنى ئاقلايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ، بۇ رەزىللىك دېگۈچىلەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلىشى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى 20-ئەسىر دۇنيا تەقلىدچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ باش تاجى يەھۇدىي يازغۇچى فرانز كافكانىڭ قەلىمى ئاستىدا، بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغان دەل گىروگەر سامسىغا ئايلاندۇرۇلۇپ

قويۇۋاتاتتى. بۈگۈن ۋە ياكى بەك كېچىكسەك ئەتە، بىز بىر ئۇيغۇر گىروگەر سامسا، يەنى قوڭغۇزغا ئايلانغان ئادەم بولۇشىمىز مۇمكىن.

يەھۇدىي يازغۇچىسى فرانز كافكانىڭ قەلىمى ئاستىدا روياپقا چىققان تۈركچە «دۆنۈشۈم»، ئۇيغۇرچە «ئۆزگىرىش ياكى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە ياكى باشقىلىشىش، ياتلىشىش»ناملىق بۇ ئەسەردىكى تەقلىدى ۋە سىمۋوللۇق ئۇسلۇب، ئەينى چاغدىكى گەرچە ئادەمدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ماھىيەت جەھەتتە قوڭغۇزغا ياكى قۇرۇتقا ئايلىنىپ قالغان، بىر-بىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئىشچى-خوجايىنى ئۈچۈن قانچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسىمۇ خوجايىنىنى رازى قىلالمىغان، بالىسى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇن نەچچە سائەتلەپ ئىشلىسىمۇ، ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلالمىغان رەھىمسىز يەھۇدىي جەمئىيىتىنى قاتتىق پاش قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەقلىد قىلىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ.

فرانز كافكا قەلەمگە ئالغان «ئۆزگىرىش» ناملىق ئەسەردىكى بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغان گىروگەر سامسىنىڭ تەقدىرى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزگە ئوخشىماي قالغان كىشىلەرنى مەيلى ئۇ ئۆز ئانىسىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق پەرزەنتى ياكى باشقا ئائىلە ئەزاسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى سۈپۈرۈپ ئەخلەتكە تاشلىۋەتمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ قاراڭغۇ ۋە رەزىل تەرىپىنى پاش قىلىپ بېرىدۇ.

گىروگەر سامسا بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئامراق سىڭلىسى بۇ تىراگېدىيەدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنى ئائىلىسىنىڭ

جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى تۆكتى دەپ قارايدۇ. ئاخىرىدا قوڭغۇز گىروگەر سامسىنى سۇپۇرۇپ ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋەتكەن ئائىلە خىزمەتچىسى، ئەمدى بۇ ئائىلىدە گىروگەر سامسا ئىسىملىك بىر قوڭغۇزنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

گىروگەر سامسا تىراگېدىيەسى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەيلى سياسي كۆز قاراش ۋە ياكى كىيىنىش جەھەتتە شۇنداقلا مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزگە ئوخشىماي قالغان كىشىلەرنى گەرچە ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، ئەتىۋارلىق ئوغلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چەتكە قاقىدىغانلىقى ۋە قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىدەك بىر تىراگېدىيەنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

قېنى، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى لەپىلدىتىپ، چەمەن دوپپا، بادام دوپپىلىرىمىزنى، ئەتلەس كۆينەكلىرىمىزنى كىيىپ، «شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق!» دېگەن شوئارلىرىمىزنى بولۇشىغا توۋلاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ياقىسىغا، ھېلىقى نەرسە نەدە، ماۋۇ كىتابنى نېمشكە نەشر قىلدۇرمىدىڭ؟ نېمشكە ئۇلۇس دېمەي ئۇيغۇر دەيسەن، نېمشكە زېمىن دەۋاسى دېمەي مىللەت دەۋاسى دەيسەن، نېمشكە ئىندىجنۇس يىغىنىغا قاتنىشىسەن، يوقالسۇن ئۇيغۇرچە ھۆججەت ۋە ماتېرىياللاردىكى شۇنداقلا ئۇيغۇر سوتىدىكى ئىندىجنۇس دېگەن ئىبارە! ب د ت ئۇيغۇرلارنى ئىندىجنۇس كاتېگورىيەسىدىن چىقىرىۋەت! سەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارنى ئىندىجنۇس دېگەن بولغاچقا خىتاي جازا لاگېرلىرىنى ئېچىپ ئاتا ـ ئانامنى سولاپ قويدى ... دەپ چىڭ ئېسلايلى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆۋە ـ دۆۋە ئىمزالىرىمىزنى يوغان ئات ـ ئۇلاغلارغا بېسىپ، ب د ت، ئې ن د، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ دەرۋازىلىرىنى «ئۇيغۇر ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بىز بوشلۇقتا لەيلەپ قالغان بىر

مىللەت» دېگەنچە ئىنتايىن قاتتىق قاقايلى، خەلقى ئالەم ھەيران قالسۇن. قېنى خالايىق!!! دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى چالما ـ كېسەك قىلىدىغان تاش ۋە چالمىلىرىمىزنى تەييار قىلايلى. شۇنداق بىر چالما ـ كېسەك قىلايلىكى، ئەييۇ ھەنناس، خۇددى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بايلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن چالما ـ كېسەك قىلغاندەك بولسۇن. خىتاينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر ـ ئۇر قىلغاندەك ئۇر ـ ئۇر قىلىشىۋېتەيلى، ئاغزىمىزغا ئېلىپ چايناپ پۈركۈۋېتەيلى... يەنە قانداق مۇھىم ئۇسۇللار بار داۋاملىق ئويلىنىپ تۇرايلى.

نەتىجىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى تۈگمەس تاپا ـ تەنىلىرىمىز بىلەن، خۇددى گروگەر سامسادەك بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويايلى، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ قورغىنىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قوغدىغۇچىلىق قىلغان كىشىلىرىمىزنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلايلى، سابىت داموللامنى باغلاپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ بەرگەن چاغدىكىدەك بوش باغلىنىپ قالمىسۇن. بۇ جەرياندا تارىختا سۇيىقەستلەرنىڭ قانداق قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىرىمىزنى بالىلىرىمىزغا ۋە دۇنياغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرگەچ، ئۇ سۇيىقەستلەرنىڭ شوۋىنگۈرۈچىغا ئاشكۆكى سېپىپ بېرەيلى. ئاندىن بىز يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى «نېمە ئۈچۈن قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالدىڭ؟» دەپ سوراققا تارتايلى ۋە بىرگە ئوخشىماي قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى سۈپۈرۈپ ئاپىرىپ ئەخلەت چېلىكىگە تاشلىۋېتەيلى. ۋەتەن ئىچىدە ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت خىتاي جازا لاگېرلىرىدىن چىقالماي تۈگەشكەن بولسا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار خۇددى گروگەر سامسا قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغاندەك بىر ـ بىرىمىزنى قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇپ ۋە يەنە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى سۈپۈرۈپ ئەخلەت چېلىكىگە تاشلىۋېتىدىغان ئىشنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ، ھەر بىرىمىز بىردىن گروگەر سامسا بولۇپ تۈگىشەيلى.

پىراگا ـ ئامستېردام ـ تورونتو سەپىرىمدە، 20 ـ ئەسىر تەقلىدى ئەدەبىيات پېشۋاسى فرانز كافكا بىلەن پىچىرلىشىپ چىقتىم. «ئەي كافكا... كافكا سەن ئەسلىدە بۇ ئەسەرنى بارغانچە ئادىمىيلىكتىن چەتنەپ قوڭغۇزغا ئايلىنىش بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يازغان ئىكەنسەن» دەپ پىچىرلىدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە.

شۇنداق، قەلەم بىر مەشئەل قاراڭغۇ ئورمانلارنى يورتىدىغان، قەلەم بىر لاۋا ئۆزىنى ئاتىدىغان دېڭىز ـ ئوكيان ئىزدەپ تاغ چوققىلىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئۆملەيدىغان. قەلەمنىڭ تەۋرىشى زېمىننىڭ تەۋرىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى زېمىن تەۋرىگەندىن كېيىن، يەر زېمىننىڭ بىر سىلكىنىش بىلەن يېڭىلانغىنىدەك كافكا قەلىمىنىڭ بىر تەۋرىشى ھاسىل قىلغان، بىر ئادەمنىڭ بىر كېچىدە قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئىبارەت تەنقىدى تەقلىدچىلىك ئۇسلۇبى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىنسانىيەت روھىيتىنى تەۋرىتىپ كەلمەكتە.

قەلەمنىڭ، قەلەمكەشنىڭ ۋە قەلەم پەيدا قىلغان پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ چېگراسى، مىللىتى ۋە دىنى يوق.

ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ياكى قوڭغۇزغا ئايلانغان گروگەر سامسا بولۇش ۋە ياكى قاتتىق بىر سىلكىنىپ ئۇيغۇرلۇققا ياكى ئىنسانلىققا قايتىش بوسۇغىسىدا تۇرماقتا.

پىراگا تەسراتلىرى نامىلىق بۇ چاتما مۇلاھىزە تامامەن تۈگىدى.

2022 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال.

# ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن تەسىراتلار (1)

پىراگا تەسىراتلىرىنى يېزىۋاتقان ئىدىم، قارارىمنى ئۆزگەرتىپ پېتىشىن تەسىراتلىرى ھەققىدە يېزىشقا مەجبۇر بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرسام خۇددى تۈركىيەدىكى 15-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى بولغاندەك يۈز بېتىمدە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋېتىش» ئۈچۈن، ئۆزگىرىش تور بېتىدە (change. org) پېتىشىن (petition-ئىمزا توپلاش) ئىنقىلابى باشلىنىپ كېتىپتۇ.

مەن ئۈلارنىڭ نېمە ئۈچۈن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولىدىغانلىقى، ماقۇل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋەتتىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان بىر تەشكىلى قۇرۇلمىسى بارمۇ-يوق؟ كېيىنكى قەدەمدە نېمىلەرنى قىلماقچى؟ قىرغىنچىلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ پاراۋۇزى سۈپىتىدە باشلامچى بولۇپ ماڭالىغۇدەك بىر سىياسىي كۈچى بارمۇ-يوق؟ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋېتىش پەقەت خىتاينىڭلا مەقسىتى ئىدىغۇ؟ ... دېگەن تېملارغا كىرمەيمەن.

مەن پەقەت ئۆزگىرىش تور بېتىگە ئىمزا توپلاش چاقىرىقى چىقىرىش يولى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

سوئال: ئىمزا توپلاش چاقىرىقى ئارقىلىق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولامدۇ؟ جاۋاب: ياق، بولمايدۇ.

سەۋەبچۇ؟ مەن تۆۋەندە شەرھلىمەكچىمەن.

بىز بىر گۇرۇپپا زىيالىيلار 2017-يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆزگىرىش تور بېتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى خەتەرلىك ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك 20 دىن 25 كىچە ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر تور بەتتىن «ئۇيغۇر» دەپ ئىزدەش ئارقىلىق كۆرەلەيسىلەر.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى چاقىرىقلارغا 100 مىڭدىن ئارتۇق قول قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئىمزا توپلاشنىڭ ھېچ ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى 5 يىللىق ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە بىر سىستېمىلىق دوكلات بولۇپ قالغانلىقىنى بىز مەشئەل گۇرۇپپىسىدىكى زىيالىيلار مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدۇق. دۇنيادا بۇنداق چاقىرىقلار ئىنتايىن ۋە ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنداق چاقىرىقلار ئىچىدە پەۋقۇلئاددە ھالدا ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى سىياسەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا ياراپ قالمىسا، قالغانلىرى پەقەت مەلۇم چەكتىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن سان ھالىتىدىلا ئۆزگىرىش تور بېتىدە ئورۇن ئېلىپ ساقلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

بۇ ئىمزا توپلانغاندىن كېيىن نېمە ئىش بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگەن مەزكۇر «چاقىرىق» ئىنقىلابىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرسى ئۆز سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «بۇ چاقىرىققا قول قويۇش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دۇنيا سەھنىسىدىكى ئورگانلارغا كىرىپ بىز ئاپتونومىيە تەلەپ قىلمىز دېسە، ئۇلار د ۇ ق قا سەن ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات ئەمەسكەنسەن دەيدۇ.» بۇ نېمە دېگەن ساددا ۋە بالىلارچە خىيال ھە؟

ئەمما رېئاللىق سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق بولمايدۇ. چاقىرىق،

بولۇپمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 5 مىڭ ئەتراپىدىكى ئىمزا بىلەن توختاپ قالىدىغان چاقىرىقلارغا سىز دەۋاتقان سىياسىيونلار قاراپمۇ قويمايدۇ. بۇنداق چاقىرىقلار پەقەت 2021-يىلى چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقلىرى سۈپىتىدە، خىتاي تارىختىن بۇيان ئويناپ كەلگەن «ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇش، قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش» ھىيلىلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەكرارلىنىشىغا قۇربانلىق سۈپىتىدە، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىسمىلىرى ۋە بارلىق شەخسى ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق ئۆز قولى بىلەن باسقان تامغىسى بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ. كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز غەزەپ بىلەن بۇ ئىسىملارغا قاراپ «قورغاننى بۇزۇۋەتكىچە ئۆزلىرى يېگىدىن بىر كەپە بولسىمۇ سالغان بولسىچۇ!» دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ.

ئەسلىدە خەلق ھەرىكىتىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى ماۋزېدۇڭ. ئۇ خەلق ھەرىكىتى، يەنى خەلقنى بىر-بىرىگە قارشى ياقا سىقىشتۇرۇپ ئۆز-ئارا دۈشمەن قىلىپ قويىدىغان ھەرىكەتنى تۈنجى بولۇپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىشلەتكەن.

1202-يىلى 82-دېكابىر

# ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن تەسىراتلار (2)

شۈنداق، ئەسلىدە پىراگا تەسىراتلىرى يېزىۋاتقان ئىدىم. خۇددى گۈزەل غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ غۇرۇر دەرياسى ھېسابلانغان ئىلى دەرياسى شەرقتىن غەربكە ئاققاندەك، ۋىلتاۋا دەرياسى ئېقىپ تۇرىدىغان چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پىراگادىن ئالغان تەسىراتلىرىم بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ گۈزەل بىر تەسىرات يېزىشنى پىراگادىن قايتىش سەپىرىمدىكى ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئۇچۇشلارغا جەريانىدا ئويلاپ قويغان ئىدىم. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 7ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا بىرقانچە يىلغا سوزۇلغان كورۇنا ۋىرۇسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تاقىلىپ قېلىشلاردىن كېيىن، خۇددى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئايەملەپ بارىدىغاندەك ھاياجان بىلەن كېتىۋاتماقتا ئىدىم. قۇرۇلتايدىن قايتقاندىن كېيىنكى پىراگا ـ ئامستېردام ـ تورونتو سەپىرىمدە تۇيۇقسىز قەلبىمنى بىر چىمدىم خۇشاللىق ۋىللىدە يورۇتقاندەك بولاتتى. ئىچكى دۇنيامدىكى بۇ پېسىگىندە كۆلگەندەك خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى نېمىدۇ؟ دەپ ئۆز ئۆزۈمنى تىڭشىغان ۋاقتىمدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ قېتىمقى پىراگا يىغىنى ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. شۈنداق، نەنسى پولسى خانىمنىڭ تەبرىك سۆزلىرى، كانادالىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي قۇرۇلتايغا قاتنىششى، ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەبرىك سۆزلىرى، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قىزىقىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىممەتلىك سۆزلىرى، قازاقىستاندىكى مەرھۇمە نائىلە ھەدىمىزنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر توپ جامائەت بولۇپ يىغىنغا تور ئارقىلىق قاتنىششى، قولۇمدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 4 يىللىق خىزمەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئۈچ يۈز قىرىق ئالتە بەتلىك كىتابچە، بۇ قۇرۇلتايغا بېغىشلاپ مەخسۇس ئىشلەنگەن قوزغال ئۇيغۇرۇم ناملىق ناخشا، پىراگا شەھەر باشلىقىنىڭ قۇرۇلتاينىڭ شەرىپىگە بەرگەن زىياپەتلىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ كاتتا يىغىلىشىغا ساھىبخانلىق قىلىش جەريانىدىكى يىلدىن يىلغا مۇكەممەللىشىۋاتقان تەشكىلى سەۋىيەسى... قاتارلىقلار مانا بۇ ئىچكى خۇشاللىقىم ۋە سۆيۈنۈشۈمنىڭ مەنبەسى ئىدى.

ئەمما يىقىندا ئۆزگىرىش تور بېتىدە چىقىرىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسەت قىلىنغان ئىمزا توپلاش ھەرىكىتى، يەنى بۇ ھەرىكەتنى باشلىغانلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «خەلق ھەرىكىتى» نىڭ پىلتىسى ھېسابلانغان بۇ ئىمزا توپلاشقا نىسبەتەن ئۆز تەسىراتلىرىمنى يېزىشنىڭ، پىراگا تەسىراتلىرى يېزىشتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەدىنىمنىڭ ۋىجدان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئالاھىدە رايونىدا قانداقتۇر بىر سوغۇق سېزىم پەيدا بولۇپ، مېنى بىرخىل ۋەھىمە، ئەنسىرەش چىرماشقا باشلىدى. چۈنكى «خەلق ھەرىكىتى» دېگەن ئىبارە ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ۋەھشىيانە تارىخ بولغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا تەۋە بىر ئىبارە بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ باش رېژىسسورى ماۋزېدۇڭ ئىدى. «خەلق ھەرىكىتى» دېگەن بۇ ئاخىرى چىقماس قۇيۇنتازلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان ھەرقانداق بىر مىللەت، ئۆز ئۆزى بىلەن ياقا سىقىشىپ، چاچ يۇلۇشۇپ بىر-بىرىنى قان قىلىشىپ، بىر-بىرىنى بوغۇشۇپ يوق بولاتتى. «خەلق ھەرىكىتى» دېمەك، ئايىغى چىقماس جەڭگى-جېدەل چۆلگە تاشلاپ قويۇش دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

«خەلق ھەرىكىتى» دېمەك، ھېچقانداق دۈشمەنسىز ھالەتتە ئۆز-ئۆزى بىلەن جەڭگە-جېدەل دەرياسىدا ئېقىش دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللار بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە بۇ ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان سەپسەتەلەر ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى تارىختا بۇنداق «خەلق ھەرىكىتى» نىڭ قۇربانى بولغان مىللەتتۇر.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىراگا ئېچىلغان 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، كېلىپ چىققان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن بۇرۇن، يەنى بۇ قۇرۇلتاي ھارپىسىدا نېمىلەرنىڭ بولغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتۈشنى مۇھىم دەپ قارايمەن.

بەزىلەر بۇندىن 11 يىل بۇرۇن، يەنى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندە، «ئىندىجىنۇس پىپول (يەرلىك خەلق)» غا ھامىلدار بولغان ئىكەن. توققۇز ئاي ئەمەس، 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى دەل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىراگا يىغىنى ھارپىسىدا «ئىندىجىنۇس پىپول» ناملىق بۇ ماجىراچىنى ئاپىرىدە قىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن، خۇددى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تاغدا ئۇخلاپ ياتقان يولۋاس تۇيۇقسىز ئويغىنىپ ھۆركىرەپ كەتكەندەك، خۇددى مۇسانىڭ ئەھدەساندۇقى تېپىلغاندەك، «ئىندىجىنۇس پىپول» رامكىسى ئاستىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئىنكار قىلىش، قارىلاش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ يىل 11-ئاينىڭ سەپسەتىسى «ئىندىجىنۇس پىپول» بولدى. شۇندىن باشلاپ، بىر سەپسەتە يەنە بىر سەپسەتىنى تۇغۇپ ئاخىرىدا بىر سەپسەتە ئالغانغا يەنە بىر سەپسەتە بىكارلىق ھالەتكە كەلدۇق. ئەمما

«توشقان تاغقا قېيداپتۇ، تاغنىڭ خەۋىرى يوقمۇش» دېگەندەك ئالدىراش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگىدەك ۋاقتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دېكابىر ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا ۋاشىنگتوندا جاۋاب بېرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ئىنكار قىلىش ياكى سەپسەتە دېگەن نېمە؟ سەپسەتە ـ ئىنكار قىلىش تۈغقان بالا بولۇپ، ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى سەپسەتىگە باشلاپ بارىدۇ. ئىنكار ياكى سەپسەتە بىر نەرسىنىڭ ماھىيىتى، پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى بىلەن ھېسابلاشماي، گەپدانلىق قىلىش تاكتىكىسى ئارقىلىق مەلۇم كىشى ياكى تەشكىلاتلارنى سۆز ھۇجۇمى، سۆز توپى ئىچىدە قالدۇرۇش، يەنى سۆز ۋاسكېتبولى ياكى سۆز پۇتبولى ئويناش دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

«ئىندىجنۇس پىپول» سەپسەتىسى تۈركچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۇيگۇ سۆمۈرگەسى سەپسەتىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، باشقىلارنىڭ نازۇك ھېسلىرى، مۇستەقىل بولۇش ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى غىدىقلاش سەپسەتەسىدىن ئىبارەت. ئۇلار «ئەگەر ئىندىجنۇس بولۇپ قالساق مۇستەقىل بولالمايمىز، ئەگەر بىر ھۆججەتكە مۇنداق دەپ يېزىلىپ قالغان بولسا دۆلەت قۇرالمايمىز...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن، پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئاشۇ بىر ئىبارە ياكى بىر ھۆججەتكە باغلاش ئارقىلىق تەشكىلاتلارنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇش غايىلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىدىغان ۋەتەن خائىنلىرىغا چىقىرىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرەر ھۆججەتلەرنى تۇيۇقسىز چاقنىتىپ قىممەتلىك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارچىلىق سەپسەتەسىگە دەسمىي قىلىدۇ.

ئىنكارچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەپسەتىلەر ئۈستىدىن غالىب كەلمەك ئاتومنى پارچىلاشتىنمۇ بەتتەر بەسى مۈشكۈل ئىش بولۇپ، ساغلام بىر توپلۇق بولۇشتىكى ئەڭ ئالدىنقى شەرت ھەرقانداق نەرسىنى مەنتىقلىق مۇنازىرە ئارقىلىق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىنكار غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ تەمسىلچىسى. ئىنكار ئايرىلىپ قېلىش، ئىنكار ئۆز ـ ئۆزىنى يوق قىلىش، ئىنكار ساختا ئەركىنلىك دەۋاسى، ئىنكار نانكورلۇق، ئىنكار قۇمنىڭ ئاستىغا بېشىنى تىقىۋېلىش، ئىنكار نۆل دېمەك، يەنى ھېچنەرسە يوق دېمەكتۇر. ئىنكار ۋاپاسىزلىق، ئىنكار ماھىيەتتىن، ئەسلى مەنبەدىن قېچىش؛ ئىنكار يۈزسىزلىك، ئىنكار رېئاللىقنى، ئادىللىقنى دەپنە قىلىش، ئىنكار بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋېلىش، ئىنكار ئۇيۇشالماسلىقتۇر. راك ھۈجەيرىسى بەدەن بىلەن بولغان ماسلىشىش، يەنى ئۇيۇشۇشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ بەدەننى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە پۈتۈن بەدەننى كاردىن چىقىرىدۇ.

ئىنكار قىلغۇچىلار ئۆتكۈزۈلگەن ئازراق سەۋەنلىك سەۋەبىدىن نەتىجىنى كۆرەلمەيدۇ ياكى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئىنكار پىكىر جەھەتتە ئۆزگە ئەمەس ئۆزگىگە، يەنى دۈشمەنگە يېقىن بولغان بولىدۇ. ئىنكارچىلار شىمپەنزىلەر ئوخشايدۇ. شىمپەنزە مەلۇم بىر نۇقتىنى باش بارمىقىڭىز بىلەن كۆرسەتكەن ۋاقتىڭىزدا سىز كۆرسەتكەن مۇھىم نۇقتىغا قارىمايدۇ، يەنى مۇھىم نۇقتىدىن چەتنەپ ياكى ئىنكار قىلىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭىزغا قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. گەرچە شىمپەنزە مايمۇنلىرى بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما شىمپەنزىنى ئادەمدىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇھىم نۇقتا، ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ

بارماق كۆرسەتكەن نۇقتىغا ئەمەس، بەلكى كۆرسەتكۈچ بارماققا قاراپ تۇرۇۋېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنكارچىلار ئىنكار نىيىتى، ئىنكار پىكىرلەر بىلەن يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن، سەممىيەت بىلەن زىت قۇتۇپقا ئايرىلغان بولىدۇ.

ئىنكارچىلارنىڭ مەقسىتى سەۋەنلىكلەرگە دەلىللەر ئىزدەش، نەزىرىنى پەقەت ئىنكارغىلا مەركەزلەشتۈرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى كۆزلىرى كۆرمەيدۇ. ئىنكارچىلار ئېتىبارسىزلاشتۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن كىشىلەرگە تاگىسىڭ، داپشاق پالانچى، ئاسخان دېگەندەك كەمسىتىش ئىسىملىرى قويىدۇ. ئىنكارچىلار خالىسا قۇياشنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئىنكارچىلار بەزىدە ئۆزلىرىنى ئۆكتىچى دەپ پەردازلايدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇنداق ئىنكارچىلار بەك بازارلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇتۇپ سۆھبەتلىرىنى خۇددى ۋەتەندىكى ئۈستى ئوچۇق كىنوخانىلارغا لىققىدە توشۇپ كەتكەن كىنو مەستانىلىرىدەك كۆرىدىغان ئۇيغۇرلار مەۋجۇت بولىدۇ.

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» ناملىق ئىنكار ئىمزا باشلىنىپ، بىر-ئىككى كۈن بولغاندا بۇ ئىمزا توپلاشنى باشلىغانلارنىڭ بىر «بۆزرۆكۋار ھەدە» سى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمزا توپلاشتىكى مەقسىتىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئەمەسلىكىنى، پەقەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى «خەلق ھەرىكىتى» ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىنكارنى، يەنە ئىنكار ئارقىلىق پەردازلاش سەپسەتەسى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئىمزا باشلىنىپ ئىككى-ئۈچ كۈن بولغاندا ئۇلار تەكىتلەۋاتقان

«خەلق ھەرىكىتى» نىڭ چارق پەلىكى تەتۈرگە چۆرگۈلەپ قالدىمۇ قانداق، ئۆزلىرىگە شاپىلاق بولۇپ ئۇرۇلۇپ قالدى. خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقى بىلەن ئۆزگىرىش تور بېتى بۇ ئىمزانى تاقىۋەتتى.

كەسكىن قىلىپ ئېيتىش كېرەككى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلقئارالىق ئورگانلاردا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى سۈپەتلىك ۋە سەۋىيەلىك ئاڭلىتىۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئەڭ ئالىي دەۋا ئورگىنى. خۇددى قارا ئۆڭكۈرنى يوپۇق بىلەن ياپقىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، بۇ ھەقىقەتنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەلۇم يىلتىزى، دەۋا تارىخى ۋە تۆلىگەن نۇرغۇنلىغان بەدەللىرى بار. ئۇ خۇددى خىتايغا ئوخشاش ياكى خىتايدىنمۇ ئاشۇرۇپ سىياسىي ئۆگىنىش قىلغانلىقى بىلەن كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان، ئۆزى بىلەن يانداش تەشكىلاتلارنى خىتاي ئاتالغۇسى بولغان «ئاتالمىش» سۆزى بىلەن تەرىپلەيدىغان، ئۆزىدىن باشقا تەشكىلاتلارنى، بولۇپمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئىنكار قىلىدىغان ھېچقانداق تەشكىلاتقا ئوخشىمايدۇ.

گەرچە ئىنكارچىلار ئۆزلىرىنى ئۆكتىچى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قۇدۇق سۈيىنى «ئىندىجىنۇس پىپول»، «ئاتمىشىنچى بەتتە ئاپتونومىيە» دېگەندەك زەھەرلەر بىلەن زەھەرلىگەندىن كېيىن، مەلۇم شەخس ۋە تەشكىلاتلارنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ ھەمدە بۇنىڭغا يەنە ئۆزلىرى خەلق ھەرىكىتى دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئىنكار ئاخىرىدا خەلقئارالىق ئىمزا سەپسەتىسىگە بېرىپ تۇتۇشىدۇ.

ئىنكار ۋە ئىنكارچىلار پۈتۈننى كۆرەلمەسلىك كېسەللىگە

مۇپتىلا بولغان بولۇپ، ئۇرمانلىڭ كۆيۈۋاتقىنى بىلەن كارى يوق دىققىتىنى سەرەڭگىنىڭ كۆيۈشىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇلار ئاتومنىڭ پارچىلىرىدەك ئۇششاق نەرسىلەرنى ئىزدەپ دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈشكە رازىكى، ئومۇمىي مىللەت مەنپەئەتلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاينى ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىي ئىشلىرى بىلەن ئىنكار قىلىشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئىنكار قىلىشىغا يەتمەيدۇ.

شۇنداق، بۇ يىل نويابىر ئىنكارچى ۋە سەپسەتىچىلەر ئۈچۈن «ئىندىجىنۇس پىپول» ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» ناملىق ئىككى مەھسۇلاتىنى پىدائىي ئېكرانىدا تازا يايما قىلىپ ساتقان بىر ئاي بولدى. كۆپ ھاللاردا سەپسەتە سۆز سەنئىتى بىلەن كېسىشكەن نۇقتىدا بولۇپ، سۆز مەنىلىك بىلەن جامائەتنى مەلۇم نەرسىگە ئىشەندۈرۈش ياكى قايمۇقتۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ زور تالانتى ھېسابلىنىدۇ.

# ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىدىن تەسىراتلار (3)

## 1 ـ نامايىش ۋىجدانىنىڭ كوچىلارغا تۆكۈلۈشى دېمەكتۇر

بىر ئانا چوشقا بىر يىلدا ئۈچ قېتىم تۇغىدىغان بولۇپ، ھەر قېتىمدا 20 دىن كۈچۈكلەيدۇ. تۇنجى تۇغقان كۈچۈكلىرى يەنە ئانىسىغا ئەگىشىپ كۈچۈكلەشكە باشلايدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىر چوشقا بىر يىلدا 480 كۈچۈك تۇغقان بولىدۇ.

بىر يولۋاسنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 26 يىل بولۇپ، بىر ئانا يولۋاس ھەر ئىككى يىلدا 2 بىلەن 4 ئارىسىدا ئاسلان تۇغىدۇ. شۇڭا ئۇ يولۋاس دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما ئۆزىنى ئۇيغۇر ئۆكتىچىلەر، ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرى دەپ ئاتىۋالغان ئىنكارچىلارنىڭ ئىنكار تۇغۇمچانلىقى چوشقىنىڭ كۈچۈكلىشىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ، ئۇلار تۇغقان سەپسەتىلەر ئىندىجىنۇس پىپول بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇلار ئۈلۈسچىلىقمۇ ئەمەسمۇ؟ ئاپتونومىيە؟ مۇستەقىللىقمۇ؟ بىزنىڭ قىزىل سىزىقىمىز مۇستەقىللىق... ۋەھاكازا دېگەن سەپسەتىلەر ئاستىدا، ئۇ تەرىپى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىندىن بۇ تەرىپى دولقۇن ئەيساغىچە بولغان بۇ كەڭرى ۋە مۇرەككەپ ئۇيغۇر دەۋاسى جۇغراپىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئايىت بارلىق قىممەت قاراشلارنى يوققا چىقىرىدىغان ئىنكارلارنى داۋاملىق تۇغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئىنكار ماھىرلىرى بولۇپ، ئەييۇھەنناس! ئۇلارنىڭ ئىنكارلىرى ئالدىدا يەر شارىمۇ قانداق چۆرگىلىشىنى بىلەلمەي قالسا كېرەك. ئۇلار 70 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر دەۋاسىدا نېمە نەتىجە چىقىپتۇ؟ دېگەن بىر ئىنكار سوئال بىلەن، يەنى قولىنىڭ

ئارقىسىدا ئورۇلغان بىر شاپىلاق بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ بۇ 70 يىلىدا باسقان ھەر بىر قەدەم، تۆككەن ھەر تامچە تەر ۋە تۆلىگەن ھەر بەدەلنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىنكار مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئېتىراپ قىلىش دېگەن ئىبارىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىنكار ۋە سەپسەتە تارىخى ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنكار تۇغۇمچانلىقى بىلەن، ئەنە شۇ ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقتىن ئىبارەت قارا تارىخنى يېڭىدىن بەرپا قىلماقچى بولىدۇ. ئىنكارچىلار خۇددى قازاننىڭ ئۈستىدە لەيلەپ قالغان چامغۇر پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ. يا قازاندا قاينىمايدۇ ياكى قازان ئاستىغا چۆكمەيدۇ. ئىنكارچىلار خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا قوللانغان «خەلق ھەرىكىتى» ئەندىزىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنكار ۋە سەپسەتىلىرىگە باش تاج قىلىپ كىيدۈرىدۇ. ئەمما ئۇلار ماھىيەتتە ئۆز خەلقى خۇشال بولغان ھەرقانداق نەرسىدىن خۇشال بولغان ۋە ھۇزۇرلانغان بولماستىن، ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ بارلىق خۇشاللىقلار ۋە ئۈمىدلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن، لوندون ئۇيغۇر سوتى چىقارغان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى قارارىدىن ئۇلار ھېچقانداق خۇشاللىق ھېس قىلمايدۇ. ئىنكارچىلارنىڭ بۇ يىل دېكابىردىكى ئەڭ چوڭ ئىنكار تېمىسى نامايىشنى ۋە ئۇيغۇر سوتى چىقارغان قارارنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىرقانچە ئىنكارچى بىر گورۇپپا بولۇپ، كۆزلىرىگە پېتىنقى ئەينەكلەرنى تاقاپ، سوت قارارىدىكى «ئىندىجنۇس پىپول» دېگەن ئىبارىلەرنى ساناپ ۋە قوغلاپ يۈرۈۋېتىپتىمىش. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ ئىنكارچىلار خىتاي ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابلارنى بۇنداق تەكشۈرۈش ۋە سۈزگۈچلەردىن

ئۆتكۈزۈپ باققان ئەمەس.

هازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئىنكارچىلىقتىكى مەقسەت توغرا بىر يەكۈنگە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر چوقۇم يېڭىش ۋە يەڭگەن تەرەپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ياشاش. مەسىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىنى باشلاشتىكى مەقسەت چوقۇم يەڭگەن تەرەپ بولۇپ، بۇ يېڭىش ئېلىپ كەلگەن مەغرۇرلۇق تۇيغۇسى ئىچىدە مەست بولۇش. «خەلق ھەرىكىتىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى» نى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا كۆرسىتىپ قويۇش. ئەمما يېڭىۋالغاندىن كېيىن، يەنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ئورۇنغا چۈشكەندىن كېيىن ۋەزىيەت قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنچۇ؟

خۇددى مەشھۇر يازغۇچى جورجى ئورۋەلنىڭ «1984» ناملىق كىتابىدا داۋاملىق ئىنكار قىلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىنكارچىلىرىدىمۇ دۈشمەنلەر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاساسلىقلىرى دولقۇن ئەيسا، رابىيە قادىر، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، رىشات ئابباس، روشەن ئابباس، ئابلىكىم ئىدرىس، قۇززات ئالتاي، ئىندىجىنۇس پىپول، ئاپتونومىيە، ئۇيغۇرىستان، شەرقىي تۈركىستان، نامايىش... ۋەھاكازا.

ئىنكارچىلار بىر تەرەپتىن خەلق ھەرىكىتى قوزغاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ياكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايغا قارشى ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ نارازىلىق ۋە چۇقانلىرىنىڭ يۈركى ھېسابلانغان نامايىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر نامايىشنىڭ تەرجىمىھالىنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە، نامايىش دەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى خەلق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر دەۋاسى ئۆز نۆۋىتىدە ۋىجدانىنىڭ دەۋاسى بولۇپ، نامايىش ۋىجدانىنىڭ كوچىلارغا تۆكۈلۈشىدىن ئىبارەت. دۇنيا ئادالەتنى ئادىمىيلىكنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ۋىجدان، يەنى چۇقان، ئىسيانكارلىق، نامايىش كونترول قىلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە ۋىجدانسىزلىرى، يەنى چۇقان، ئىسيانكارلىق ۋە نامايىشنى ئىنكار قىلغۇچىلىرى كۆپ بولغان مىللەتلەرمۇ ئادالەت تارازىسىدا يېنىك ئۆلچۈنۈپ كەلدى. دۇنيا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ھايۋانلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، كەمسىتىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىي ئىنسان قۇل قىلىش، يەنى قۇللۇقنى يوق قىلىشتەك دۇنياۋى مەسىلىلەرنى «توختا!» دەپ تورمۇزلىغان نەرسە ۋىجدان ۋە بۇ ۋىجدان كوچىلارغا سۆرەپ چىققان ئىنسانلار بولغان ئىدى. نامايىشنى ئىنكار قىلىش دېمەك، پۈتۈن ھىندىستانىي يالاڭئاياق نامايىش قىلىپ ئايلىنىپ چىققان گەندىنى، قارىلارنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكا خەلقىنىڭ ۋىجدانىنى كوچىلارغا سۆرەپ چىققان مارتىن لۇتىر كىڭنى، ئىلى ۋادىسىنى قاپلىغان مەشرەپلىرى بىلەن خىتاينى ئەندىشىگە سالغان نامايىشچى ئابدۇخېلىل مىجىتنى، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى، بۇ نامايىش كەلتۈرۈپ چىقارغان 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى، ئىسيانكار بارىن روھىنى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى ۋە بۇ قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلاتقان 7-ئىيۇل ئۈرۈمچى ئاياللار نامايىشىنى ئىنكار قىلىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر مىللىي روھىنى، ئۇيغۇر ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنكار ۋە ۋە سەپسەتە بىر مىللەت روھىيىتىدە بار

بولغان ئىلغارلىقلار بىلەن چىقىشالمايدۇ.

يۇنان پەيلاسوپى سوقرات گەرچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك پەيلاسوپى بولسىمۇ، شۇ دەۋرنى ئىنكار ۋە سەپسەتە قاپىلاپ كەتكەنلىكتىن بۇ قىممەتلىك بايلىقنى چەتكە قاققان ۋە پاتۇرمىغان ئىدى. سوقرات «ئۆزىنى سوراقتا تارتمىغان هايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش پەلسەپەۋى ئىلغار پىكىرلىرى بىلەن، ئۆز دەۋرىنى ئىنسانلىق پەلسەپەسى بىلەن تولۇپ يىلتىزىدىن سىلكىگەن، ئۆز خەلقىنى ئەخلاقتا يېتەكلىگەن بولسىمۇ، سەپسەتىچى ۋە ئىنكارچىلار تەرىپىدىن «ئەخلاقسىز ۋە ۋەتىنىگە خىيانەت قىلىش» دېگەن تۆهمەت بىلەن زەهەر ئىچىشكە هۆكۇم قىلىنغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇنلىغان قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەب بولۇش بەدىلىگە بەدۆلەت قۇرغان، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرىغا قارىماي، ئۆز دەۋرىدە «ئاتىلىق غازى» ئۇنۋانى بېرىلگەن پەرغانىلىق ياقۇپ بەگنىڭ خوتەن ئەمىرلىكى، كۇچا ئەمىرلىكى، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭرى ۋە ساپ ئۇيغۇر يۇرتىغا هۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئارقىسىدا «ئۇيغۇرلار هاكىمىيەت قۇرالمايدۇ، ئۇيغۇر دىيارىنى مەن كونترول قىلىشىم كېرەك» دەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆزمەنچىلىك، ئىنكارچىلىق ۋە تار ئۆزبېكچىلىك سەپسەتىسى يەر ئالغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى زوزۇڭتاڭ بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ، ياقۇپبەگ زەهەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى بىر پاي ئوق ئاتماي بېسىۋېلىشىغا شارائىت هازىرلاپ بەرگەن ياقۇپبەگنىڭ خوتەن ۋالىسى نىياز بەگ بىلەن خەزىنىچىسى هوشۇر بەگلەر نىشانغا قارىماي، بارماقتا قاراپ

تۇرۇۋالىدىغان شىمپەنزىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ياقۇپ بەگنى رەت قىلىپ زوزۇڭتاڭنى ۋەتەنگە باشلاپ كىرگەن ئىدى.

قۇرغان رەسەتخانىسى يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشتە ئۆز دەۋرىدە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئاسترونومى ئۆزبېك ئاسترونوم ئۇلۇغبەگنى ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلاپ ئاپارغان نەرسە، دەل «ئاللاھ بىلەن ئەقىل تالىشىۋاتىدۇ» دېگەن سەپسەتە ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامغا قىلىنغان سۇيىقەست، سابىت داموللامنى مەھكەم باغلاپ شىڭشىسەينىڭ ئالدىغا ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ بېرىش، تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت مۇھىتى ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلىرىنى ئارقىسىدا بىر سەپسەتە كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان ئىدى.

تۈرۈك سىياسەتچى ئەدنان مەندەرەسنى دار مەيدانىغا سۆرەپ ئاپارغان نەرسىمۇ دەل ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق سەپسەتە ئىدى.

ۋەتەن ئىچىدىكى جازا لاگېرلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق نىدالىرى، ئۆلۈم خەۋەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىنكار ۋە سەپسەتەلەرنى ئۈستىگە لىق باسقان، ئۇنى ئاز دەپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە باشقا ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەردە توختىماي ئاڭلىتىپ، بۇ يولدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەتئەلدىكى بىردىنبىر ئالىي دەۋا ئورگىنى بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى «ئۇيغۇر

خەلققە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» ۋەھاكازا دېگەندەك بىر ئىمزا توپلاشنى قىستاپ باسقان بىر ئات ئىبلىس قاچقان ھارۋا ناھايىتى خەتەرلىك ھالدا چوڭقۇر ھاڭغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتماقتا. ئەگەر چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئات ئىبلىس قاچقان ھارۋىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ توختىتالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇستەقىللىق ھەققىدە يوغان گەپ قىلمىسا بولىدۇ.

شۇنداق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق دەۋاسى خەلقئارالىق دەۋا رېلىسىغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنكار ۋە بۇ ئىنكارلار كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان سەپسەتىلەر دەۋرىگە كىردى. بۇنداق بىر تارىخى شارائىتتا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ يېڭى چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىچكى مېخانىزمىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تار دائىرىلىك چەمبەرسىمان پىرقىراپ دەۋا قىلىدىغان تەشكىلى قۇرۇلمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشىكىنى بارلىق ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئۇيغۇرلارغا كەڭرى ئېچىشى، كۆپ ساندىكى دىپلوماتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياشلارغا ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە سەۋىيەلىك لېكسىيەلەرنى سۇنۇشى، ھەر قايسى پەسىللىك تەشۋىقات يۈنىلىشلىرىنى تۈزۈپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا يارىشىدىغان شەكىلدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك تەشۋىقات، خەۋەرچىلىك، رادىيو-تېلېۋىزىيە مېخانىزىمى بەرپا قىلىشى، «ئۇيغۇر دەۋاسىدا بىلىمگە قارىغاندا جاسارەت بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەيدىغان كونا قالپاقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى ئادەم، يېڭى پىكىر ۋە يېڭى ئىلغار چۈشەنچىلەر بىلەن ھەم بىلىمى ھەم جاسارىتى بار ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ يېڭى بىر دەۋردىكى سەرخىللىرىنى يېتىشتۈرىدىغان خەلقنىڭ يېتەكچىسى

ۋە يـول باشچىسى بولـۇش يولىغا قـاراپ مېڭىشى كېـرەك.

گەرچە دۇنيا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيـى ئۇيغـۇر دەۋاسـىدا نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنـى قولغا كەلتۈرگـەن بولسـىمۇ، ئەمما مـەن يازغـان «جەنـۇە يۈرۈشـى ۋە ميۇنخېـن ئۇچرىششـىدا دىققىتىمنـى تارتقان نۇقتىـلار» دېگـەن ماقالەمـدە ئوتتۇرىغا قويغىنىمـدەك، دۇنيا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنـى بىـر پويىزغا ئوخشاتسـاق، پويىزنىـڭ بېشى ياكـى پـاراۋۇزى ياخشـى ئىشـلەۋاتقان بولسـىمۇ، ئەمما پويىزنىـڭ ئوتتـۇرى ۋە قۇيرۇقىغا تېخـى بـوش. شـۇنداق، ئەمـدى دۇنيا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيـى چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسـىنىڭ جامائەت پىكرى يۆنىلىشـىگە يېتەكچىلىـك قىلىشـى، ئۈمىدسـىزلەنگەنلەرگە ئۈمىـد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرسىتىشـى، قايمۇققانلارغا يول كۆرسـىتىپ بېرىشـى كېـرەك. شـۇنداق بولغانـدا، خىتاي ئويـۇن ئويناۋاتقان بۇ ئىنكار ۋە سەپسـەتە بوشـلۇقىنى تامامـەن تاقىيالايمىز.

# ئىمزا توپلاش پائالىيىتىدىن تەسراتلار (4)

## 2 ـ گۆرۈچ ئىچىدىكى ئاق تاشلاردىن ھەزەر ئەيلەيلى

چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ياكى ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، دېڭىزنىڭ ئاستىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. دېڭىزنىڭ ئاستىدا ھەممە نەرسە بار. يەنى، مەرۋايىتلار، قۇملار، بېلىجانلار، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك سۇ جانلىقلىرى شۇنداقلا ئىنسانلار تاشلىغان پىلاستىك خالتىلار، چۆكۈپ كەتكەن پاراخوت ياكى كېمىلەرنىڭ قالدۇقلىرى ... ۋەھاكازا.

ئۇيغۇر دەۋاسىدا ئىزچىللىقنى ساقلاۋاتقان كونا دەۋاگەرلەر، جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن دەۋا سېپىغا قوشۇلغانلار، ۋەتەندىكى مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئاتا ـ ئانا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا زىيان يېتىپ قالماسلىق، خىتايدىن ئالىدىغان مائاشىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق... قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەردىن سۈكۈت قىلىۋاتقانلار، خۇددى باھار يامغۇرى شاقىراپ قۇيۇۋېتىپ توختاپ قالغاندەك، مۇستەقىللىق!!!! مۇستەقىللىق!!!... دەپ بىر قانچە شوئارلارنى توۋلاپ قويۇپ ياكى كىشىلەرنىڭ قولىغا «مۇستەقىللىق» دەپ يېزىلغان تاختاي ۋە لوزۇنكىلارنى تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ئۆزى يوقاپ كېتىدىغانلار، ئۇيغۇر دەۋاسىدا سەممىي بولغانلار ۋە سەممىي بولمىغانلار، ئۇيغۇر دەۋاسىنى «موزاينىڭ يۇگۈرۈشى سامانلىققىچە» دەپ ئويلاپ ئاتا ـ ئانىسى ياكى قېرىنداشلىرى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن توختاپ قالىدىغانلا، مال ـ مۈلكى، ئاتا ـ ئانا قېرىنداشلىرىنىڭ خىتاي

تەرپىدىن گۆرۈگە ئېلىۋېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن، جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى قالايمىقان قىلىش يولى بىلەن خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە يەنە نۇرغۇن...

يۇقىرىقىلار چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسى بولۇپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز كىشىلەر بەدەل تۆلەش ۋە ئىزچىللىق روھىنى ساقلاپ ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىۋاتىدۇ. ئېچىنىشلىق رېئاللىق شۇكى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار شېكەر مەنپەئەتلىرىنىڭ شېرىن خىيالىدا يۈرمەكتە.

چەتئەلدە يۈز بېرىۋاتقان ئۇيغۇر دەۋاسىغا قارىتىلغان ئىنكار ۋە سەپسەتە تەشۋىقاتلىرىنى قىلىۋاتقان بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاز ساندىكى ئۆز مەپتۇنلۇق پسىخىكىسى، يەنى «مەن ئىچىدە بولمىغان ئىشنىڭ ھەممىسى سەپسەتە» دەپ قارايدىغان كىشىلەرنى نەزەرگە ئالمىغاندا، كۆپىنچىسىدە خىتاينىڭ رولى ۋە كۆلەڭگىسى بار دەپ قاراش بىھۇدە قاراش ئەمەس.

گۈرۈچ ئىچىدىكى قارا تاشلار ئانچە خەتەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇ قارىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاسانلا ئېلىۋېتەلەيمىز، ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى گۈرۈچ ئىچىدىكى ئاق تاشلار. ئاق تاشنى بىز گۈرۈچ دەپ ئويلاپ قالىمىز دە، نەتىجىدە چىشىمىزنى سۇندۇرۇۋالىمىز.

خىتاي بىزنىڭ دەۋا ئىشلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ۋە بىردىنبىر رەقىبى دەپ قاراۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئابرۇيسىزلاندۇرۇش ياكى يوق قىلىش ئۈچۈن، ھەرگىز ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشمەيدۇ. بەلكى ئۆز ئىچىمىزدىكى ئاق تاشلار ئارقىلىق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى «ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» ناملىق تاج ئاستىدىكى ئىمزا توپلاش،

خەلق ھەرىكىتى دېگەندەك ئىسىملار ئاستىدىكى ئىنكار ۋە سەپسەتەلەرنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق، خىتايغا قارشى بىرلىك سېپىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. خىتاي ۋەتەن ئىچىدە «ئىككى يۈزلىمچى» كادىرلارنى تازىلاپ بولدى. ئەمدى چوقۇم ۋەتەن سىرتىدىكى «ئىككى يۈزلىمچى مۇھاجىرلىرىنى» ئوتتۇرىغا چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىتاي ئۇلار بىلەن سودىلىشىشى، «بىز ساڭا چوڭ ئىش قىلىپ بەر دېمەيمىز، پەقەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دېگەن بىر ئىمزا توپلاش باشلاتتۇق، بۇنىڭغا قول قويۇشۇڭ ۋە بىرقانچە دوستلىرىڭنى قول قويغۇزۇشۇڭ كېرەك» دېگەن شەرتنى قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا يەنە «ۋەتەندىكى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ قوي!» دېگەن جۈملىلەرنى قوشۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي بىر شەرتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ خىتاينىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى غۇلىتىشتىكى كېلەچەك پىلانلىرىنىڭ ئاساسى پاكىتى بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرى كانادادىكى جاسۇسلۇق ئورگىنى خادىملىرى كانادا گېزىتلىرىدە ماقالىلەر ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ چوڭ ئۇچۇرلارغا قارىغاندا كىچىك ۋە ئۇششاق ئۇچۇرلارنىڭ جۇغلىنىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، خىتاينىڭ ئۆزىگە رەقىب دەپ قارىغان كىشى ۋە تەشكىلاتلارغا قارىتا ئۇچۇر توپلىشىنى دېڭىزغا بېرىپ قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ، سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىنى قاقىقاندا ئۇنىڭدىن چۈشىدىغان قۇمدانچىلىرىنى يىغىشقا ئوخشاتقان. شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىنى قېقىش ئارقىلىق زور بىر نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

دۇنيادا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇيدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتايدىن ئىبارەت

بۇ ئەجدىھا بۇرۇن چىشىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئەمدى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئوتنىنى پۈركۈشى مۇمكىن. خىتاي چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر زىددىيەت پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن قەدىمدىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش»، «قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش» قاتارلىق ھىيلىلىرى بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىدىغان چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ قەبىھ ۋاسىتىلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بىز بۇ قەبىھ ۋاسىتىلارنى ئىشلىتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ خىتاي ئەمەس، بەلكى ئۆز كىشىلىرىمىز ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

## 3-ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر دەۋاسىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم

مۇستەقىللىق ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغاندەك ياساپ چىقىدىغان، خالىساق چۇۋۇۋېتىپ، خالىساق قۇراشتۇرۇۋالىدىغان كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇقى ئەمەس. يەھۇدىيلار دۇنيادىكى تەسىرى كۈچلۈك بايلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئەقىل، بىلىم ئامبارلىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشى بىلەن تونۇلغان مىللەت بولغىنىغا قارىماي، ھەر قېتىم بىر-بىرى بىلەن خوشلاشقاندا، «كېلەر يىلى ئېرۇسالېمدا كۆرۈشەيلى» دېگەن ئۈمىد بىلەن خوشلىشىپ، دەل 2500 يىلدىن كېيىن ۋەتىنىنى قۇرۇپ چىقالىغان.

ئافغانىستاندا ئۆلگەن بىر ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ دۇنيادا قوزغايدىغان تەسىرى بىلەن، 3 مىليون ئۇيغۇرنىڭ جازا لاگېرىدا بولۇشىنىڭ قوزغايدىغان تەسىرىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ دۇنيا تېررورچى دەپ قارايدىغان تالىبانلار ھاكىمىيىتى ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر تازىم قىلىشقا باشلىدى؟ نېمە

ئۇچۇن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئالدىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قىرىندىشى ھېسابلانغان تۈرۈك دۇنياسى ۋە دىن قېرىندىشى ھېسابلانغان مۇسۇلمانلار دۇنياسى بۈگۈنگىچە سۈكۈتتە؟ بۇ سوئاللار دۇنيانى كۈچ ۋە مەنپەئەتنىڭ كونترول قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنداقتا كۈچ ۋە مەنپەئەت تارازىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىرلىقى زادى قانچىلىك؟ بۇ ئېغىرلىقنىڭ سالمىغىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھەر ۋاقىت ئىلغار پىكىر ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچەك تارىخىنى ياخشى يازالايدىغان، 24 سائەت تەپەككۇر، چۈشىنىش، ئىبتىراپ قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، يېڭى يوللار ئىزدەش، يېتەرسىزلىكلەرنى سۆيگۈ-مۇھەببەت، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا بىر ئۇستەلگە كېلىپ سۆزلىشەلەيدىغان، ئىلغار پىكىر ئىشلەپچىقىرىپ ئۆز مىللىتىگە سۇنالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار پىكىر ۋە ئىلغار چۈشەنچىنىڭ ئىگىسى بولۇش نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىشتىنمۇ مۇھىم بولغان مەسىلە بولۇپ، ئىلغار پىكىر، ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار چۈشەنچىلىرىمىز بىزنى ئىلغار ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار پىكىر ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەرگە ئىگە مىللەتنى ھېچكىم قۇل قىلالمايدۇ، ھېچكىم پارچىلىيالمايدۇ. ئىلغار پىكىر ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەر ئىشلەپچىقىرىدىغان مىللەتلەر ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ ئىشپىيون ۋە جاسۇسلۇق ئاپپاراتلىرى كارغا كەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى باشقىلار تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاللىقاچان ئۇلار ئۆزىدە بار بولغان ئىلغارلىق ۋە ئىلغار پىلانلىرى بىلەن تەسەۋۋۇرىدىكى ۋەتەننى ئاللىقاچان قۇرۇپ بولغان بولىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇپ بولغان گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە ئەنە شۇنداق

ئىلغار پىلان، ئىلغار پىكىر ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەر نەتىجىسىدە ئوردىدىن دەس تۇرالىغان ئىدى. ئىنكار ۋە سەپسەتەلەرگە كەڭرى يول بەرگەن، ھەر يەردە ئىنكار پۈتلىشىپ يۈرگەن مىللەتلەر مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغان تەقدىردىمۇ، بۇ مۇستەقىللىقنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىيالمايدۇ. چۈنكى ئىنكار ۋە سەپسەتەنىڭ غۇلتىش رولى بار. ئۆزىمىزنى باشقىلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن باشقىلارنىمۇ ئېتىراپ قىلايلى، باشقىلارنىڭ باسقان قەدەملىرى ۋە تۆلىگەن بەدەللىرىنى ئېتىراپ قىلايلى. يېقىندىن ئۇيغۇر دەۋاسىغا قوشۇلغان، بولۇپمۇ ۋەتەندە جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دەۋاسى سېپىگە قوشۇلغان ياشلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، ئۇيغۇر دەۋاسىغا پۇل بېرىش، ئۇيغۇر دەۋاسىغا بىر ئىش قىلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر دەۋاسىنىنىڭ قانداق مۇرەككەپ دەۋا ئىكەنلىكىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، مىننەت قىلىش ۋە رىيادىن خالى بولغىلى بولىدۇ.

ۋەتەن قۇرۇشقا ئۈمىدى بار بولغان مىللەتلەر خۇددى بىر قوشۇق قېتىق بىر تاۋاق سۈتنى قېتىقا ئايلاندۇرغاندەك، پىرقىرىغۇچ مۇز ئۈستىدە ئۇيۇپ قالغاندەك، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرى بىلەن ئۇيۇشقان بولىدۇ. ۋەتەن قۇرۇشقا ئۈمىدى بار مىللەتلەر كوچىلارغا نامايىش قىلىپ، چۇقان سېلىپ نەرە تارتىپ تۆكۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. ۋەتەن قۇرۇشقا ئۈمىدى بار كىشىلەرنىڭ يولىنى بىلەت باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشى، يۇقۇملۇق كېسەل قاپلاپ كەتكەن ۋەزىيەت شۇنداقلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇچۇشلار توسىيالمايدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر ئوت بولغان بولىدۇ. جا گۆلەندەن بىلەن جىك گۆلەندەن دەل مۇشۇ يەردە سىنىلىدۇ (گۆلەندەن مۇز تاقىقا كەلگەن مېھمان كىنو فىلىمىدىكى بىر پېرسوناژنىڭ ئىسمى).

ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ئېرىشكەن دىپلوملار بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ئىنكارچىلىق ۋە سەپسەتە تارقىتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلغار پىكىر، ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەرنىڭ ئىگىسى بولۇش بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

# مەردلىك ئەلچىسى ئۆزگىرىش تورى

كىشىلەرگە غەربنىڭ دېموكراتىيىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۆگىتىدىغان ئەڭ ياخشى مەكتەپ، ئاۋازى بوغۇلغانلار ئۈچۈن كەڭ قورساقلىق بىلەن سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىغان ئەڭ ئېسىل سەھنە، پۇقرالارنىڭ ھەر بىر ئىمزاسى، ھەر بىر ئاۋازى ئارقىلىق دۇنيادا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، دۇنيا ئادالىتىنىڭ ھاسا تايىقى بولۇش يولىنى تاللىغان مەردلىك ئەلچىسى «ئۆزگىرىش»، يەنى چەنج تور بېتى (www. change. org) دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىمزا توپلاش تورىدىن ئىبارەت.

ئۆزگىرىش تور بېتى بىرەر ساختىپەزلىك، بىرەر نامەردلىك كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ ھەرقانداق ئادەم چىقارغان ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىنى تور بېتىدە چەكلىۋەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇدا ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» تېمىسىدىكى ئىمزا توپلاش ھەرىكىتى تاقىلىپ كەتكەن بولسا ئىدى، بۇ يەردە چوقۇم بىر ساختىپەزلىك ۋە نامەردلىك مەۋجۇت دېگەن گەپ. چۈنكى ئۆزگىرىش تورى نامەردلىك بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نامەردلىك قىلىپ بازار تاپقان بىلەن ئۆزگىرىش تورى سەھنىسىدە بازار تاپقىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئاكا رىياسەتچىلىكىدىكى مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 2017 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغا قەدەر ئۆزگىرىش تورىدا ئۇيغۇرچە، رۇسچە، خىتايچە، تۈركچە قاتارلىق

نۇرغۇنلىغان تىللاردا ئېلان قىلغان 17 پارچىدىن ئارتۇق ئىمزا يىغىش ھەرىكىتى خىتايلارنىڭ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئۆزگىرىش تورىغا شىكايەت قىلغىنىغا قارىماي ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ تور بەتكە كىرىپ ئۇيغۇر دەپ ئىزدەش ئارقىلىق ھەممە ئىمزا توپلاشلارنى كۆرەلەيسىز.

ئەمما كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، دۇنيادىكى مەردلىك ئەلچىسى ئۆزگىرىش تورىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى خاس تور بەت ياساپ داۋاملىق ھالدا ئىمزا چاقىرىقى قىلىۋاتقانلارنىڭ «دەرھال بۆشۈكتىكى بالىلارغىمۇ، بىر-ئىككى ياشلىق بالىلارغىمۇ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئىمزا قويغۇزۇڭلار!» دېگەن نامەرد ئېلانلىرى قولاق تۈۋىمىزدىن كەتمەيدۇ.

شۇنداق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىراگا ئۇچرىشىشىغا كومپيۇتېرى پارىنكىدىن ھالقىغان 200 دىن ئارتۇق مەرد ۋەكىل ئۆز يانچۇقىدىن ئىقتىساد، ۋاقتى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن باشقا تەشكىلاتلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال ئىدى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلتاي نەق مەيدانىدا «ئىندىجىنۇس پىپۇل (يەرلىك مىللەت)» ۋە تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئاتا-ئانام نەدە؟» نامايىشى ھەققىدە سوئال سورىغان دوستلارنى ئالقىشلايمەن.

ئەگەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇياش پارلىمىغان بۇ 5 يىلدا شۇنچە ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شۇنچە ئۆمىلىگەن تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان خىيانەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالغا نامەردلەر تەرىپىدىن سۆرەپ كېلىنىدىغان بولسا، قەلەملىرىم سۇنۇپ كومپەيكوم بولۇپ كەتكىچە، ئاخىرقى

تىنىقلىرىم قالغىچە، نامەردلەرنىڭ يۈز كۆزلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىپ تاتىلاشقا ھازىرمەن.

ئەگەر مىڭ بىر مۈشكۈلات، جاپا ـ مۇشەققەت، نۇرغۇنلىغان بوران ـ چاپقۇن، قانچە ئەۋلاد بەدەللەر ئارقىلىق 20 يىلدا بىنا قىلىنغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ناملىق بۇ دەۋا ئىمارىتىنىڭ بىر تال كېسەكگە يامان نىيەت بىلەن قونغان قاغىنىڭمۇ كۆزىنى ئويۇۋالىمەن.

ئەگەر نومۇسلۇق تارىخىمىز قايتا تەكرارلىنىپ، ۋەتەن دەۋاسى يولىدىكى سەرخىللىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق گۈرۈچ ئىچىدىكى ئاق تاشلار ئارقىلىق قەدىرىنى سۇندۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالسا، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قاراڭغۇ ئورمانلىقنى يورتىدىغان دانكو بولۇشقا رازىمەنكى، ھەرگىز نامەردلەر ئالدىدا تەسلىم بولمايمەن.

شۇنداق، ئۇيغۇر دەۋاسى بەزىدە ۋەتەنىنىڭ نامى بىلەن، بەزىدە مىللەتنىڭ نامى بىلەن، بەزىدە ھەر ئىككىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئاتىلىپ كېلىندى.. مىللەت، تۇپراق ـ ۋەتەن ئۆز ـ ئارا جان بىلەن تەن بولۇپ، مىللەتسىز ۋەتەننى ياكى ۋەتەنسىز مىللەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ ئۈچىنىڭ قايسىسىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغانلىقىنى تالىشىپ، قىرقىپىتۇ دېسە كەسلەپتۇ دەيدىغان مۇنازىرە ئويۇنى ئەۋج ئېلىپ قالدى. بۇنداق ئورۇنسىز مۇنازىرىلەردىن ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

شۇنداق، پىراگا ئۇچرىشىشىدىن قايتىشتىكى پىراگا ـ ئامستېردام ـ تورونتو سەپىرىمدە ئىچىمنى چىرمىۋالغان يەنە بىر ۋىللىدە خۇشاللىق بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ كىتابلىرىمنى ئىمزالىق تارقىتىش ئىدى. ئايروپىلان ئىچىدە ئولتۇرغان ھەر بىر يولۇچىنىڭ ئوخشىمىغان خۇشاللىقى ۋە ئوخشىمىغان غەم ـ قايغۇسى بولۇشى

مۇمكىن. مېنىڭ ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە غەم-قايغۇم ۋە خۇشاللىقىم بار. قولۇمدا تۇرغان «5-فېۋرال ئارخىپلىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتابىم بىلەن «دونكىخوت ۋە سانچوپانزا ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىمنى خۇددى ئۈچ بالامنى باغرىمغا باسقاندەك ئىپتىخار بىلەن باغرىمغا باستىم. ئالدىنقى ئىككىسى ئىسيانكارلىق، قەھرىمانلىق ۋە بويۇن ئەگمەسلىكنىڭ شاھىتى ئىدى. «دونكىخوت ۋە سانچوپانزا ئۇيغۇرلار» دەپ شىۋىرلىدىم ماقالىلەر توپلىمىمنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ھەجەپ ياخشى ئىسىم قويۇپتىمەن ھە؟... دەپ يەنە پىچىرلىدىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

2202-يىلى 3-يانۋار، تورونتو

# ئۇكرائىنا روھى بىلەن 5-فېۋرال غۇلجا روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (1)

## مۇقەددىمە ئورنىدا

5 ـ فېۋرال كۈرەشچى پارتىزانلىرىنىڭ نە ناتوسى، نە ياۋروپا ئىتتىپاقى، نە ئامېرىكىسى، نە دۇنياغا ئېچىلغان ئىنتېرنېت ئۇچۇر ئالاقىسى بولسۇن؟ بۇنىڭ ئەكسىچە كۆپ سانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېرىنداشلىرىدىن تەركىب تېپىپ نامدا «شاڭخەي 5» دەپ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇرنى قوغلاپ تۇتۇش 5» تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنى چەمبەرسىمان قورشاپ تۇراتتى. بۇ مەھەللىدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن يەنە بىر مەھەللە خەۋەرسىز ئىدى. چۈنكى ئۇچۇر ـ ئالاقە ئىنتايىن قاتتىق كونترول قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ قول بومبىسى ۋە پارتلاتقۇچ ياسايدىغان ئىمكانىيەتلىرى ئىنتايىن چەكلىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، يالغۇز قالغان قارا يېتىم ئىدى. ئۇلار ياشاۋاتقان شەھەر خۇددى دوم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قارا قازان ئىدى. دۇنياغا داڭلىق كۆۋرۈك فىلىمىدىكى پارتىزانلار «ئاھ دوستلار خەير ـ خوش» ناخشىسىنى ئېيتىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان بولسا، 5 ـ فېۋرال غۇلجا پارتىزانلىرى قاپ ـ قارا قوي كۆزلۈگۈم، خانلەيلۇن، جۇنۇن، كۆچ ـ كۆچ ناخشىلىرىنى غىڭشىپ ئېيتىپ، ھەربىي كۈچ جەھەتتە دۇنيانىڭ «ئاكاڭ قارىغىيى مانا مەن» دەۋاتقان خىتاي ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەنىدى. غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇر تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كەڭ كۆلەملىك قارا قويۇق تۇتقۇن باشلانغانىدى. بۇ تۇتقۇننىڭ ئۇيغۇر تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان

بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ياشلارنىڭ نوقتىلىق هالدا تۇتقۇن ئوبيېكتى قىلىنىشى ئىدى.

شۇنداق، ئارقىسىدا دۇنياغا ھەيۋە قىلىۋاتقان غايەت زور ھەربىي كۈچنىڭ بولۇشى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنىڭ باشلانغانلىقىغا قارىماي، غۇلجىدىكى خىتايلار ئەيىيا ... ماماييا... دەپ، قىيا-چىيا يىغلىشىپ، غۇلجىنى تاشلاپ قېچىش ئۈچۈن، غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ قاتناش بېكىتى بولغان «دا شى جىي» غا ئېقىپ، ئۇ يەرنى قىستا-قىستاڭ قىلىۋەتكەنىدى.

ئارىدىن 6 ئايچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك، بۇ شەھەردە 3 تىن 5 كىچە ئۇيغۇرغا بىر ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن قورalliq خىتاي ئەسكەرنىڭ توغرا كېلىشىگە قارىماي، يەنە 10 مىڭ كىشىلىك 8660-قىسىمنى غۇلجىغا يۆتكەپ كەلدى. ئۇنداقتا خىتاينى بۇنچە ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن، قورقۇتۇۋەتكەن نەرسە نېمە ئىدى؟ بۇ غۇلجا خەلقىدىكى خۇددى ھازىرقى ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ مىللىي روھىغا ئوخشايدىغان، خۇددى سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك چاقناۋاتقان غۇلجا روھى شۇنداقلا ئەنگلىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى كاۋلى، دول ۋە بودىغا ئوخشاش ھېلى ئىلى دەرياسى بويىدا، ھېلى سادىر ئات چاپتۇرغان تاغ يوللىرىدا، ھېلى غوللاردا، ھېلى قوناقلىقلاردا پەيدا بولىدىغان ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى ئىدى.

بۈگۈن دۇنيا خەلقى ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى قانداق جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا ھەيران قالماقتا. شۇنداق، دۇنيا پەقەت دۇنيانىڭ كۆرۈنگەن يۈزىنىلا كۆرەلەيدۇ. دۇنيادا يەنە نۇرغۇنلىغان كۆرۈنمىگەن يۈزلەر جاسارەت بابىدا يا بالدۇر، يا كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ياكى مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ جۈملىدىن

دۇنيا بىخەۋەر قالغان نۇرغۇن قەھرىمانلىق ۋە جاسارەتلەرنى شۇنداقلا سىرلىق ھېكمەتلەرنى دۇنيادىن تولىمۇ ئۇزاقتا ئۇچۇر-ئالاقىدىن مەھرۇم قالغان، ئاستى شىپىتلەر بىلەن، ئۈستى خانلەيلۇن، ھارۋىكەش ناخشىلىرىنىڭ روھلارغا شۋىرلاشلىرى بىلەن تولغان غۇلجا شەھىرى باغرىغا چىڭ بېسىپ ياتماقتا.

بۈگۈن تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدىن ئۇكرائىنادىكى داڭلىق چولپانلارنىڭ، يېڭى توي قىلغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ، ياشانغان بوۋاي-مومايلارنىڭ ۋەتىنىنى، خەلقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلىنىشتا دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. نۇرغۇنلىغان ئايالار، ئوقۇغۇچىلار... ئىشقىلىپ پۈتۈن خەلقىنىڭ قوزغىلىپ قولىغا قورال ئالغانلىقىنى، ھەر يەرلەردە پارتلاتقۇچ بومبا ياساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بۇ كۆرۈنۈشلەر، ھەتتا بۈگۈنكىدىنمۇ قىممەتلىك بولغان كۆرۈنۈشلەر بۇندىن 25 يىل بۇرۇن دۇنيادىن ئىنتايىن ئۇزاقتا قالغان، تا ھازىرغىچە دۇنيا ئادالىتىنىڭ ئۆگەي بالىسى بولۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن غۇلجا خەلقىدە كۆرۈلگەنىدى.

غۇلجا تۇپراقلىرىدا قېتىپ قالغان ئۆلمەس ئۇيغۇر روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەر سېنارىيەسى

## 1-كۆرۈنۈش:

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى سەھەر. يەنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى 32 ياشلىق ھامىمات مەتىمىن، ئۇيغۇرنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن دېگەن مەقسەتتە خىتاينىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى خەنيۈەن ناھىيەسىدىن غۇلجىغا كەلگەن، مەملىكەتلىك 1-دەرىجىلىك مەرگەن، ئىلى ۋىلايەتلىك زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە ئەترىتىنىڭ

ئالاھىدە قوراللىق ساقچىسى لوڭ فېينىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقنى چۇۋۇپ، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدا شېھىت بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى كونسۇل مېھمانخانىسىدا، ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن غۇلجا 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى يىپىق سوت ئېچىلدى. غۇلجا شەھىرى تامامەن خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشالغانىدى. شەھەر سۈرلۈك، چارىسىز. غۇلجا خەلقى دوقمۇش ـ دوقمۇشتا قۇرۇلغان ھەربىي چازىلاردىن غەمكىن ھالەتتە بىرمۇ بىر ئۆتۈپ، ئوچۇق سوت مەيدانىغا قاراپ ئاقماقتا. تۇيۇقسىز شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقا توپا دەڭ، بوينى كېسىك تەرەپتىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، يالاڭ ئاياق بىر ئانا، سەھەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئاھ ... مېنىڭ ھەسەن ـ ھۈسەن قوشماقلىرىم ... ئۇلار تېخى 18 ياشقا تولمىغانىدى ... نومۇسسىز خىتاي تېخى 18 ياشقا تولمىغان جان ـ جىگەرلىرىمگە قانداقمۇ ئۆلۈم جازاسى بەردىڭ؟... دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، غەزەپ بىلەن يىغلىغان ھالدا يۈگۈرۈپ سوت مەيدانىغا كەلمەكتە ئىدى. ئانا پەقەت غۇلجا شەھەر بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنىغا كەلگۈچە ئاۋازىنى چىقىرالىغانىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى ئانىنىڭ قولىنى قايرىپ، كويزا سالغانچە ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ ئانا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدا بولغان توقۇنۇشتا دۈشمەن قولىغا چۈشكەن 16 ياشلىق قوشماق ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ ئانىسى ئىدى. ئوچۇق سوتتا 16 ياشلىق ھەسەن ـ ھۈسەن قوشماقلار بىلەن يەنە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر پارتىزانىغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۆلۈم جازاسى ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چاپچال ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا تۇتىشىدىغان چاپچال ئۆستەڭى بويىدا ئىجرا قىلىندى.

خىتاي ئەسكەرلىرى 5 ـ فېۋرال شىھىتلىرىنىڭ مازارلىرىنى بىر ھەپتە قوراللىق قوغداش ئادىتى بويىچە مازارلىقنى 24 سائەت نۆۋەتتە تۇرۇپ بىر ھەپتە ساقلىدى. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ قېرىنداشلىرى بۇ قەبرىنى غۇلجا شەھەر قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا يۆتكەش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئېلىپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە كۈتۈلمىگەن ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆردى. بۇ 4 نەپەر پارتىزاننىڭ قەبرىسى كۆتۈرۈلۈپ قايتىدىن ياسالغان بولۇپ، قەبرىنىڭ ئەتراپىغا گۈللەر تىكىلىپ باغچىغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلغانلار چاپچال ناھىيەسى قاينۇق يېزىسىدىكى يىگىتلەر ئىدى. قاينۇقلۇق يىگىتلەرگە! قاينۇقلۇق يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيا ئۇياقتا تۇرسۇن، بەزىلىرى قاينۇقنىڭ، بەزىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ باقمىغانىدى.

دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە غۇلجىدەك سەرخىل بىر شەھەرنىڭ قىزى بولۇپ قالغانلىقىمدىن چەكسىز غۇرۇر ۋە پەخىرلىنىش ھېس قىلىمەن. قاينۇقلۇق يىگىتلەر بىلەن ھەرقانداق ئۇكرائىنالىقنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى دۇنيا ئۇكرائىنانى، ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما قاينۇقلۇق يىگىتلەر بۇنداق غەنىيمەتتىن مەھرۇم.

ئۇكرائىنا خەلقى بىلەن چىش ـ تىرنىقىغىچە ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى توقۇنۇشقا كىرىپ، 16 ياشلىق ھاياتىنى ۋەتەن ـ خەلقىگە تەقدىم قىلغان ھەسەن ـ ھۈسەن قوشماقلاردىكى دۈشمەنگە قارشى روھنى سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا، بىز 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى،

دۇنيانىڭمۇ ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ، ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ دۈشمەنگە قارشى روھىدىن قېلىشمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بىلمەسلىك بىلەن بىچارە ۋە روھلار ئالىمىدە كەمبەغەل قالغانلىقىنى سېزەلەيمىز.

**2-كۆرۈنۈش:**

تارىخ يەنە شۇ كۈننى كۆرسىتىدۇ. ئەمما سېنارىيەنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئۆزگەرگەن. ۋاقىت چۈشكە يېقىن. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان 4 نەپەر ئۇيغۇر پارتىزان يىگىت خىتاي قوراللىق ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ياللىشى بىلەن ئوچۇق سوت مەيدانىدىن ئىلى دەرياسى بويىغا قاراپ يول ئالىدۇ. شەھەر تىمتاس ۋە غەزەپلىك. شەھەر مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، لەۋلىرىنى چىشلەيدۇ، ئەمما چارىسىز. شەھەردە خىتاينىڭ ئاق تېررورلۇقى ھۆكۈم سۈرمەكتە، ئەمما دۇنيا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز. شەھەرنىڭ خۇددى ئۇكرائىنا دۇچ كەلگەن ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرۈپ نەپرەت ئوقۇيدىغان ھۆر دۇنياسى، قاياشى يوق. خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك پارىلىرى، سەرخىل گۆھەرلىرى، ھۆرلۈك جەڭچىلىرى، خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ شېھىت بولۇش يولىنى تاللىغان پارتىزانلىرىنى ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان ھەربىي ماشىنىسى غۇلجا شەھەر تېببىي مەكتىپىدىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەھەر ياشلار بازىرىنىڭ ئالدىدىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ مۇز مەيدانى تەرەپكە قايرىلغاندا، ياشلار بازىرى (كونا ئىسمى بىدە بازىرى) نىڭ ئالدىدا بۇ جان-جىگەر ئاغىنىلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغان، بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ئاغىنىلىرىنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بۇ ئەزىمەتلەردىن رازىلىق تەلەپ قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئاغىنەم ھەسەن، ھۈسەن... ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن!

... خەلقىڭ سەندىن رازى... سەنمۇ بىزدىن رازى بولغىن... سادالار بىر ئاز يۆكسىلىشكە باشلىدى... ئەلۋىدا يىگىتلەر!... جاھان بۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ... قىساسىڭلار ھامان بىر كۈنى ئېلىنىدۇ!

تۇيۇقسىز تاتاتىلغان ئاپتومات ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ياشلار بازىرى ئالدىدا تۇرغان خەلق قالايمىقان ئوققا تۇتۇلۇشقا باشلىدى. خىتاي بارغانچە غالجىرلىشىۋاتاتتى. نەق مەيداندا غۇلجا شەھەر مويىكا مەھەللە ئازگال كوچىسىدىكى بىر كىشى، باشقا ناھىيەدىن كەلگەن يەنە بىر كىشى جان ئۈزىدۇ. ئۇنغا يېقىن كىشى يارىلىنىدۇ. خىتاي مەتبۇئاتلىرى بۇ قىرغىنچىلىقنى «ۋېلىسىپىتلىك مەھبۇس بۇلاش ۋەقەسى» دەپ بۇرمىلايدۇ.

ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ خاقانى ياڭ زىڭشىڭ، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەيلەردىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېنىنى شورىغان جاللات ۋاڭ لېچۇەن، بۇ قىرغىنچىلىق ھەققىدە سوئال سورىغان چەتئەللىك مۇخبىرغا پۈتۈنلەي يالغان-ياۋىداق جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئۇچۇم تېررورچىلاردىن تەشكىللەنگەن ۋېلىسىپىتلىكلەر گۇرۇپپىسى مەھبۇس ماشىنىسىنى بۇلاش ئۈچۈن ماشىنىغا يېقىنلىشىدۇ. ئەگەر بىز ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى ئاتمىغان بولساق، ئۇلار بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنى ئېتىۋەتكەن بولاتتى». ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قولىدا بىرەر تال كونا مىلتىق بولسىمۇ بولغان بولسا ئىدى ھە؟!

ئەلۋەتتە، مىللىي روھ ۋە قەھرىمانلىقلارنى سېلىشتۇرۇش بىر ئاز ئەپسىز ئىش. ئۇنداق ئىكەن، ئۇكرائىنالىقلاردىكى روھ بىلەن ئۇيغۇر روھىنى تارازىغا ۋە باز بازغا سالغۇم يوق. ئۇنداقتا ئۇكرائىنا روھى بىلەن ئۇيغۇر روھىنى قانداق باھالايمەن. بىرى چاقنىغان، دۇنياغا ئۆزىنى كۆرستىشكە مۇيەسسەر بولغان روھ، يەنە بىرى چاقنيالمىغان، قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بىليارت.

**3-كۆرۈنۈش:**

تارىخ يەنە شۇ كۈننى كۆرسىتىدۇ. ۋاقتى چۈشتىن كېيىن. ئورنى غۇلجا شەھەر سۇ دەرۋازا رايونىغا جايلاشقان ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدى. خىتاي تېررورچىلىرى تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلغان كىشىلەر، غۇلجا خەلقى تەرىپىدىن بۇ دوختۇرخانىغا جىددىي ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەمما دوختۇرخانا پۇل تاپشۇرمىغۇچە بۇ يارىدارلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۇيۇقسىز ئوققا تۇتۇلۇش سەۋەبىدىن ئېغىر يارىلانغان ئۇيغۇرلار، يەنە چارىسىزلىك ئىچىدە ئىڭراشقا باشلايدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ سېستراسى ۋىجدانلىق ئۇيغۇر قىزى نۇرىيە پەيدا بولىدۇ. ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە جىددىي خىتاب قىلىپ، ئوق تەككەن كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھالدا پۇل ئىئانە قىلىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. 10 يۈەن، 50 يۈەن، 100 يۈەن، 500 يۈەن، ھەتتا مىڭ يۈەن ... ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈكلەر تاشلىنىپ، 10 غا يېقىن ئوق تەگكەن يارىدارلارنى داۋالاش مەبلىغى تەييار بولىدۇ.

يارىدارلار مىڭ تەستە دوختۇرخانا ئىشىكىدىن ئىچىگە كىرەلەيدۇ. ئەمما داۋالاش پۇرسىتىگە ئېرىشكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارنى يەنە نۇرغۇن تۈگىمەس توساقلار ساقلىماقتا ئىدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەمتىمىن دوختۇر پۇل تۆلەش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولغان يارىدارلارنى جىددىي ئوپېراتسىيەگە ئېلىپ كىرىش تەييارلىقى قىلىۋاتقان پەيتتە، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن بۇگۈن ئەتىگەن ياشلار بازىرى ئالدىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدە ئوق تەگكەن يارىدارلارنى داۋالىماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق

تاپشۇرۇۋالدۇ. ئەمما مەمتىمىن دوختۇر بۇ بۇيرۇقنى رەت قىلىپ، بارغانچە قانسىراپ كېتىۋاتقان ياردارلارنى داۋالاشقا باشلايدۇ.

**4-كۆرۈنۈش:**

يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر يۈز بېرىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن. ئورنى ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى. سېستىرا نۇرىيە ئىشتىن قوغلاندى قىلىنىدۇ. دوختۇر مەمتىمىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، تەكشۈرۈشنامە يازىدۇ. شۇ كۈنى ياشلار بازىرى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، پۇتىغا ئوق تەگكەن، غۇلجا شەھەر باياندايى يېزا، 17 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رەھىم، «دۆلەت كادىرى تۇرۇقلۇق بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر يەردە بولغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن خىزمەتتىن قوغلىنىدۇ.

# ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5-فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (2)

## مۇقەددىمە ئورنىدا

5-فېۋرالدا تەشلەپكى ئاگېنتلىقى بىلەن گەلەنتىر ئاگېنتلىقى خىزمەت قىلاتتى.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى دۇنياغا بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان نە رويتېرىس ئاگېنتلىقى، نە ب ب س سى، نە باشقا ئاگېنتلىقلىرى بولسۇن؟ پۈتۈن مەللىلەرنى ئايغاقچى، تىڭتىڭچىلار، ئاساسى قاتلامنىڭ ئاكتىپلىرى، كۆتۈرمىكەش لالمىلار، ئاپشاركا ئىتلىرىنى يېتىلىۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى.

خىتاي ئۈچۈر-ئالاقىنى ئىنتايىن قاتتىق كونترول قىلغان بولۇپ، يەنە بىر مەللىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالاتتى. ئەمما غۇلجا شەھرىگە ئائىت پۈتۈن خەۋەرلەر پەقەتلا ئىككى ئورۇندىن ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ بىرى تەشلەپكى، يەنە بىرى گەلەنتىر ئىدى.

تەشلەپكى دوقمۇشى غۇلجا شەھرىنىڭ تۆت تەرىپىگە جايلاشقان مەللىلەردىكى ئۇيغۇر خەلقى كېلىپ تاتلىق تۇرۇم، رەخت، كۆكتات سېتىۋالىدىغان ئاۋات بىر دوقمۇش بولۇپ، سەل تۆۋەنگە، يەنى شەرق تەرەپكە قاراپ ئازراق ماڭغاندا توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ دېيىلىدىغان خىتاي بازىرىغا بارغىلى بولاتتى.

گەلەنتىر غۇلجا شەھرىدىكى مىڭدىن 1500 گىچە ئۇيغۇر تىجارەتچىنىڭ دۇكىنى جايلاشقان غۇلجىدىكى ئاساسلىق بازارلارنىڭ بىرى ئىدى. گەلەنتىر يەنە ساپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ بازىرى بولۇش بىلەن كىشىگە تولىمۇ ئىللىق تۇيۇلاتتى. ئەمما بۇ بازاردىمۇ ئەلۋەتتە تەكشى بولمىغان، خىتاينىڭ ئۇيغۇر غالچىلىرىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولغاچقا بازارغا نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش بانىسىدا تەشلەپكى دوقمۇشىدا بىر دەم توختاپ ئۆتكەن، سودا-سېتىقچىلار مەھەللىلىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، ئاپشاركىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىم كېچىدە كىمنىڭ دەرۋازىسىنى قانداق قاققانلىقىنى، كىملەرنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى، قەيەرلەردە توقۇنۇشلار بولغانلىقىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى.

1998-يىلى مارت ئايلىرى ئەتراپىدا خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىنىڭ غۇلجا شەھەر ئايدۆڭ مەھەللىسىنى قورشىۋالغانلىقى، پارتىزان ئاكا-ئۇكا خەمىت مۇھەممەت بىلەن زۇلپىقار مۇھەممەتنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر مانا مۇشۇ «گەلەنتىر ئاگېنتلىق» دىن تارقالغانىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي ساقچىلىرىنىڭ زۇلپىقار مۇھەممەتنى قولغا ئالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرمۇ مۇشۇ گەلەنتىر ئاگېنتلىقىدىن تارقالدى. دەل شۇ كۈنلىرى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياش يىگىتلەرگە قارىتا چىقىرىلغان تۇتۇش بۇيرۇقلىرى غۇلجا كوچىلىرىنى قاپلاپ كەتتى. بۇ تۇتۇش بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىچىدە پارتىزان خەمىت مۇھەممەت بىلەن، پارتىزان زۇلپىقار مۇھەممەتنىڭمۇ رەسىمى بار ئىدى.

شۇنداق، تەشلەپكى ئاگېنتلىقى بىلەن گەلەنتىر ئاگېنتلىقىغا تارقىتىلغان ئۇچۇرلار سان-سىپىرلار مەلۇماتى جەھەتتە مۇكەممەل سانىلىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئىشەنچلىكلىكى جەھەتتە

چاتاق يوق ئىدى. بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەر ئۇكرائىنا خەلقىگە ئوخشاش دۇنياغا ئاشكارىلىنىشى يۈزدە 95% مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۆز ئىچكى قىسمىدا بولسىمۇ خىتاي قىرغىنچىلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى بۇ ئاگېنتلىق سايىسىدە.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجا تۇپراقلىرىدا قېتىپ قالغان ئۆلمەس ئۇيغۇر روھىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەرنىڭ سېنارىيەسى.

### 1-كۆرۈنۈش:

تەخمىنەن 1997-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى 1998-يىلىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى غالجىرلاشقىنىغا قارىماي، غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق نوغايتۇ كۆمۈر كېنىدىن، پارتلىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان 30 كىلو كاپسۇل يوقاپ كەتتى.

### 2-كۆرۈنۈش:

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجا شەھەر، ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت قەرەللىك سائەت ساتىدىغان دۇكانلارغا قارىتا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، قەرەللىك سائەت سېتىۋالغۇچىلار كۆرۈلسە دەرھال مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇردى. شۇنداقلا قەرەللىك سائەت ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ سانىنى كۆرۈنەرلىك ئازلاتتى.

### 3-كۆرۈنۈش:

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، 4-3 نەپەر ئۇيغۇر ياش، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەممە دۇكانلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، مەلۇم بىر دۇكاندا 30 دانە قەرەللىك سائەتنىڭ بارلىقىنى بىلدى ۋە بۇ قەرەللىك سائەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغانلىقىنى پىرىكازچىككە

ئېيىتتى .

بىر پىرىكازچىك قەرەللىك سائەتلەرنى بىرشىنىڭ كويىدا يۈرگەندەك قىياپەتتە بولسا، يەنە بىر پىرىكازچىك چاندۇرماي ساقچىغا مەلۇم قىلىۋەتتى. يىگىتلەر غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت يېنىدىكى قورۇدا قولغا چۈشۈپ قالدى.

ئىسست، چارىسىزلىق... ئىسست تەجرىبىسىزلىك. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسى نوغايتۇ كۆمۈر كېنىدىن 30 كىلو پارتلاتقۇچ دورا ئوغرىلاپ پارتلاتقۇچ بومبا ياسىماقچى بولغان تېررورچىلارنىڭ قولغا چۈشكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى. بۇ پارتلاتقۇچ دورا ھەققىدىكى مەن تۇيغان ئاخىرقى خەۋەر ئىدى. تەشلەپكى ۋە گەلەنتىر ئاگېنتلىقىدىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. ئۇ بىر گۇرۇپپا ياشلارنىڭ تەقدىرى زادى قانداق بولغاندۇ؟

**4-كۆرۈنۈش:**

تارىخ بۇگۈننى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئورنى ئۇكرائىنا. تېلېۋىزوردىن ھەر قېتىم ئۇكرائىنادىكى ھەرقايسى شەھەر خەلقلىرىنىڭ كوللېكتىپ يىغىلىش ئورۇنلىرىغا يىغىلىپ، ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، پارتلاتقۇچ بومبا ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر ياساۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئاشۇ قاپلان يۈرەك قورقماس غۇلجا پارتىزان يىگىتلىرى خىيالىمدىن كېچىدۇ. ئوخشاش كۆرۈنۈش، ئەمما ئوخشىمىغان تەقدىر ۋە تەبىر سەۋەبىدىن ئۇكرائىنالىقلار قەھرىمان، ئۇيغۇرلار تېررورچى.

**5-كۆرۈنۈش:**

1998-يىلى غۇلجا شەھەر قاردۆڭ يېزىسىدىكى رامىزان ئىسىملىك بىر تۇڭگاننىڭ ئىستانوك زاۋۇتىدا قولىدا بىرمۇنچە

چېرتيوژلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. رامىزان ئۇستا ئاشۇ چېرتيوژلار بويىچە تۆمۈرلەرنى كېسىپ قىرىپ، سىلىقلاپ بەردى. بىر كۈنى رامىزان ئۇستىنىڭ ئىستانوك زاۋۇتى ساقچى ۋە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قورشىلىپ، رامىزان ئۇستا قولىغا كويزا سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلدى ۋە 3 يىل كېسىلدى. رامىزان ئۇستا تاس قالدى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىلى. ئەگەر ئۇ تاپقان تەرگىنىنى خەجلەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلىمىغان بولسا. ئۇ ئالىلقاچان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولاتتى. بۇ ئىشنى قىلغانلار خىتاينىڭ تۈيۇقسىز تۇتقۇن قىلىشىدىن قېچىپ چەكسىز كەتكەن قوناقلىقلاردا، ئىلى دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقلاردا تۈنەپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ جاجىسىنى بېرىپ ئۆلۈش يولىنى تاللىغان ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى ئىدى.

### 6-كۆرۈنۈش:

يەنە شۇ ھۇقۇقپەرەس، شەرەپ تاختىسىپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ خائىنلىق ۋە ئايغاقچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى ئاستىدىكى ئازغال مەھەللىدە، ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرىگە ئائىت چوڭ قورال-ياراق ئىسكىلاتى پاش بولۇپ قالدى. دېمەككى، ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى ئىنتايىن پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالەتتە خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى. ئىست چارىسىزلىق...

### 7-كۆرۈنۈش:

يۇقىرىدىكى سېنارىيە كۆرۈنۈشلىرى گەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما چارىسىزلىقلار ئىچىدىن چارە يوللىرى

ئىزدىگەن غۇلجا ياشلىرىنىڭ ئۆزىنى دۇنيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچمەن دەپ كۆرەڭلەۋاتقان خىتايغا قارشى ئورنىدىن پۈتۈنلەي دەس تۇرۇپ قوزغالغانلىقىنىڭ، پىچاقنىڭ سۆڭەككە يەتكەنلىكىنىڭ، خىتاي زۇلمىنىڭ تاشقىنلاپ كەتكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. شۇنداق، خىتاي ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ روھىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ئۇيغۇر روھىنى بۆشۈكىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ساقچى، ئەسكەر، ئايغاقچىلارنى غۇلجا كوچىلىرىغا ۋاشاڭ قىلىپ تۆكۈۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا پىچىرلىشىشىنى توساپ قالالمىدى.

يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر تىز پۈكمەس ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلغاندەك سۈرۈپ-توقاي قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۇلار قۇرغان ئاسماندا تور يەردە قاپقانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەمەلگە ئاشۇرغان ئۆز-ئارا ھەمكارلىقى ئىدى. تۈركلەردە بىر گەپ بار «ئەينى تىلدا سۆزلەشكەنلەر ئەمەس، بەلكى ئەينى پىكىردە ئورتاقلاشقانلار ھەمكارلىشالايدۇ» دەيدىغان. غۇلجا پارتىزان يىگىتلىرى ئەنە شۇ نۇقتىدا، يەنى بىردىنبىر دۈشمىنىمىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىكەنلىكىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانىدى.

قەھرىمان شېھىت ھامىمات ئۆلدى. ئەمما ھامىماتلىق ئۆلمىدى. قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەي ئۆلدى، ئەمما تۇرسۇن سەلەي روھى ئۆلمىدى. ھاي...ھاي، چاقچاق قىلماڭ غۇلجا شەھىرىگە. بۇ شەھەرنىڭ ئۈستىدە ئادەم قالمىغان بىلەن، ئاستى شېھىتلەر، ئۆلمەس داستان ۋە روھلار بىلەن لىق تولغان. يەنە شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بۇ روھلار كۆكلەيدىغان.

2022-يىلى 12-مارت، تورونتو.

# ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5-فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (3)

## مۇقەددىمە ئورنىدا

بۈگۈن دۇنيا ئۇكرائىنالىقلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا، ئۆزىنىڭ ئار-نومۇسىنى قوغداش روھىغا، تاجاۋۇزچى دۈشمەننى ئانا تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تېپىرلاشلىرىغا، چارىسىزلىق ئىچىدىن چارە ئىزدەۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇكرائىنا مەسىلىسى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىممەتلىك دەرس بولدى. ئۇكرائىنا مەسىلىسى بەزى ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى «مىللىتىڭ دېمەك تېررورلۇق دېمەك» دېگەن چۈشەنچىلەرگە ئېغىر سوئاللار تاشلاپ قويدى. ئۆزىنىڭ ئىنقىلابى كۈرەشلىرى ۋە بۇ كۈرەشلەر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بىباھا قەھرىمانلىق ھەرىكەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدىغان، دۇنيا بىزنى نېمە دەپ قالار؟ تېررورچى دەپ قالارمۇ؟ دەيدىغان روھى خۇدۈكسىرەشلىرىگە ئۈنۈملۈك دورا بولدى. تېررورچى دەپ ئاتىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى ئىچىدە، قورال ئارىلاشقان، دىنىي ئەقىدە ئارىلاشقان ئىنقىلابى كۈرەشلىرىمىزدىكى دۈشمەنگە قارشى قىممەتلىك روھىمىزا تەبىر بېرەلمەسلىكتەك تېگىرقاشلىرىمىزنى خۇددى قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە تۇيۇقسىز سەرەڭگە يېقىلغاندەك ئايدىڭلاتتى. كەسكىن قىلىپ ئېيتىش كېرەككى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈندىن 25 يىل بۇرۇن خىتاينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ خىتايغا قارشى ئېلىپ بارغان، ھازىرقى ئۇكرائىنا روھى بىلەن قېلىشمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك روھلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر مەسىلە بار دەپ

قارالسا بىزنىڭ بۇ روھنى جۇلالاندۇرالمىغانلىقىمىزدا.

ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغىتىدە ئەزەلدىن «تېررور» دېگەن ئىبارە بولۇپ باقمىغانىدى. دۇنيامۇ بۇ ئىبارىگە ئېنىقلىما بېرىش مەسىلىسىدە بىر ئالدىغا بىر ئارقىغا دەسسەپ، خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ يۈردى. كۈچلۈكلەر «تېررورىست» دەپ ئاتىغانلارنى ئاجىزلار «قەھرىمانىم» دەپ ئۇلارغا قالقان بولدى.

11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن پەيدا بولغان خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ نىشان-ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولغان تالىبانلارنىڭ تويۇقسىز ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ھۆكۈمەت قۇرۇشى ۋە دۇنيادىكى كۈچلەرنىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە تازىم قىلىشى، تېررور ۋە تېررورىزم دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دېمەك، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بىگۇناھ خەلقلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئاجىز خەلقلەرنىڭ زۇلۇمغا، مۇستەملىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى «تېررورىزم» دېگەن ئىبارە بىلەن قارىلاپ كەلدى. خەلقئارا كۈچلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئەتىگەنىدە «تېررورچى» دەپ ئاتىغانلىرىنى چۈشتە «مىللىي قەھرىمان» دەپ پەردازلاپ كەلدى.

گەرچە خىتاي ئەينى چاغدا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش» ۋەقەسى دەپ تەبىر بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما 2001-يىلىدىكى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، تېررور قالپىقىنى كىيگۈزگەنىدى. بۇ ھەقتىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى قىسقارتىپ بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىساق، ھازىرقى ئۇكرائىنا روھىنىڭ بۇندىن 25 يىل بۇرۇن ئىلى ۋادىسىدا چاقنىغانلىقىنى، چاقنىغاندىمۇ ئۇيغۇر

خەلقىنى غۇرۇرلاندۇرغىدەك دەرىجىدە چاقنىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال كۈنى، غۇلجا تۇپرىقىدا قېتىپ قالغان ئۇيغۇر مىللىي روھىغا ئائىت قىممەتلىك سېنارىيەلەر كۆرۈنۈشلىرى

**1 ـ كۆرۈنۈش:**

ئۇلار، يەنى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركىلىرى ھەر ئىشنى پىلانلىق ۋە بىر مەنە بىلەن تارىختا تامغا ئۇرغۇدەك شەكىلدە ئېلىپ بارغانىدى. تارىخ شۇ يىلقى رامىزان ئايلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇلار رامىزاننىڭ 72 ـ كۈنىنى، يەنى شۇنچە قەدىر كۈنىنى خىتايدىن ئىبارەت بۇ دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتتى. رامىزاننىڭ 26 ـ كۈنى كېچىسىنى ئۇلار تۈنەك كېچىسى، يەنى ئىبادەت ۋە دۇئا كېچىسى قىلىپ بېكىتتى. گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مەھەللىلەردە بۇ ئەھمىيەتكە تولغان، ئۇيغۇر تارىخىغا مۆھۈرىنى باسقان يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالدى. سۈبھى تاڭغا يېقىن غۇسلى تاھارەتلىرىنى ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نامازلىرىنى چۈشۈرۈپ ئۆلۈمگىمۇ، كۆرۈمگىمۇ تەييار بولۇشتى.

زولۇقلىرىنى يەپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلار بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان تۆپچى مەھەللىسىدىكى ئالىمجاننىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئېلىشتى. ئۇلار نامايىشقا كۆتۈرۈپ چىقىدىغان لوزۇنكىلارنى مۇشۇ ئۆيدە يېزىپ تەييار قىلىشقان بولۇپ، لوزۇنكىغا كەلىمەئى شاھادەت، يەنى «گۇۋاھ بېرىمەنكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە يەنە گۇۋاھ بېرىمەنكى مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە

جۈملە يېزىلغانىدى.

**2 -كۆرۈنۈش:**

خىتايغا قارشى ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتى، قۇللۇققا، ئۇستى ئوچۇق تۈرمىگە، قانۇنسىز تۇتقۇنغا قارشى قوزغىلىش ھەرىكىتى، ئۇيغۇر خەلقىنى ئوچۇق-ئاشكارا، ئەركىن ھالەتتە ئۆز دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ھەرىكىتى، يەنى شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىت ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبارىلەردىن بىرى بولغان «ئوچۇق-ئاشكارا دەۋەت» مانا مۇشۇ يەردىن، مانا مۇشۇنداق سەھەردە قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك كۆتۈرۈلدى ۋە باشلاندى.

سەپنىڭ ئالدىدا ياش سەركىلەردىن ئابدۇخېلىل مىجىت، روزىمۇھەممەد مەتنىمىن، ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان، ئابدۇكېرىم ئەخمەت قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، نامايىشچىلار خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن سەۋەبسىز ھالدا تۇتقۇن قىلىنغان ئابدۇخېلىل مىجىت مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى 332 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردە كەڭرى قانات يايغان ھەرقايسى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى بۇ نامايىشقا چىقماسلىق تەرەپدارى بولۇشتى. ئابدۇخېلىل مىجىت ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلدى. ئەگەر غۇلجا شەھىرىدىكى باشقا مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى بۇ نامايىشقا قېتىلغان بولسا بۇ بەلكىم 10 مىڭ كىشىلىك نامايىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما نامايىشقا چىققان ۋە چىقمىغان مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش بىر قىسمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قارا قويۇق تۇتقۇن ۋە قىرغىندىن ئىبارەت پاجىئەلىك تەقدىر ئىدى.

شۇنداق، ئۇلار ھەر ئىشنى ناھايىتى پىلانلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بارغان بولۇپ، نامايىش سېپى ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە رەتلىك ئىدى. ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن تەشكىللەنگەن نامايىش سېپىنى قوغداش ئەترەتلىرى تۈرغۈزۈلغان بولۇپ، ئۇلار خىتاي پۇقرالىرىنى ئۇرماسلىق، قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

نامايىشچىلار قوشۇنى بېشىغا نوركا قۇلاقچا، ئۇچىسىغا شۇ چاغدا مودا بولغان قىممەت باھالىق خۇرۇم چاپانلار كىيىشكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى خىتاي ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىسلاھات سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن شەرقتە گۇاڭجۇ-شاڭخەي، غەربتە باراخولكا-تور بازارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا سودا قەلئەلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى دادىللىق بىلەن چەككەن ۋە پۇل تاپقان، تاپقان پۇلىنى مائارىپقا، نامراتلارغا ياردەم قىلىشقا ئاجراتقان غۇلجا خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەخىرلىك ئوغلانلىرى ئىدى. نامايىشچىلار كۆنچى مەھەللىسى، غالىبىيەت ئاياق زاۋۇتى، مېنىڭ سۆيۈملۈك تۆرەم مەھەللەم قاتارلىق ھاۋا رەڭ سىنكە بىلەن ئاقارتىلغان مەھەللىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ شىمالغا، يەنى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى بازار ۋە كوچا-رەستىلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بۇ سىمالار كۆرۈنۈشتە ئاددىي بىر نامايىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ ئاددىيلىق ئىچىگە قانچىلىغان كىتابلار يېزىلغۇدەك قىممەتلىك روھ، ئۇكرائىنالىقلار روھىدىنمۇ قېلىشمايدىغان قىممەتلىك روھ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. 233 نامايىشچى، 233 ئۇيغۇر قىسمىتى، 233 كىتاب يېزىلغۇدەك قەھرىمانلىق داستانى، ھېكايە ۋە قىسمەتلەر غۇلجا كوچىلىرىغا سىڭىپ كەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىتاي يۈزىدىكى نىقابىنى ئېچىۋەتتى. نامايىشچىلارنىڭ شۇنداقلا غۇلجا خەلقىنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى تىراگېدىيەگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

نامايىشچىلار ئوق يامغۇرىغا تۇتۇلدى.

1962 ـ يىلى، غۇلجىدا يۈز بەرگەن ماي ۋەقەسىدىن كېيىنكى خەلقىنىڭ ئوققا تۇتۇلۇش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئەمما يىراق قىرلاردا، غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە يول كۆرسىتىدىغان شام ـ چىراغلار پىلىلداشقا باشلىدى.

**3 ـ كۆرۈنۈش:**

5 ـ فېۋرال نامايىشچىلىرى غۇلجا شەھەر مەركىزىگە كىرىشتىكى مۇھىم دوقمۇشلارنىڭ بىرى بولغان تەشلەپكى دوقمۇشىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە ئۇلارغا نىلقا ناھىيەسىدىن كىرگەن بىرمۇنچە نامايىشچىلار قوشۇلدى.

غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدىن كىرگەن نامايىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ كافىرۇن سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدىن ياسالغان لوزۇنكىسى بىلەن نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يەر ئالغانىدى.

دېمەك، كەلىمەئى شاھادەت بىلەن كافىرۇن سۈرىسى نامايىش، يەنى ھەرىكەتكە ئۆتۈش بىلەن چەمبەرچاس بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدى.

كافىرۇننىڭ مەنىسى «ئىنكارچىلار، تۇز كورلار، مۇنكەرلەر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، كافىرۇن سۈرىسى قۇللۇققا، مۇستەملىكچىلىككە قارشى ئىسيان سۈرىسى، ئەركىنلىككە چىلىنغان چاقىرىق سۈرىسى ئىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، سېنىڭ دىنىڭ ساڭا، مېنىڭ دىنىم ماڭا، مەن سەندەك بولالمايمەن، مەن ئانا تۇپرىقىمدا ئۇيغۇر بولۇپ ياشايمەن ياكى ئۇيغۇر بولۇپ ئۆلىمەن، چىدىساڭ مانا چىدىمىساڭ ئالە جانىنى... دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەبىت خىتاي

ئالدىدىكى مەيداننى ئېنىق ئىپادىلىگەنىدى. ئۇيغۇرلار ھەرقايسى دەۋرلەردە مانا مۇشۇنداق قەيسەر ۋە جەسۇر، كەسكىن ۋە مەردانە بولۇپ ياشاپ كەلدى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاستىغا يەنە ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ روھىدىن ھېچ قېلىشمايدىغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك روھلار مۇجەسسەملەشكەنىدى.

#### 4-كۆرۈنۈش:

قىشنىڭ ئەڭ قەھرىتان سوغۇق ئايلىرى ھېسابلانغان فېۋرالدا غۇلجا كوچىلىرىدا نامايىشچىلار سېلىپ تاشلىۋەتكەن نوركا قۇلاقچا، قىممەت باھالىق خۇرۇم چاپانلار، ئۇندىن باشقا ئۇلار يىرتىپ تاشلىۋەتكەن خىتاي پاسپورتلىرى، توي خەتلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. بەلكىم ئۇلار ئىسسىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

#### ئىلاۋە:

يۇقىرىدىكى 4-كۆرۈنۈش غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى ھەققىدە ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قىلىنغان، توغرا-خاتالىقى تارازىغا كۆپ سېلىنغان نۇقتا بولۇپ، بەزىلەر بۇنى خىتايىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشتىكى قەھرىمانلىق دەپ چۈشەنسە، بەزىلەر ئەخمىقانىلىق دەپ چۈشەندى. مەن بۇ نۇقتىدا 5-فېۋرال كۈرەشچىلىرىنى پۈتۈنلەي ئاقلاپ، ياقا يىرتىپ نالىسىنى قىلىش تەرەپدارىمەن. چۈنكى 1940-يىللاردا ئامېرىكىدىكى نېگىرلارنىڭ مالكوم X كە ئوخشاش قارا تەنلىكلەرنىڭ دەردىنى تۆكىدىغان، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان ئالېكس ھاللەيدەك يازغۇچىلىرى بار ئىدى. بۇ جەھەتتە نېگىرلار ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن بەختلىك بولۇپ، 5-فېۋرال غۇلجا مەشرەپ ھەرىكىتى، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى

شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئۇنداق يازغۇچىسى يوق ئىدى. خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا بۇنداق نەرسىنى ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى.

ئابدۇخېلىل مىجىت ھەققىدە بىتەرەپ كىتاب يازىدىغان، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكلىرى، ئەقىل-پاراسەت بىلەن قىلغان ئىشلىرى ۋە ھاماقەت-ئەخمەقلىقلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدە تۇرماستىن، ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ھەق ۋە ئادالەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە باھا بېرىدىغان ۋە قەلەمگە ئالىدىغان بىرەر خىتاي قەلەمكەشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن خىتاي پاسپورتىنى، ماشىنا پىراۋىلىرىنى، توي خەتلىرىنى يىرتىپ تاشلىۋېتىش مەسىلىسىگە باھا بېرىشكە ئاجىزمىز.

**5-كۆرۈنۈش:**

نامايىشچىلار غۇلجا شەھىرىدىكى ئاساسلىق چوڭ كوچىلاردىن قىزىل بايراق، پىرقىراتما قاتارلىقلار ۋە ئۈچ دەرۋازا 10-ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى، يەنى ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرەپكە قاراپ ئايلانغاندىن كېيىن، ئەسكەر ۋە ساقچىلار نامايىشچىلار توپىنى قورشاشقا باشلىدى.

ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاشقانسېرى سىرتتىن قوشۇلغان كىشىلەر بىلەن نامايىشچىلار توپى ئالىلقاچان مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن

ئىدى. بۇ كۈنلەر روزا ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن غۇلجا شەھىرى سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى ناھىيە ۋە يېزىلاردىن كىرگەن ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئىنتايىن سوغۇق بىر كۈن ئىدى.

## 6-كۆرۈنۈش:

خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى نامايىشچىلار قوشۇنىنى بۆلۈپ تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە گىرە سېلىۋالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى بىردىن، بىردىن سۆرەپ، نامايىش قوشۇنىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياش ئاققۇزۇش بومبىسى تاشلاشقا باشلىدى. نامايىشچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى بىر ياش چەبدەسلىك بىلەن بومبىنى بىر تېپىۋىدى، قاڭقىپ بېرىپ خىتاي ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ئىس ـ تۈتەك پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

## 7-كۆرۈنۈش:

خىتاي ساقچى، ئەسكەرلىرى تېخىمۇ غالجىرلىششقا باشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، نامايىشچىلار قوشۇنىنى ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قورۇسى ئىچىگە سولىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نامايىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقارغانىدى. شۇ كۈنى غۇلجا شەھەر پەنجىم يېزىسىدىن كىرگەن بىر نامايىشچى ياشنىڭ ئوشۇقىغا ئوق تەگدى.

## 8-كۆرۈنۈش:

نامايىش قانلىق باستۇرۇلدى. قول ـ پۇتلىرىغا ئوق تەگكەن ياشلار خېلى كۆپ ئىدى. كالتەك، توقماقلار بىلەن دۇمبالىنىش

ئادەتتىكى ئىش ئىدى. خىتاي ئەسكەرلىرى تاياق زەربىسىدىن ئېغىر ھالسىرىغان ياشلارنى ھەربىي ماشىنىنىڭ ئۈستى ئوچۇق كوزۇپىدا يۆتكەپ ئېلىپ ماڭدى. ماشىنا كوزۇپىدا ئۆرە تۇرغان ۋە تاياق زەربىسىدىن ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالمىغان ياشلاردىن ئاققان قانلار كوزۇپنى قىپقىزىل رەڭگە بويىۋەتكەنىدى. شۇ كۈن ئۆلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقىدا خىتاينى شۇنچە نۇرغۇن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر... قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەركىن ئىپادە قىلىپ 3 ـ 2 سائەتمۇ تۇرالمىغانىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىدىمۇ، ئوي ـ چۈشەنچىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. شۇ كۈن بۈگۈنكى جازا لاگېرىنىڭ تۇنجى پەلەمپىيى ئىدى. ئۇكرائىنالىقلار قاراڭغۇ كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىغا ئاران بىر ئاي بولغان بولسا، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بۇ زۇلۇمەتلىك كەچمىشكە 70 يىلدىن ئاشقانىدى.

#### 9-كۆرۈنۈش:

نامايىشچىلار قولىغا كويزا، يۇتىغا كىشەن سېلىنغان ھالەتتە ئاۋۋال ئىلى ئوبلاستلىق ۋە غۇلجا شەھەرلىك ساقچىخانىغا يۆتكەپ كېلىندى. ئاندىن غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسى، كۈنەس قارا بۇغرا تۈرمىسى، تېكەس تۈرمىسى قاتارلىقلارغا يۆتكەلدى. ئابدۇخېلىل مجىت قاتارلىق نامايىش سەركىلىرى چاپچال ناھىيەسىدىكى سۇ تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېتىلدى.

#### 10-كۆرۈنۈش :

ئۈچ ئايغىچە ھېچ بىر ئائىلە 5 ـ فېۋرال كۈنى تۇتقۇن قىلىنغان پەرزەنتلىرى ھەققىدە خەۋەر ئالالمىدى. بۇ جەرياندا ئائىلىسىگە

جەستى تاشلاپ بېرىلگەن پاجىئەلەر خېلى كۆپ بولدى. غۇلجا شەھەر تۆپچى مەھەللىسىدىن، يەنى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى سەركىسى روزىمۇھەممەد بىلەن بىر مەھەللىلىك بولغان ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ جەستى ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھەر قارادۆڭ دوختۇرخانىسىغا تاشلاپ قويۇلدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئەنۋەر ئەخمەتجان كۆرگىلى بارغاندا، بىر ئىنسانىنى ئەمەس بەلكى قاپقارا تۆمۈردەك ھالەتكە كېلىپ قالغان ئەخمەتجاننىڭ جەستىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى.

### 11-كۆرۈنۈش:

تەخمىنەن 2001 ـ يىللىرى كۈز مەزگىلى بولسا كېرەك، خىتاي دائىرىلىرى سەركە ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ جەستىنى تۇرمىدىن ئاچىقىپ بەردى. خىتايلار سەركە ئابدۇخېلىلنىڭ مېيىتىنى پەقەت ئانىسى نۇرىمانقىز، دادىسى مىجىت قارىم ۋە تاغىسى ئىبراھىم داموللامىلارنىڭ تۇپراق بېشىدا قىسقا كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىپ كۆمۈۋەتتى.

قەيسەر ئانا نۇرىمانقىز خانىم ئوغلىنىڭ تاياق ۋە ھەر خىل تەن جازاسى زەربىسىدىن كىچىكلەپ قورۇلۇپ قالغان بەدىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئېچىنغانىدى. ئەمما ئوغلىنىڭ: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئاۋارە بولماڭلار، يىغا ـ زارە قىلماڭلار، مەن بۇ يولنىڭ ئۆلۈم يولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ماڭدىم. ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن. سىلەرنىڭمۇ مەن شېھىت بولغاندىن كېيىن قەيسەر ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتقانىدى.

### 12-كۆرۈنۈش:

شۇنىڭ بىلەن، 1990 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغا قەدەر 10

يىللىق 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ پەردىسى خىتاي تەرىپىدىن يېپىلدى. ئەمما بۇ 10 يىل جەرياندىكى غۇلجا خەلقىنىڭ ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ مىللىي روھىدىن قېلىشمايدىغان ھېكايە، داستانلىرىنىڭ پەردىسى ئەمدى ئېچىلىشقا باشلىدى. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ .

# ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5-فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (4)

## يېرىلىك تېشىم «كېپەكىستان» (1)

### مۇقەددىمە

كەچ كىرىپ كېلىپ سەھەردە ئېتىز قىرلارنى شەبنەم باسقان كۈنلەردە ئانام رەھمەتلىك نان ياققان تونۇرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتۇق، ئاۋۋال ئىسسىق نانغا ئاندىن، كۆمەچ نانلارغا ئېغىز تېگەتتۇق. ئاندىن بەزىلىرىمىز تونۇر بېشىدا، بەزىلىرىمىز چوغى تارتىۋېتىلگەن ئىسسىق تونۇرغا پۇتىمىزنى ساڭگىلاتقانچە پاراڭغا چۈشەتتۇق. ئىسسىق نان يە بالام دەپ تەگلەيتتى تونۇر تەپتىدىن يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان ئانام مەن بىلەن قورۇغا ئوينىغىلى كىرگەن دوستلىرىمغا. ئانامنىڭ نان ياققان چاغدا تونۇر بېشىدا، تونۇر ئۇرغان ئوت تەپتىدىن باشقىچە گۈزەللىشىپ كېتكەن ھالىتىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. مەن ئۇنىڭغا پات-پات قاراپ قوياتتىم زوقۇم كېلىپ. ئاندىن ئاتۇش ئازاقلىق ئانام، ئاللا ئاللا روزىلەم... قوينىڭ بالىسى قوزىلەم دېگەن ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتاتتى.

ئاندىن بىرگە بۇ ناخشىنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشىنى ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە سۆزلەپ بېرەتتى. ئاتۇشلۇقلار ناھايىتى قوشاقچى كېلىدۇ دەپ مەغرۇرلىنىپ سۆزلەيتتى ئانام. ناھايىتى.... دېگەن سۆزنى ئۇرغۇ بىلەن سەل سوزۇپ ئالاتتى. «روزىلەم» دېگەن ناخشا ئەسلىدە 12 ياشلىق روزىلەمنىڭ يامان كىشىلەر

تەرىپىدىن باسقۇنچىلىقا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدا، پەتىچىلەر كەلگەندە ئانىسى تەرىپىدىن يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇلغان قوشاق ئىكەن دەيتتى ئانام ئىچىگە ئۇھ تارتىپ. بىز بىر هازاغىچە ئانامنى ئورۇۋېلىپلا روزىلەم ھەققىدە سوئاللار سورايتتۇق. مانىغىچام...... روزىلەم ھەققىدە بەك جىق بىرنەرسە بىلمەيمەن باللىرىم مەن ئوقۇمىغان ئايال تۇرسام، جىق نەرسىلەرنى قانداق بىلەي دەيتتى ئانام يەنە قويۇق ئاتۇش شىۋىسىدە. ئارقىدىن ئانام «يېرىلىك تېشىم» ناملىق چۆچەكنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇرۇنقى زاماندا ئاتۇشتا بىر يوغان يېرىلىك تېشىم بولغان ئىكەن. دەردى بار دەردمەنلەر، زالىمدىن قاچقان پاناھسىزلار بۇ تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يېرىلىك تېشىم... يېرىلىك دەردلىرىمنى تۆكۈۋالاي... دېسە تاش يېرىلىدىكەن دەردمەنلەر تاشنىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەن تاش يەنە ئەسلىگە كېلىدىكەن. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن چېرىكلەر بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالىدىكەن...

بۇنداق كېچىلەردە مەن ئەزەلدىن بېرىپمۇ باقمىغان ئاتا يۇرتۇم ئاتۇشنى، ئاتۇشتىكى يېرىلىك تېشىم بار جاينى، روزىلەمنى خىيال قىلىپ ئۇخلىيالمايتتىم.

كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى ئۆلۈم ـ يېتىم نەزىر چىراغلاردا خىتاي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن باللىرىنى قوشاققا قېتىپ يىغلايدىغان ئانىلارنى ۋە سىڭىللارنى كۆپلەپ كۆردۈم.

*ۋاي بالام، باتۇر بالام*
*قامەتلىك بالام......*
*ئۆلسەم يىغلىما ئانا دېدىڭ*
*ئانا يىغلىماي تۇرالامدۇ بالام*
*...............*

*ۋاي ئاكام، ۋاي ئاكام، سۇۋادان تېرەك ئاكام،*
*باتۇر ئاكام، قەيسەر ئاكام، قەھرىمان ئاكام.*

ئۇندىن باشقا غۇلجىدىمۇ بىر «يېرىلىك تېشىم» نى كۆردۈم . بۇ يېرىلىك تېشىم غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسى ئىدى. شۇڭا 5-فېۋرال پارتىزانلىرى بۇ يېزىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىگە تەقلىد قىلىپ «كېپەكىستان» دېيىشكەنىدى. 5-فېۋرال پارتىزانلىرى ۋە خىتاي ساقچى ئەسكەرلىرىدىن قاچقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر «كېپەكىستان» چېگراسىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا، كېپەكىستان خۇددى يېرىلىك تېشىمدەك يېرىلىپ پارتىزانلارنى قوينىغا ئالاتتى دە، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن خىتاي ساقچى ئەسكەرلىرى تاپالمايتتى.

كېپەكيۈزى يېزىسى شۇنداقلا غۇلجا 5-فېۋرال پارتىزانلىرى خۇددى بىر دۆلەتكە تەقلىد قىلىپ بەرگەن شەرەپلىك ھۆرمەت نامى «كېپەكىستان» بولغان بۇ يېزا، بىرمۇ خىتاي پۇقراسى ئارىلاشمىغان ساپ ئۇيغۇر يېزىسى بولۇپ، تۆۋەنكى كېپەكيۈزى، ئارا كېپەكيۈزى ۋە يۇقىرىقى كېپەكيۈزى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئارا كېپەكيۈزى يېزىسى بىلەن يۇقىرىقى كېپەكيۈزى يېزىسى غۇلجا ناھىيەسىگە، تۆۋەنكى كېپەكيۈزى يېزىسى غۇلجا شەھرىگە قارايدۇ. كېپەكيۈزى يېزىسى جەننەتتەك ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىگە، غۇلجا شەھرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئاق ئۆستەڭ يېزىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە كېسىپ ئۆتىدۇ. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 42 مىڭ مو بولۇپ، 19 مىڭ 976 مو تېرىلغۇ يېرى، 9 مىڭ مو ئوتلىقى بار. تارىختىن بۇيان ئېقىپ كېلىۋاتقان ئاق ئۆستەڭ، يېزىغا بەرىكەتلىك تۇپراق، ئابىناۋات مېۋىلەر، بوستانلىق باغلار ئاپىرىدە قىلغان. كېپەكيۈزىنىڭ يېرى مۇنبەت، قۇياش نۇرى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ

تېمپېراتـۇرا پەرقى ئـۇزۇن بولغاچقا، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋىلىرى قەنـدەك تاتلىـق، بولۇپمۇ قىزىـل يەر شـارى ئۈزۈمى يېتىلدۈرۈشـكە مۇۋاپىـق. ئۇنـدىـن باشـقا ئاشـلىق ۋە قىزىلچا مـول مۇنبـەت ماكان. كېپەكيۈزىدىـن شـەرقىي شـىمال يۆنىلىشـىگە قـاراپ يۇقىرىلىغانـدا، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ جېلىلىيۈزى بازىرىغا تۇتىشىدىغان، تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر بايلىرى ئاپىرىدە قىلغان، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكـەن، چـوڭ ئالمىلىـق ۋە ئۆرۈكلـۈك باغـلار سـوزۇلۇپ ياتـىدۇ. باھار كېلىشى بىلەن بۇ زېمىننى ئالما-ئۆرۈك چېچەكلىرى قاپلاپ، ئـاق ئالـما چېچىكـى سـاپ ۋە پاكلىـق سـەممىيلىكنىڭ، ھـال رەڭ ئـۆرۈك چېچىكى سـۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ سـىمۋولى سـۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنـىڭ ھاياتىنـى گۈزەللىكلەرگـە تولـدۇرۇپ كەلگـەن ئـىدى. باھـار كېلىـپ ھـەر يەر ئالمـا ئۆرۈك-چېچەكلىرى بىلەن قاپلىنىشى بىلـەن تـەڭ بـۇ تەڭداشسـىز گـۈزەل زېمىنـدا:

*جېلىلىيۈزىنىڭ يولى تاشلىق ئۆرۈكى تاتلىق*<br>
*جېلىلىيۈزىدە بىر يايرىم بار*<br>
*ماھىنۇر ئاتلىق*<br>
*ماھىنۇر خانىم*<br>
*سەن مېنىڭ يايرىم*<br>
*ماھىنۇر جانىم*<br>
*دۇتتارىمدا زىل تارىم*<br>
*دېگەن ناخشا بىلەن*<br>
*جېلىلىيۈزىنى دەيمۇ؟*<br>
*تۇرپايۈزىنى دەيمۇ؟*<br>
*ئاق ئالما ناۋات تۇرسا،*<br>
*كىشىدىن قەن تىلەپ يەيمۇ؟*

ناملىق ناخشـىلار ھـەر ياننـى قاپـلاپ، گۈزەل تەبىـئەت، گۈزەل ناخشىلار، گۈزەل ھاۋا رەڭ ھاكلار بىلەن مەھەللە قورۇلار چىرايلىق

ئاقارتىلىپ، ئۇيغۇرغا خاس بىر ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاراخانىيلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. ئەمما خىتاي بۇنىڭ ھەممىسىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئارا كېپەكيۈزى يېزىسىدا قېتىپ قالغان ئۇكرائىنا روھىدىن قېلىشمايدىغان ئۇيغۇر مىللىي روھىغا ئائىت سېنارىيەلەر كۆرۈنۈشى.

**1-كۆرۈنۈش: قاراۋۇل باللار**

ئارا كېپەكيۈزى يېزىسىدا قىشتا پىرقىرىغۇچ ئويناۋاتقان، مۇز تېيىلىۋاتقان، لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان، يازدا جىرىلداق، پىچەت ۋە ئاغچايلەم ئويناۋاتقان باللار ئويۇن ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما يېزىدا يوچۇن بىر ئادەم، ساقچى ياكى ئەسكەر پەيدا بولۇپ قالدىمۇ ئۇلار دەرھال ئاتا-ئانىسىغا مەلۇم قىلاتتى. بۇ يوشۇرۇن قاراۋۇللار سەۋەبىدىن، بۇ يېزىدا بىرەر يوچۇن خىتاي ساقچىسىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ياكى پەيدا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بۇ يېزىدا بىرنەرسىلەرنى سېزىپ قېلىشى تەسرەك.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە پارتىزانلارغا ئۇچۇر توشۇغان ۋە قورال يەتكۈزۈپ بەرگەن دېگەن جىنايەت بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلانغان بالا قاراۋۇللار ياكى بالا جەڭچىلەر ئاز ئەمەس. غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدىكى مۆمىنتاي، خۇدىيارىيۈزى يېزىسى بىلەن كېپەكيۈزى يېزىسى ئارىسىدا ئىستىخباراتچىلىق قىلغانلىقى ۋە تاپانچا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن 10 يىل كېسىلگەن بالا ئىنقىلابچى بولۇپ، ئۇ 5-فېۋرال ئىنقىلابى پارتىزانى، شېھىت ھاماتنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى تېيىپنىڭ ئىنىسى ئىدى.

## 2- كۆرۈنۈش:

چۈيۈن ئوچاقتىن كېلىۋاتقان ئوت تەپتى، چوغدەك گىلەم ئۈستىگە تىزىلغان يېكەنداز، يوتقان-كۆرپىلەر، نېپىز يېقىلغان چوك تونۇر نېنى، قاچانلا ئىچكىگىز كەلسە ئېرىنمەي قاپاق چۆمۈچتە ئۈزۈن-ئۈزۈن سورۇلۇپ ئېتىلىدىغان، چۈيۈن ئوچاق ئۈستىدە تۇرۇپ تاۋلانغان، پىششىق قايماقنىڭ مېھرى ئىسسىق ئەتكەن چېيى، فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقلىرىدا، خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىدىن قاچقان ھەر بىر ئۇيغۇر پارتىزان ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بېرىدىغان سىياسىي پاناھلىقتىنمۇ بەكرەك مېھرى-مۇھەببەت ئاتا قىلاتتى. سانجاق-سانجاق ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى مۇستەھكەم قورغان بولۇپ، ئەگەر بىرەر شەپە سېزىلگەن ھامان «پانالىق تىلگۈچى» نى ئۇ قورۇدىن بۇ قورۇغا تامدىن سەكرىتىپلا قاچۇرۇۋېتەلەيتتى.

ياز كۈنلىرىدىكى كېپەكيۈزى يېزىسى ۋە قورۇلار خۇددى جەننەت بولۇپ، كۆز يەتكۈسىز قوناقلىقلار، قورۇلارغا دۈۋىلەپ قويۇلغان سامان-مەڭەن تاغارلىرى، قوي-كالا قوتانلىرى... ئىشقىلىپ پارتىزانلار ئۈچۈن «يېرىلىك تېشىم» ئىدى.

## 3-كۆرۈنۈش:

مېھرى ئىللىق كەڭ قورساق كېپەكيۈزى دېھقانلىرى بولۇپمۇ ئارا كېپەكيۈزى دېھقانلىرى، ناماز ئىبادەتلىرى، خىتايغا قارشى بىرلەشكەن روھلىرى بىلەن خۇددى تاشقىنلاپ كەلگەن دەرياغا سېلىنغان توغاندەك، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە، خىتاي غالجىرلىشىپ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانغا قەدەر، 5-فېۋرال پارتىزانلىرىنى قوغداش، پاناھغا ئېلىشتا مۇستەھكەم ئىستىھكام قورغان بولۇشتەك قىممەتلىك ۋە

مۇشكۇل ۋەزىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۈ خىتاينى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ يەردىكى سىلىشتۇرمىنىڭ كۈچ سىلىشتۇرمىسى ئەمەس، بەلكى روھ سىلىشتۇرمىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانىدى.

## 4-كۆرۈنۈش: ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ مەنىۋى قەلئەسى

بىر ئۇچى غۇلجا شەھىرىگە يەنە بىر ئۇچى غۇلجا ناھىيەسىگە تۇتىشىدىغان كېپەكيۈزى يېزىسى، 5-فېۋرال مەزگىلىدە، خىتايغا قارشى ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ مەنىۋى قەلئەسىنى ئاللىقاچان شەكىللەندۈرۈپ بولغانىدى. بارىن ئىنقىلابىنىڭ قوماندانى زەيدىن يۇسۇپنىڭ ئىلى ۋادىسىغا تەيىنلىگەن ھەربىي قوماندانى ئەمىر ئىبراھىم ئىسمايىلنى خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا، «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان» قۇرغىنىغا قارىماي، ئىككى يىل يوشۇرۇپ ساقلىغان دەل مانا مۇشۇ يېرىلىك تېشىم «كېپەكىستان» ئىدى.

## 5-كۆرۈنۈش:

«كېپەكىستان» نى تىگىتىگىلاش ئۈچۈن خىتاي ئەۋەتكەن ساقچىلار ئىنتايىن نۇرغۇن. بۇنىڭ بىرى غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان، خىتاي تۈزگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى ئۆلگىلىك شەخسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ساقچى خالمۇرات. ئۇ پات-پات ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتى بىلەن «كېپەكىستان» پەيدا بولۇپ قالاتتى.

## 6-كۆرۈنۈش:

ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ قورۇسىغا كىرسىڭىز، ئۇيغۇر قىزلىرى بېغىدىن تېخى يېڭىلا ئۈزۈپ ئېتەكلىرىنى تولدۇرۇپ

ئېلىپ چىققان پىدىگەن، ئاچچىق كۆك مۇچ ۋە قىزىل مۇچلار بىلەن قورۇلغان قورۇما سېلىنغان ئىنچىكە سوزۇلغان لەغمەننىڭ ھىدى مەھەللىنى بىر ئالدۇ. قولۇم-قوشنا بىلەن بىرلىكتە ئىچىلگەن بىر پىيالە سىنچاي، بىر چىنە ئەتكەنچاي، بىر تەخسە لەغمەن، بىر پەدە خانلەيلۇن، ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىر-بىرىگە قىلىدىغان چاقچاقلار ۋە پىخىلداپ كۈلۈشلەر بۇ خاسىيەتلىك زېمىندىكى خىتاي زۇلۇمىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىدىغان دورىلار ئىدى. غۇلجا خەلقى مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرى بىلەن بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى يېڭىپ، تارىخلارنى بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەمما رەزىل خىتاي ئاخىردا بۇ نەرسىلەرنىمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە راۋا كۆرمىدى.

2022-يىلى 5-ئاپرېل، تورونتو

# ئۇكرائىنا روھى بىلەن غۇلجا 5-فېۋرال روھى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلار (5)

## يېرىلىك تېشىم «كېپەكىستان» (2)

بىر خىيالىم بار. دېڭىز بويىغا جايلاشقا ئەڭ ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىدە ئۆيۈم بولسا، ئىككى چەكسىزگە ئەڭ يېقىن، ئادەملەردىن ئەڭ ئۇزاق بىر جايدا. چەكسىز دېڭىز بىلەن چەكسىز يۇلتۇزلارغا ئەڭ يېقىن بىر جايدا، 5-فېۋرالنىڭ تېخىچە چاقنىيالمىغان روھلىرىنى بىرمۇ-بىر چاقنىتىدىغان بىر زەرگەرخانىنى ئاچسام. يەنە ئۇنى يۇلتۇزلارنىڭ چاقناشلىرى بىلەن بەسلەشتۇرسەم، دېڭىزلارنىڭ سۈكۈناتى بىلەن تاۋلىسام. چەكسىز يۇلتۇزلار بىلەن چەكسىز دېڭىزلار ئىچ-ئىچىمگە سىڭىپ كەتسە... چەكسىزلىك ئەقلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرسا. ئەي چەكسىز يۇلتۇزلار ۋە چەكسىز دېڭىز قوشماقلار سىلەرگە مەستلىكىم كېلىدۇ.

خاتىرەمدىن

### مۇقەددىمە

ھەر يۇرتنى تونۇتقان، تىللاردا داستان قىلغان شۇ يۇرتنىڭ سەرخىللىرى بولغىنىدەك، 5-فېۋرال غۇلجا پارتىزانلىرىنىڭ پاناھلىنىدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك قارارگاھى ھېسابلانغان كېپەكيۈزى يېزىسىنىڭ «يېرىلىك تېشىم كېپەكىستان» بولۇپ ئاتىلىشىدا نامى دۇنيالاردىن پىنھان قالغان، ئەمما روھلىرى ھازىرقى ئۇكرائىنا پىرېزىدېنتى زېلېنسكىنىڭ روھىدىنمۇ قېلىشمايدىغان، بەلكىم ئېشىپ چۈشىدىغان «كېپەكىستان

سەرخىللىرى» نىڭ بولغانلىقىدا.

ۋەتىنى ۋە مىللىتىنىڭ تەقدىرى ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولغاندا، باشقا ئەركىن دۆلەتلەرگە قېچىپ كەتمەي، خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ۋەتىنىنى مۇستەھكەم قوغداۋاتقان، چاچساقاللىرى-ئۆسۈپ كەتكەن ھارغىن چىراي زىلىنىسكىنى ھەر قېتىم تېلېۋىزوردىن كۆرگەن ۋاقتىمدا، «بىزدىمۇ بۇنداق جاسارەتلىك كىشىلەر كۆپ چىققان ھە» دەپ پىچىرلاپ قويىمەن ئۆز-ئۆزۈمگە. شۇنداق، كېپەكيۈزىدىكى سەرخىللارمۇ خىتايدىن ئىبارەت بۇ يالماۋۇزنىڭ يەمچۈكى بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇنلىغان غۇلجا پارتىزانلىرىنى قوغدايدىغان، باش پاناھ بولىدىغان مۇستەھكەم قورغاننى خىتاينىڭ تاپىنى ئاستىدا تۇرۇپمۇ بەرپا قىلالىغانىدى. مانا جاسارەت دېگەن، مانا روھ دېگەن.

كېپەكيۈزى يېزىسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىدىكى كىچىككىنە دۆلەت «كېپەكىستان» غا ئايلاندۇرۇشتا تۆھپە قوشقان سەرخىللار كۆرۈنۈشلىرى.

**1-كۆرۈنۈش: «كېپەكىستان» نىڭ سەرخىللار تارىخى مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتى.**

«كېپەكىستان» دىكى مۇنەۋۋەر ئەمىن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇپ، غۇلجا شەھىرىدە مەدرىسە ئاچقان سېيىت ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن دىنىي ئالىمدىن تەلىم-تەربىيە ئېلىپ، رەسمى ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتكەندىن كېيىن، «كېپەكىستان» دا ئىماملىق قىلغان، «كېپەكىستان» دا قۇدۇق قېزىپ خەلقنى پاكىزە سۇ بىلەن تەمىنلىگەن مۇنەۋۋەر ئەمىن ۋە بۇ جەمەتنىڭ سەرخىل نەۋرە-چەۋرىلىرى، ئاق ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان بۇ خىلۋەت ۋە گۈزەل يېزىنى ئۇيغۇر مىللىي

روھىنىڭ «كېپەكىستان» ى قىلىشتا تارىخىي ۋە دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم رول ئوينىغان.

## 2-كۆرۈنۈش:

گۈلىستان شەھەر غۇلجىنىڭ ئىنقىلاب تارىخىغا ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى ئارقىلىق غەلىبىنىڭ سان ۋە كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىرادە، جاسارەت ۋە دۈشمەنگە بولغان مەيدانىنىڭ كەسكىن بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۆھۈرنى بېسىپ شېھىت بولغان ھامامات مەتىمىن مانا مۇشۇ «كېپەكىستان» دىكى سەرخىللار جەمەتى مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتىنىڭ ئەتىۋارلىق تۇنجى نەۋرىسى ئىدى.

## 3-كۆرۈنۈش:

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى سەۋەبىدىن، شېھىت قىلىنغان، مۇددەتسىز كېسىلگەن، سولانغان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان، مىللىي بۆلگۈنچى، تېرروررچى دېگەن قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن «كېپەكىستان» لىق مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە.

ھامامات مەتىمىن، سەدىردىن شەمسىددىن، ئابدۇرازاق شەمسىددىن، سالىھە شەمسىددىن، سەيپىدىن شەمسىددىن ۋە زۇبەير شەمسىددىن قاتارلىقلار.

## 4-كۆرۈنۈش:

«كېپەكىستان» دا مەكتەپ سېلىپ، قۇدۇق قازغان، مۇنەۋۋەر ئەمىن يەنە شۇ «كېپەكىستان» دا ئادالەت مەكتىپىنى ئاچقان، قازاقىستانىنىڭ ياركەنتتىن كەلگەن ئەنسەر ئەپەندى، مەسۇم شاگىيوم، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە «كېپەكىستان» نى

بازا قىلىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ بۇ زېمىندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق مەيدانى بىلەن، خىتايغا قارشى قوراللىق سىياسىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان تۇرسۇن ئابىت، مەدرىسەلەرنى ئېچىپ، ئالىملىق، ئۆرۈكلۈك باغلارنى بەرپا قىلغان باشقا نامسىز قەھرىمانلار كېيەكيۈزى يېزىسىدا ئاجايىپ مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر ئۇيغۇر مىللىي روھنى يىلتىز تارتقۇزغانىدى. شۇ ۋەجىدىن كېيەكيۈزى يېزىسى 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلىگەن يېزىلارنىڭ بىرىگە شۇنداقلا خىتايغا قارشى ئاجايىپ قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بازىغا ئايلانغانىدى.

**5-كۆرۈنۈش:**

1997 ـ يىلى قىشتا، غۇلجا تۈرمىلىرى ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تولغانىدى. ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانلار سان ـ ساناقسىز بولغىنىغا قارىماي، پات ـ پاتلا جەسىتى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئائىلىسىگە تاشلاپ بېرىلەتتى. بۇنداق ئەھۋاللارغا خىتاي «بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى ياكى ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ» دەپ ئىسىم قوياتتى. ئۇيغۇر ئائىلىلىرى «ئوغلۇم نەدە؟» دەپ سوراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. خىتاي غۇلجىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى بوزەك قىلغاندىمۇ ئالاھىدە بوزەك قىلىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. خۇددى 1944 ـ يىلى گىتلېرنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن پولشانى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پاراشۇت بىلەن پولشا تۇپراقلىرىغا سەكرىگەن گېئورگى، بورىسى، ئېرنىس، ھېنرى ۋە يانىكقا ئوخشاش چەتئەللەردە مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغان 50 نەپەر ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتى شياڭگاڭ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجىغا كەلگەنلىرى ھامىمات مەمتىمىن، خەمىت مۇھەممەت، زۇلپىقار مۇھەممەت، قەيسەر قاتارلىق 17 نەپەر ياش ئىدى. ھامىمات مۇھەممەت بىز تەرىپىنى

قىلىۋاتقان «كىپەكىستان» دىن چىققان ھەم ھامىمات قارىم ھەم ھامىمات قوماندان ھەم ھامىمات مەرگەندى. ھاماتىنىڭ ئايغى غۇلجا شەھىرىگە تېگە-تەگمەي قىلغان تۇنجى ئىشى، خىتايغا قارشى مەخپىي قورالىق مەشىق ئورۇنلىرىنى قۇرۇش بولدى. دېمەك، غۇلجا خەلقى ئىرادە ۋە جاسارەتكە قورالدىن ئىبارەت كۈچنى قوشۇش كېرەكلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. چارىسىزلىك ئىچىدە تېپىرلاۋاتقان بۇ خىلۋەت شەھەرنىڭ چېھرىدە ئۈمىد نۇرلىرى پارلاشقا باشلىدى. ھامىمات ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆچ ۋە ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىدىغان ئۈمىدگە ئايلانغانىدى.

## 6-كۆرۈنۈش: پارول-قازاقىستاندىن چاي ئەكىرگەنىدىم

ھامىمات قاتارلىق قەھرىمانلار غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاساسەن «كېپەكىستان» لىق ياشلاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىلار «قازاقىستاندىن چاي ئەكىرگەنىدىم» پارولى بىلەن ياشلارنى قوراللاندۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. بۇ چاينى تاپشۇرۇپ ئالغانلار چاي كوروپكىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغان كىچىككىنە تاپانچىنىمۇ بىللە تاپشۇرۇپ ئالاتتى. نەتىجىدە ئىلى دەريا بويلىرىدا، ئۆرۈكلۈك باغلار ئوراپ تۇرغان غۇلجا ناھىيەسىنىڭ رەستە مەھەللىلىرىدە، كەڭرى كەتكەن قوناقلىقلاردا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، قوللىرىدا دۇنيانىڭ ئەڭ داڭلىق قوراللىرىنى تۇتقىنى بىلەن تىزلىرى تىترەپ تۇرىدىغان ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرى يەر چىشلەشكە باشلىغانىدى.

## 7-كۆرۈنۈش:

ئەپسۇسكى، 5-فېۋرال پارتىزانلىرىنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىدىغان، مۇداپىئەگە ئۆتىدىغان «كېپەكىستان» دىن باشقا ھېچنەرسىسى

يوق ئىدى. ئۆز قېرىنداشلىرىدىن تەركىب تاپقان چەكسىز كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرى «شاڭخەي 5» كۆنلۈكى ئاستىدا، خىتاي ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ بېرىش رولىنى ئوينايتتى. ئارقا سەپ ياردەمدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئۇكرائىناغا كېلىۋاتقان، قوينىدىمۇ، قونجىدىمۇ تۆكۈلۈۋاتقان ياردەملەرنى ئۇيغۇرلار چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيتتى.

## 8-كۆرۈنۈش:

هامامات شېھىت بولغاندىن كېيىن، هاماتقا چېتىپ خىتاي قولغا ئالغان ۋە جازا بەرگەن كېپەكيۈزى «كېپەكىستان» لىق ياشلار تۆۋەندىكىچە:

1-ئابدۇرازاق شەمسىددىن (هاماتنىڭ تاغىسى)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

2-ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت (هامامات بىلەن بىر نەۋرە)، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. 2001-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى ئەتىگەن سائەت 11 دە، بوياندىي يېزا يېڭىيەر كەنت تەجىئاڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىنەملىك ۋە جاڭگالدا خىتاي تەرەپ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدى. شېھىت ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت 3 ياي ئوق بىلەن شېھىت بولدى. خىتاي تەرەپ بۇ ئۈچ پاي ئوقنىڭ پۇلىنىمۇ تولۇق ئالدى. ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى 6 يىللىق كېسىلدى. بۇ ھېچكىم 6 يىلغىچە بۇ قەبرىگە يېقىنلىشالمايدۇ دېگەنلىك ئىدى.

3-جۈرئەت نۇرى (هاماتنىڭ جان-جىگەر ئاغىنىسى ھەم قوشنىسى). ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت بىلەن بىر كۈندە ۋە ئوخشاش بىر يەردە شېھىت قىلىنىپ، بىر قەبرىگە دەپنە قىلىندى.

4-سەيدۇللام قۇربان، بىر يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى

بېرىلدى.

5-ھەزرىتى ئەلى ئەدھەم، 16 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

6-ئاتاۋۇللا بەگزات، 14 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

7-سۇلتان جالال، 16 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

8-ئىلياس جالال، 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

9-توختاخۇن يارمۇھەممەت، 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

10-تۇرسۇنمۇھەممەت زۇنۇن، 14 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

11-تۇرسۇنمۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئايالى روشەنگۈل مەرۇپ، 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

12-زەينىدىن ساۋۇت، 9 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

13-ئەنۋەرجان توختاخۇن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

14-ئابدۇرازاق جېلىل، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

ھاممات شەھەت بولغاندىن كېيىن كېپەكيۈزى ۋە خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدىن جەمئىي 84 نەپەر ئۇيغۇر ياش قولغا ئېلىنىپ جازا بېرىلگەن.

2022-يىلى 17-ئاپرېل، تورونتو

# نەۋقىران شېھىتلەر روھىدىن بۈگۈنكى ياشلىرىمىزغا نەزەر

## چاتما مۇلاھىزىلەر

### 1-مۇلاھىزە: مەشرەپ قەلەمگە ئالغان ياشلىقنىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا خىتاي يازغۇچىسى ياڭمۇنىڭ ياشلىق ناخشىسى ناملىق رومانىنى ئوقۇپ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئىدىم. كاشكى مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس ناخشام بولسىدى دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ ناخشا ئەركىنلىك ناخشىسى ئىدى. 1997-يىلى مەن تۇغۇلغان گۈزەل شەھەر غۇلجىدىن قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىنى يېرىپ بىر ناخشا دۇنياغا ياڭرىدى. بۇ 5-فېۋرال ناخشىسى ئىدى. بۇ ناخشا ئېيتىلىشقا باشلىنىشى بىلەن، بىز خۇددى قېتىقتەك بىر-بىرىمىزگە زىچ ئۇيۇشقانىدۇق. ھازىر تېرىقتەك چېچىلىپ، سۇسىز قالغان گۈلدەك سولۇپ تۇرۇپتىمىز. 5-فېۋرال ناخشىسى بىزدىن خېلى بەك ئۇزاقلاپ كەتتى.

خاتىرەمدىن

### گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ سەھرالىرىدىن ئىلى ۋادىسىنىڭ مەشرەپلىرىگىچە شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ 33 يىللىق ھاياتى

ئۇ ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋەتەن ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭمۇ

دىپلومى يوق ئىدى. ئۇ 7 ـ سىنىپقىچە خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، 1980 ـ يىللاردا خىتاي ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا 7 ـ سىنىپقىچە ئوقۇغان خىتايچىسىغا ئىشەنچ قىلىپ، خىتاينىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى گۇاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى دادىللىق بىلەن چەككەنىدى. بىر ئېغىزمۇ خىتايچە گەپ قىلالمايدىغان نۇرغۇنلىغان غۇلجىلىق ياشلار 7 ـ سىنىپ خىتايچە سەۋىيەگە ئىگە، ئەمدىلا 81 ياشقا كىرگەن ئاغىنىسى ئابدۇخېلىل مىجىتقا بولغان ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بۇ ئۆزى ياخشى بىلمەيدىغان دېڭىزغا شۇڭغۇشقانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ سەھرالىرىدا، گۇاڭدوڭ شېۋىسىنى پىچەت سۆزلەيدىغان، چاچلىرى بۇدۇر، بويۇنلىرىغا يوغان ئالتۇن زەنجىرلەرنى ئاسقان، ئۈچ چاقلىق موتورلارنى ھەيدەپ رەخت سودىسى قىلىدىغان چەتئەللىك ياش سودىگەرلەر پەيدا بولۇپ قالدى. خىتايلار بۇلارغا ئېگىلىپ تازىم قىلىشىپ خۇشامەت قىلىشىپ كېتەتتى. ئەمما بۇلار چەتئەللىك ئەمەس، بەلكى ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى. گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن گۇاڭجۇ شەھىرىگە كىرىش ئېغىزلىرىدا، تاموژنىدىكى خىتايلار بىلەن سىلىق سىپايە، تاكتىكىلىق مۇئامىلىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئۆزىنىڭ رەخت ۋە باشقا نەرسىلىرىنى، شۇنىڭدەك سەپداشلىرىنىڭ ماللىرىنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتىكى ئۇستا ۋە ماھىر دىپلومات ئابدۇخېلىل مىجىت ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجا كوچىلىرىدا چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرگەن، ئاپئاق كۆينەك، ئىشتان ۋە ئاياق كىيىپ، كېسەك ئۈنئالغۇنى بولۇشىغا ياڭرىتىپ، قىزىل موتوسىكلىتقا مىنگەن ئېگىز بويلۇق، قاشلىرى قويۇق بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى.

ھەممە كىشى ھەۋەس بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بۇ يىگىتكە قارايتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا غۇلجىدا تېخى موتوسىكلىت يوق بولۇپ، گۇاڭجۇدىن غۇلجا شەھىرىگە موتوسىكلىت ئېلىپ كەلگەن سودىگەر ئابدۇخېلىل مىجىت ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلى دەرياسى بويى تەرەپكە مىجىت ئاكا بىر قورۇ جاي سېلىپ، بۇ يەرگە بىر ئوغلىنى ئەكېلىپ سولاپ قويىدى. چۈنكى بۇ ئوغۇل ئاق تاماكىغا خۇمار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئەسلى ۋەسلىنى ئىس-تۈتەك ئىچىدە يوق قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئۇ ئىچىدە بىر جان ئاق تاماكا خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە بىلەن كۈرەش قىلىپ، بىر بۇلۇڭدا جالاقلاپ تىترىمەكتە ئىدى. بۇ دەل ئابدۇخېلىل مىجىت ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەردە دەرەخلەر پوتىلا چىقىرىپ، باھار يامغۇرلىرى تۆكۈلۈپ، گۈللەر ئېچىلىپ، مېۋە دەرەخلىرى چېچەكلەپ، غورىلار مەي باغلاپ پىشىشقا باشلىدى. ياز ئۆتۈپ، پوتىلا چىقارغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، قارلار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى. مەھەللىلىرىمىز ئاۋاتلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان توپ-توپ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى مەھەللە دوقمۇشلىرىدا كۆرۈشكە باشلىدۇق. بىر ناتىق يىگىت سۆزلىمەكتە! كېيىنچە ئۇنىڭ تەبلىغلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، كىشىلەر شەھەرنىڭ چەت ياقىلىرىدىن تارتىپ يېزا قىشلاقلىرىغىچە ئۇ تەبلىق قىلىۋاتقان مەھەللىگە قاراپ ئاقىدىغان بولدى. بۇ تەبلىغ سورۇنىنىڭ ئىسمى مەشرەپ ئىدى. شەھەردىكى ھاراق-شاراب بوتكىلىرى چۆلدەرەپ قالدى. ئاق تاماكا دەردىدىن تىترىگەن جانلارغا يېڭى روھ كىرىشكە باشلىدى. يىگىتلەر جۈمە نامىزى ئۈچۈن جامەلەرگە توپ-توپ

بولۇپ كىرىپ كەلگەنىدە يۇرت ـ جامائەتنىڭ ئۇلارغا مەستلىكى كېلەتتى. بۇ شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى، مەھەللە ـ قىشلاقلىرىدا روھى ئويغىنىش، روھى ئىللىقلىق ۋە ئىسسىنىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يىگىت تەبلىغلىرىنى سۆزلىمەكتە. خۇددى پىرقىرىغۇچ مۇز ئۈستىدە پىرقىراپ ئويۇپ قالغاندەك، خۇددى بىر قوشۇق قېتىقنىڭ سۈت ئىچىگە سېلىنىشى بىلەن سۈت ئۇيۇغاندەك شەھەردە ئويۇم، شەھەردە مېھرى ـ مۇھەببەت، شەھەردە مەنىۋى ھوزۇر ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇ سىلكىنىش، بۇ ئويغىنىش، بۇ مېھرى ـ مۇھەببەتنى شەھەر يۈزىگە تەكشى سەپكەن كىشى ئابدۇخېلىل مىجىت ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى سوراققا تارتىش بىلەن يۇنان پەيلاسوپى سوقراتقا، كۈچلۈك نۇتۇقلىرى بىلەن بۇ خىلقۋەت شەھەرنىڭ مارتىن لۇتىر كىڭغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانىدى. شەھەر ھەيرانلىققا چۆمدى. كىشىلەر بۇنى بىر مۆجىزە دەپ قاراشتى. چۈنكى ئۇ يەتتىنچى سىنىپقىچە ختايچە مەكتەپتە ئوقۇغان بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەتتىكىدەكلا ئويغۇرچە بىلىدىغان ياش ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەشرەپكە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى كەلمەيدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئۇلار مەشرەپنىڭ ئىسمىنى مېھرى ئىللىق ئۆي دەپمۇ تەرىپلەشتى. بۇ مېھرى ـ مۇھەببەت، ئۆملۈك ۋە ئىتتىپاقلىق، ھوزۇر ـ ھالاۋەتنى بەرپا قىلغان كىشى ئابدۇخېلىل مىجىت ئىدى.

يىگىتنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ دۈشمىنى ختاي بولۇپ، ئۆز مىللىتىنى ئىنتايىن سۆيەتتى. ئۇ ختاي مۇستەملىكىسىنى ئەسلا قوبۇل قىلمىغانىدى.

شەھەردە تىۋۋا... چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىكەن. قورۇ ئىچىگە كىرەلمىدىم، ئادەم بەك كۆپ. دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى

يوغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تەبلىغلىرىنى ئاڭلىدىم، يىراقتىن كۆردۈم. قاشلىرى قويۇق، كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىكەن. ئاپئاق كىيىملىرى بىلەن خۇددى خىزىردەكلا كۆرۈندى كۆزۈمگە... دېگەن شۇئارلاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خىلۋەت شەھەرنىڭ مېھرى ئىللىق مەھەللىلىرىنى قاپلىغان مەشرەپلەردە قاغا-قۇزغۇنلار ئانچە-مۇنچە قاقىلداشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە تېز كېڭىيىپ، خۇددى قاش دەرياسىدەك شاقىراپ جىددىي ئېقىشقا باشلىغان بۇ ئۇيۇشۇش ۋە مېھرى-مۇھەببەت دەرياسىدىن ئۆزلىرىگە ۋەھىمە ھېس قىلىشقانىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مېھرى ئىللىق دەريا يامان كۆچلەر تەرىپىدىن كىچىك-كىچىك ئېقىنلارغا بۆلۈۋېتىلدى، ئاندىن ئېقىنلارمۇ يوق قىلىۋېتىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ شەھەرنى ئاپئاق قارلار ئېغىر بېسىۋالغان، قارنى دەسسىگەندە زېمىندىن غىچ-غىچ قىلغان سادا قايتىدىغان، ئىنتايىن سوغۇق بىر كۈنى كىشىلەر ھېلىقى مېھرى ئىللىق خىزىر سۈپەت يىگىتنىڭ ئارقىسىغا مىڭلارچە ياشنى ئەگەشتۈرۈپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ھالەتتە كوچىلارغا تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈشتى.

يەنە شۇ كۈنى ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۇنى ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىخانىنىڭ ئىچىدە قوللىرىغا كويزا سېلىنغان، بېشىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە كۆردى. شۇنداق ھالەتتىمۇ يىگىت سەپداشلىرىغا «ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، بىزنىڭ يولىمىز توغرا يول!» دەپ مەدەت، ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. بۇ سەپداشلىرىنىڭ ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى بولۇپ قالدى.

ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق چاپچال ناھىيە تۈرمىسىنىڭ قاراڭغۇ زىندانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاياق زەربىسى ۋە قىيىن-قىستاقلار

سەۋەبىدىن بىر تىرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بىر ئۇيغۇر ياش ناھايىتى قىيىنلىپ نەپەس ئالغان ھالەتتە داق يەردە ياتاتتى. بۇ ئابدۇخېلىل مىجىت ئىدى. ئۇ خەلقنى ئەخلاقتا يېتەكلىگەنلىكى، خەلقىگە مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئەھۋالغا دۇچار بولغانىدى. دېمەك، مەلۇم كۈچلەر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشىنى، ئۇيۇشۇشىنى خالىمايۋاتقان ۋە ئىنتايىن قورقۇۋاتقانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي زالىملار ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئەمما بۇ خىلۋەت شەھەردە، ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ خىتاي ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى رەت قىلغانلىقى، ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلغانلىقى ھەققىدە ۋەدە نامە يېزىش ئۈچۈن سۇنۇلغان قەغەز-قەلەملەرنى خىتاي گۇندىپاينىڭ يۈزىگە ئاتقانلىقى، دوستلىرىنى پاش قىلىپ، خىيانەت قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن تىلىنى چاينىۋالغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل ھېكايىلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىتنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ تۈرمىدە جان ئۈزگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تاپشۇرۇۋالدى. يەرلىككە قويۇشقا يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە تاغىسىلا قاتناشقاندىن باشقا، بىر ماشىنا ئەسكەر ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان بولۇپ، دەپنە ئىشلىرى ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جاي دەل چاپچال ناھىيىلىك سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ ئەتراپى ئىدى. يىراقتىن 15-14 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر بالا بۇ ئەھۋاللارنى مەخپىي كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى بۇ قەبرىنى بىر ئايچە كېچە-كۈندۈز نازارەت قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قەبرىدە بىر مېۋىلىك دەرەخ پەيدا بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە چاپچال ناھىيىلىك سۈت پاراشوكى زاۋۇتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئەتراپىدا ساقچى ماشىنىلىرى دەھشەتلىك چىقراپ پەيدا بولدى. ھەممە ۋەھىمىگە چۈمدى. بىر يىگىت يوتقاندىن تارتىپ چىقىرىلىپ، بېشىغا تاغار كىيگۈزۈلۈپ، ئېلىپ كېتىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدى. خىلۋەت شەھەر ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. ئەمما بۇ سۈكۈنات قانلىق كۆرەشكە ھامىلىدار ئىدى.

بۈگۈن مەن 25 يىل بۇرۇنقى ئۇ گۈزەل خىلۋەت شەھەر غۇلجىدىن تولىمۇ ئۇزاقتىكى بىر دۆلەتتىمەن. ياشلىق ۋە ياشلىقنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. سەركە ئابدۇخېلىل مىجىت شېھىت بولغاندا 33 ياشلىق نەۋقىران يىگىت ئىدى. ئۇ شۇنچە ياش بولغىنىغا قارىماي، ئۆز خەلقىنى مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان مەشرەپ كۈنلۈكى ئاستىغا جەم قىلغانىدى.

ئۆزەمچە مۇنداقلا يەكۈن چىقىرىپ قالدىم. ياشلىقنىڭ قىممىتى ۋەتىنى ۋە خەلقىنى قانچىلىك سۆيگەنلىكىدە؛ ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكى شۇنداقلا ۋەتىنى، خەلقى ئالدىدا قانچىلىك سەممىي بولالىغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدىكەن.

يەنە ئويلىنىپ قالدىم. شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە مەشرەپ كۈنلۈكى ئاستىدىكى 5-فېۋرالنىڭ نەۋقىران يىگىتلىرىنىڭ بىرلا دۈشمىنى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ خىتاي ئىدى. ئۇلار ئۆز خەلقىگە ئىنتايىن مېھرىبان ئىدى. مانا بۇ 5-فېۋرال روھى ۋە 5-فېۋرال قىممەت قاراشلىرى ئىدى.

يەنە ئويلىنىپ قالدىم. ئەجەبا، ئابدۇخېلىل مىجىت ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغۇدەك نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى؟ ئۇ پەقەت خەلقىنى ئەخلاقتا يېتەكلىگەن، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغان ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان، ئۆز خەلقىنى مېھرى-

مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلاپ ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرغانىدىغۇ؟

نەتىجە شۇكى، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر يەر ۋە ھەر جايدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيۇشۇپ كېتىشىدىن تولىمۇ قورقىدۇ، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەتىمۇ ئىتتىپاقلىقنى يوقىتىشقا ھەممە ھېس قىلىدىكەن.

ئۇنداقتا بۆگۈن چەتئەلدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىنكارچىلىق، سەپسەتە، ئادەم تىللاش... ۋەھاكازالارنىڭ ئارقىسىدا خەلقنى ئەخلاقتا، مېھرى-مۇھەببەتكە چاقىرغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان خىتاي بارمۇ قاندا ق؟

ۋەتەنگە قاراپ «ھەي مەشرەپ!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭدىن مېھرى-مۇھەببەت، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق دېگەن ئەكس سادانىڭ قايتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

2021-يىلى 5-فېۋرال، تورونتو

# تارىم ئوغلى تارىمنى ئەمەس، بەلكى ئالبېرتا تۇپراقلىرىنى مەڭگۈلۈك قۇچاقلىدى

شۇنداق، ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان تارىم ۋادىسىغا سىغمىغان تارىم ئوغلى كامىل تۇرسۇن 2022-يىلى 10-ئۆكتەبىر كۈنى، كانادانىڭ ئالبېرتا ئۆلكىسى ئەدمونتون شەھىرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. 11-ئۆكتەبىر كۈنى ۋەتەن ھەسرىتى، تۇپراق سەۋداسى بىلەن پۇچۇلانغان بۇ دەردمەن قەلبىنىڭ جانسىز بەدىنىنى، ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن تولىمۇ ئۇزاقتا بولغان يىراق قىرلاردىكى كانادانىڭ نېفت شەھىرى ئەدمونتون قوينىغا ئالدى. بىز قەيەردە ۋاپات بولىدىغانلىقىمىزنى، قايسى تۇپراققا دەپنە قىلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلمەسلىك بىلەن تولىمۇ ئاجىزمىز.

شۇنداق قىلىپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئەدمونتون شەھىرىدىمۇ بىر مازارلىقى بولدى. ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن قورقۇپ كېلىۋاتقان «قەبرەم ياقا-يۇرتلاردا قالارمۇ؟» دېگەن قورقۇش، ۋەھىمە بارغانسېرى رېئاللىققا ئايلىنىشقا باشلىماقتا.

ئەينى يىللاردا غۇلجىدا بولغان بىر توي سورۇنىدا مويسىپىت بىر ئانىنىڭ ئېيتقان سۆزى ھېلىمۇ يادىمدا. مويسىپىت ئانا شۇنداق دېگەنىدى: «قارادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن قورقمەن دېگەنلەرنىڭ ئائىلىسىدىن بىرەرسى بۇ قەبرىستانلىقتا يەرلىككە قويۇلسۇن، شۇ چاغدا كۆرىمىز، قارادۆڭ قەبرىستانلىقى شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق مېھرىبان، بارسا قايتقۇسى كەلمەيدىغان بىر جايغا ئايلىنىدۇ.» بۇ ئانا توغرا ئېيتقان ئىكەن. گەرچە

ئەدمىنتون قەبرىستانلىقى مەن تۇرۇۋاتقان تورونتودىن بەك ئۇزاقتا بولسىمۇ، ئەمما كامىل تۇرسۇن ئاكىمىز شۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ مىسكىن، بۇ ۋەتەنسىز ئۇيغۇرنى قويىنغا ئالغاندىن كېيىن، ماڭا بۆلەكچە مېھرى ئىسسىق بىر جاي بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

ھايات ئۇزۇن، ئۆمۈر قىسقا ئىنسان بەختىگە... بۇ بىر خەلق ناخشىسىدىكى مىسرالارنىڭ بىرى. بۈگۈن ياقا-يۇرتتا ۋەتەنسىزلىك، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىش بىلەن بىرگە، بىز ئەسلىدە تېگىگە يېتەلمىگەن ياكى مۇنداقلا ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەر بىر ناخشا تېكىستلىرىمىزنىڭمۇ تېگىگە چۆكمەكتىمىز، قىممەت بەرمەكتىمىز. شۇنداق بۇ قىسقا ئۆمۈر يەنە كېچىكىش بىلەن تولغان . ئىنسانلار بىر-بىرىنى كېچىكىپ چۈشىنىدۇ. قەدىرلەشكە تېگىشلىك كىشىلەرنى كېچىكىپ قەدىرلەيدۇ. رەھمەتلىك كامىل تۇرسۇن ئاكام، مېنى ۋە مېنىڭ ئائىلەمنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ۋە قايىل بولغان ۋاقتىدا ئۇ ئاللىقاچان جان ئالغۇچى يامان بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانىدى.

كامىل تۇرسۇن ئاكىمىز ھەققىدە مەن ئۇنتۇيالمايدىغان بىر قانچە كۆرۈشۈشلەر.

**1-كۆرۈشۈش:**

2020-يىلى ئىيۇل ئايلىرى ئىدى. كامىل ئاكام ۋە خانىمى راملە خانىم كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ۋاتساپ توپىغا، كامىلكامنىڭ چەتئەلدىكى ھاياتىدا يىغقان بارلىق كىتابلىرىنى سېتىشقا چىقارغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى. ئىز، ئۇيغانغان زېمىن، ئانا يۇرت قاتارلىق بىرقانچە كىتابنى سېتىۋالىدىغانلار ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولدى. دەل شۇ

يىلى تورونتودا ئۆتكۈزۈلگەن 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن كامىل ئاكامنىڭ تورونتو شەھىرىنىڭ سەل سىرتىغا جايلاشقان مىلتون دېگەن جايدىكى ئۆيىگە باردىم ۋە كامىل ئاكامغا: «كىتابلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى يىغايلى ئاكا، مەن بىراقلا سېتىۋالىمەن» دېدىم. شۇنداق قىلىپ ئەينى يىللاردا كامىل ئاكامنىڭ قوشنىسى بولۇپ مىلتون شەھىرىدە ياشاۋاتقان كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى تۇيغۇن ئابدۇۋەلى ئەپەندىمنىڭ باھا پىچىپ بېرىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر زىيالىينىڭ كىتاب يىغىش روھىغا بېرىلگەن سۆيۈنچىمنى قوشۇپ، كامىل تۇرسۇن ئاكامنىڭ 300 پارچە كىتابىنى سېتىۋالدىم. ئۇ كۈنى كامىل ئاكامنىڭ ئىنتايىن ھاياجانلانغانلىقى، خۇشال بولغانلىقى چىرايىغا تەپچىگەن بولسىمۇ، رەھىمسىز كېسەل ئېلىپ كەلگەن تىلىنىڭ سەل ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن، ماڭا رەھمەتلىرىنى ئېيتىشتا سەل قىينىلىۋاتقانىدى. ئاخىرى كامىل ئاكام ناھايىتى تەسلىكتە: «كىتابلىرىم ئەمىن قوللارغا ئۆتتى» دېدى.

**2-كۆرۈنۈش:**

يەر جاي يەنىلا يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش، كانادانىڭ ئونتارىيو ئۆلكىسى مىلتون رايونىدىكى كامىل ئاكىنىڭ سابىق ئۆيى.

مەن، سابىق رەئىس تۇيغۇن ئابدۇۋەلى ۋە كامىل ئاكىنىڭ رەپىقىسى راملە ئابلىمىت خانىمنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن، كىتابلارنى يەشىكلەرگە قاچىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدىم. ئەينى چاغدا كامىل ئاكىنىڭ ئوڭ قولى ۋە ئوڭ پۇتى ھەرىكەت قىلىشتا سەل ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۈگۈن بەك ھەرىكەتچان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئولتۇرغان ھالدا پەلەمپەيلەردىن بىردىن-

بىردىن سىيرىلىپ بىردەم يۇقىرىغا چىقاتتى، بىردەم تۆۋەنگە چۈشەتتى. بىر ھازا چوڭقۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ناھايىتى ئەستە ماڭغانچە يەنە بىر ئۆيلەرگە كىرىپ كېتەتتى. بىلىشىپ تۇرۇپتۇكى، كامىل ئاكا بىر نەرسىلەر ئىزدەۋاتقانىدى. خانىمى راملە ھەدەم: «كامىل ئاغرىغاندىن بۇيان بۆگۈنكىدەك ھاياجانلانمىغان ۋە بۆگۈنكىدەك كۆپ ھەرىكەت قىلمىغانىدى» دېدى ھەيرانلىق بىلەن.

ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن كامىل ئاكا نەلەردىندۇر يەنە بىرمۇنچە كىتابلارنى يىغىپ ئەكېلىپ ئەتراپىمىزغا دۆۋلىدى. ئەمما بىزدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان جايغا 30 ـ 20 پارچە كىتابنى ئايرىم قىلىپ ئايرىپ قويدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كامىل ئاكىغا چاقچاق قىلىپ: «كامىل ئاكا، ئۇ كىتابلارنى سېتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزمەيدىغان قىممەتلىكنىڭ قىممەتلىكى ئىكەندە قارىغاندا» دېدىم مەن.

كامىل ئاكا كۈلۈمسىرىدى ۋە يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، راملە خانىمنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە ھازىرچە بۇ كىتابلاردىن ئۆزى پايدىلىنىدىغانلىقى، كېيىن قولۇمغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاشۇ چاقچاقتىن كېيىن كامىل ئاكا يەنە يوقاپ كەتتى. بىز بولساق كىتابلارنى رەتلەپ يەشىكلەرگە سېلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدۇق. بىر ھازادىن كېيىن، كامىل ئاكا قولىدا كونىراپ كەتكەن قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر توپلامنى كۆتۈرگەن ھالدا پەيدا بولدى. قولىدىكى 1943 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە شەرق ھەقىقىتى پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ يىللىق توپلىمى ئىدى. بۇ كامىل ئاكىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ماڭا ھەدىيە قىلغان ئەڭ قىممەتلىك

سوۋغىتى ئىدى. بۈنى كۆرگەن سابىق رەئىسىمىز ئۇۋچى تۆيغۇن مۇنداق دەپ چاقچاق قىلغانىدى: «ۋاي كامىلجان، مەن قوشنا تۇرۇپ ئۆيۈڭلارغا تولا كىرىپ، مۇشۇنداقراق بىرنەرسىلەر بارمۇ دەپ سۈرۈشتە قىلسام، تېڭىشمۇ چىقارمىغان ئىدىڭلار، ماڭا قارىغاندا گۈلشەننى بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر جۇمۇ؟» كامىل ئاكا، رامىلە خانىم، تۆيغۇن رەئىس ۋە مەن شۇ مىنۇتلاردا قاقاقلاپ كۈلۈشكەنىدۇق. نەقەدەر ساپ، نەقەدەر سەممىي، نەقەدەر ئىششەنچكە تولغان مىنۇتلار ئىدى ھە! ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ كۈنلەرنى سېغىنىمەن، ئەسلەيمەن ...

**3-كۆرۈنۈش:**

ئورۇن: كانادانىڭ ئالبېرتا ئۆلكىسى ئەدمىنتون شەھىرىدىكى كامىل ئاكىنىڭ ئۆيى.

يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر يۈز بېرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي كامىل ئاكا ۋە رامىلە خانىملار ئەدمىنتون شەھىرىدىكى ئۆزلىرى سېغىنغان قورۇسىغا كۆچۈشنى قارار قىلدى ۋە كۆچتى.

2021-يىلى يەنە ئۇخشاشلا تومۇز ئايلىرىدا، يەنى ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن كانادادىكى داڭلىق جاسپەر تاغلىق رايونىنى زىيارەت قىلىش شۇنداقلا كامىل ئاكىنى يوقلاش مەقسىتىدە ئەدمىنتون شەھىرىگە بارغىنىمدا، كامىل ئاكىنىڭ كېسىلى ئالىلىقاچان ئېغىرلىشىپ، كارىۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولۇپ، گەپ قىلىشلىرى بىر يىل بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ تەسلىشىپ، ئۆزى خېلىلا ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. كامىل ئاكا مېنىڭ يوقلاپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. جىق نەرسىلەرنى دېگۈسى بار ئىدى، ئەمما دېيەلمەيتتى. كامىل

ئاكا راملە خانىمغا قاراپ كۆز ۋە قول ئىشارەتلىرى بىلەن بىر نەرسىلەرنى شەرەتلەيتتى. ئاخىرى راملە خانىم كامىل ئاكىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى چۈشەندى. ئۇ ئەسلىدە بىر يىل ئاۋۋال ئەتىۋارلاپ بىر چەتكە ئايرىپ قويغان ھېلىقى كىتابلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋاتقان ئىكەن.

**4-كۆرۈنۈش:**

ئۆيۈمدە بىر كىتابخانام بار. بۇ كىتابخانامدىكى كىتابلارنىڭ تەگدىن تولىسى، بولۇپمۇ سەرخىللىرى كامىل ئاكىدىن يادىكار. ھەر قېتىم بۇ قىممەتلىك كىتابلاردىن پايدىلانغان ۋاقتىمدا، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تارىم ۋادىسىغا سىغمىغان بۇ تارىم ئوغلىنىڭ خەزىنىلىرى ئىچىدىن ئانا ۋەتىنىگە سىغمىغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گۇۋاھچىسى، قەلەمكىشى بولۇش ئىرادەم تېخىمۇ ئاشىدۇ.

**خاتىمە**

ئۇ ئىنتايىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بىر كۈندە تۇغەپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى 2022-يىلى 10-ئۆكتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كانادانىڭ تورونتو، ۋانكوۋېر، كالگارى، ئەدمىنتون، ۋىنىزور، ئوتتاۋا، مونتېريال قاتارلىق يەتتە چوڭ شەھىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ سايلىمنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانغان، سايلام ئەھۋالى نەق مەيداندىن تارقىتىلىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەنىدى. سايلام باشلىنىشتىن بۇرۇن، كامىل تۇرسۇن ئاكىمىز ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىندى. نەق مەيداندىن سايلام ئەھۋالىنى كۆرۈۋاتقان دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار كامىل تۇرسۇن ئاكىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى. ئۇنىڭ مېيىت نامىزى ئەدمىنتون شەھىرىدىكى بىر مۇسۇلمانلار جامەسىدە چۈشۈرۈلۈپ، جىنازىسىغا مۇقەددەس شەرقىي

تۈركىستانىنىڭ مۇبارەك ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى يېپىلدى. بۇ، ۋەتەنىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى بىلەن سىلىشتۇرغاندا، ھاياتلار ئۈچۈنمۇ ۋە كەتكەنلەر ئۈچۈنمۇ بەخت ۋە قىممەتلىك دەرس.

2022-يىلى نويابىر، تورونتو

# 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ۋە شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن

بەزىدە راست ۋە ھەقىقەت بولغان نەرسىلەرنى يېزىشتىمۇ كۆپ قىينىلىمەن. قورقىدىغىنىم يازغانلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى خەلقىمگە بىلدۈرۈلمەسلىكىم، قوبۇل قىلدۇرالماسلىقىم ئىدى.

خاتىرەمدىن

ھېچكىمنى خائىن، جاسۇس، ئىشپىيون دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن. پاكىتسىز ھالدا باشقىلارنى بۇنداق يوغان گەپلەر بىلەن قارىلاشنىڭ ھەم دىنىي، ھەم ئادىمىيلىك جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ۋە سەتچىلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. ئەمما 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ خىتاي ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، ئاپشاركا ئىتلىرىنى يېتەكلەپ ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتقۇن قىلىۋاتقان تارىخنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ كۈنلىرىدە يۈز بەرگەن، بۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم ئاغرىغان، 25 يىلدىن بۇيان خۇددى ئىشكىنىڭ قىسىلچىقىدا قىسىلىپ قالغان بارماقتەك ياششىمىغا سەۋەب بولۇپ مېنى تولىمۇ بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىنى خەلقىم بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1998-يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى بىلەن 25-كۈنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرسى بولسا كېرەك، تازا ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. غۇلجا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىن زالىدا مەرھۇم شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

ئۆتكۈزۈلدى. بۇ دەل غۇلجىدا ئۆرۈك پىششىقى مەزگىل ئىدى. مۇھاكىمە يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە غۇلجا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ چوڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدا شائىرنىڭ شەرپىگە كاتتا داستىخان سېلىندى. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئۇيغۇر رەھبەرلەر، يازغۇچى-شائىر قەلەمكەشلەر، تەشۋىقات، گېزىت-ژۇرنال ساھەسىدىكى كىشىلەر ھەمدە شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ھېرىسمەنلىرى بولۇپ، ناھايىتى كۆپ كىشى بۇ كۈنكى كاتتا مۇراسىمغا داخىل بولغان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ئۆز شائىر-يازغۇچى قەلەمكەشلىرىنى ئىنتايىن قەدىرلەپ كەلگەن بىر مىللەت. شۇ كۈنكى مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن كىشىلەردىن شائىر ئۈچۈن ئات، ناھايىتى چوڭ گىلەملەرنى سوغا قىلىغانلارمۇ بار بولۇپ، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە چۈشكەن ئىلمىي مۇھاكىمىگە قارىغاندا، سوغا-سالاملار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى.

ئەمدى بىز شۇ ئاي شۇ كۈنلەردىكى غۇلجىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئازراق تەھلىل قىلىپ باقايلى. 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى، قازاقىستان قورغاس تاموژنىسىدا غۇلجىغا ئىككى چوڭ يۈك ماشىنىسىدا يۈك ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىلغار تىپتىكى قورااللار كىرىدۇ. بىر جاسۇسنىڭ خىتاي تەرەپكە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشى بىلەن بۇ زور كۆلەمدىكى قورال-ياراق پاش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خىتاي ئىنتايىن چۆچۈپ كېتىدۇ. غۇلجىدىكى

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك بىر ئۇچۇم ئوقۇمىغان قارا قورساق ياشلارنىڭ ئۇرۇش-چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەزىيىتى ئەمەس ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ. يەنە شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى بوران-چاپقۇنلۇق بىر كېچىدە، غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى تارىخىغا شانلىق تامغىسىنى باسقان ئەڭ چوڭ توقۇنۇشلارنىڭ بىرى بولغان خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشى يۈز بېرىدۇ. ئىلى ئوبلاستلىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوراللىق ئەترىتىنىڭ قوماندانلىقى بىلەن، ناھايىتى كۆپ قوراللىق ئەسكەرنىڭ قورشاۋى ئاستىدا قالغان غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى يېزا تۆگمەنبېشى كەنتىدىكى تېيىپ مۆمىننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغان ھامىمات مەمتىمىن، خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبەرى، ئىلياس زوردۇن، تۇرسۇن سەلەي، تېيىپ مۆمىن قاتارلىق پارتىزانلار تاڭ ئاتقىچە خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىق ئېتىشىپ، خىتاينىڭ مەملىكەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن كۆپ قىرلىق ئەسكىرى لوڭ فېيىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. نۇرغۇن خىتاي ئەسكىرى ئۆلىدۇ ۋە يارىدار بولىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا ھامىمات مەمتىمىن بىلەن تېيىپ مۆمىن شېھىت بولىدۇ. تۇرسۇن سەلەي، خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبەرى، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق پارتىزانلار خىتاينىڭ مۇھاسىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىدۇ. غۇلجا 5-فېۋرال دېموكراتىك نامايىش ھەرىكىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خىتاي تەرەپ غۇلجىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە قوراللىق قىسىم ھېسابلانغان 8660-قىسىمنى غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىش بىلەن بىرلىكتە، لوڭ فېيغا ئوخشاش ئالاھىدە ئەسكەرلەرنى غۇلجىغا يۆتكەپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئالاھىدە ئەسكەرنىڭ ئۇيغۇر پارتىزان جەڭچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى خىتاينى تېخىمۇ ساراسىمىگە سالىدۇ. 1998-يىلى 26-ئىيۇن كۈنى،

غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن يېزىسى مەمەيار كەنتىدە يۈز بەرگەن ئۈچئۈن توقۇنۇشى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتاي قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان يەنە بىر ئەڭ چوڭ قوراللىق توقۇنۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا خىتاينىڭ يەنە بىر ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن قوراللىق ئەسكىرى كويۇگچاڭ بىلەن نۇرتاي ئەنۋەربېك ۋە يەنە بىرقانچە ئەسكەر ئۇيغۇر پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن باشقا، خىتاينىڭ ئابدۇراخمان پەيزى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساقچىلىرى ئېغىر يارىلىنىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا تۇرسۇن سەلەي شېھىت بولىدۇ. خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبەرى، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق پارتىزانلار خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان خىتاي تەرەپ تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ، غۇلجا ناھىيەسىنى قاپلىغان قوناقلىقلار، مەھەللىلەر جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قانغا بويىلىدۇ.

ئەمدى يازمىمىزنىڭ بېشىغا قايتىپ كەلسەك، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئەنە ئاشۇ قان دېڭىزىغا ئايلانغان غۇلجا ناھىيەسىدىكى ئۆرۈكلۈك باغدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

شۇ كۈنكى مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلغان غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى دىلشاتنىڭ سۆزلىرى يىغىن ئەھلىنى تىمتاسلىققا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. ھاكىم دىلشات مۇنداق دەيدۇ: «شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن، ئەلنى سۆيگەن ۋە ئەلمۇ سۆيگەن شائىرلا بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بىر زات. ئۇ يېقىندا يېزىپ چىققان 5 ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا تىنچىتقىلى

بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى دوكلات، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ بولىياڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەننىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىپ تارقىتىلدى.» شۇنداق كۆتۈلمىگەن بۇ سۆز بىلەن يىغىن مەيدانى سۈكۈناتقا چۆمدۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسى، يەنى ئىچكى دۇنياسى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. مەنمۇ شۇ يىغىن مەيدانىدا ئولتۇرغان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىچكى دۇنيايىم ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغۇنلىغان سوئاللارنىڭ قورشاۋىدا قالغان بىر بەدەنگە ساھىب ھالدا ئولتۇرماقتىمەن. بۇ سوئاللار مۇنداق سوئاللار ئىدى: ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننى شېئىر يازىدۇ دەپ ئويلايتتۇق، ئەمما ئۇ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق قىلغاندا ياخشى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈمەتكە ئەقىل ئۆگىتىدىغان خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ باش ئىستراتېگىيەچىسى ئىكەن دە؟ ئەجەبا مۇھەممەتجان راشىدىن يېزىپ چىققان 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق قىلغاندا ياخشى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇ ماتېرىيال پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قېنىنى سۈمۈرۈپ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ۋاڭشىسەي (شىڭشىسەيگە تەقلىد قىلىنغان) دەپ ئاتالغان ۋاڭ لېچۇەن بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ بولىياڭغا ياراپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىنغۇدەك قانداق ماتېرىيال بولغىيتتى ھە؟ بۇ تاشقى جەھەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەل سۆيگەن شائىرى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، ماھىيەتتە بولسا ئۇيغۇر خەلقى يەنە بىر يۈزىنى بىلمەيدىغان بىر زەھەرلىك يىلان ئوخشىمامدۇ؟

ھاكىم دىلشاتنىڭ سۆزلىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىپ تەھلىل

قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، دىلشات پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇ «ئەل سۆيگەن» شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننى قارىلىماقچى ۋە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق شائىرنىڭ ئەل قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرمەكچى. خەلق بىلەن مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىۋەتمەكچى. ئىككىنچى، ھاكىم دىلشات مۇھەممەتجان راشىدىننى ماختاش يولى بىلەن خەلققە بىر سىگنال بېرىۋاتىدۇ. مۇنداق ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىنى خەلقنىڭ سەمگە سېلىپ قويۇۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھەممەتجان راشىدىننى ئىككى بىسلىق ئويۇنىتىۋاتقانلىقى، بىر تەرەپتىن خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بىر شائىر ئوبرازىنى يارىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئۈچۈن سىياسىي مەسىلىلەرنى، سىياسىي ئىسيانلارنى قانداق باستۇرۇشتىكى باش مەسلىھەتچى قىلىپ چېكىسىگە قىسىۋاتقانلىقىنى يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئاشكارىلاپ، بۇ زاتنىڭ خىتاي ئالاھىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقان شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىنىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ.

مەن ئالدىنقىسىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىمەن. چۈنكى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن بۇنداق سەزگۈر سىياسىي ۋەزىيەتتە، خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق قىلغاندا ياخشى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە دوكلات تەييارلىمىغان كىشىنى دوكلات تەييارلىغان قىلىپ كۆرسىتىش ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن خاقانلىرى ۋاڭ لېچۇەن بىلەن ۋاڭ بولياڭنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولمىغان، ئوتتۇرىدا يوق بىر نەرسىنى قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان قىلىپ كۆرسىتىش، يەنە كېلىپ بۇنداق بىر چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇش دىلشات ئۈچۈن ئەلۋەتتە كاللا كېتىدىغان ياكى ھېچ بولمىغاندا ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ھاماقەتلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ نۇقتىدىن

دىلشاتنىڭ بۇنداق بىر يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغانلىغا ھەددى ئەمەس ئىدى. ئۇندىن باشقا بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا مۇھەممەتجان راشىدىن تەييارلىغان 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق قىلغاندا ياخشى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتنىڭ، ئاپتونوم رايون بويىچە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىپ تارقىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، دىلشات بۇ يەردە ئاتالمىش ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بارلىق بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى ئۆز سۆزىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھچى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىۋاتقان ئىدى.

ھاكىم دىلشاتنىڭ سۆزلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنى رەت قىلغان ئىكەنمەن، ئۇنداقتا ئىككىنچى نۇقتا شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە ھەمكارلىشىپ، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق قىلغاندا ياخشى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر دوكلات تەييارلىغانلىقى، بۇ دوكلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچىۋاتقان ۋاڭ لېچۇەن بىلەن ۋاڭ بولىياڭنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلدۇرۇۋېتىشى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر دوكلاتنى ئاتالمىش ئاپتونوم رايون بويىچە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىپ تارقاتقانلىقىدەك بىر سىياسىي مەسىلىنىڭ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بىر سىياسىي ساتقىنلىقنىڭ راستلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنداقتا خىتاي نېمە ئۈچۈن 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى تىنچىتىشتا مۇھەممەتجان راشىدىنغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى؟ ياكى مۇھەممەتجان راشىدىن بۇنداق بىر دوكلاتنى ئالتۇن تاۋاققا سېلىپ ئۆز قولى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ بولىياڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ خاقانى ۋاڭ لېچۇەنگە خالىسانە سۇندىمۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەتجان راشىدىنغا قىلىنىۋاتقان تۆھمەتمۇ؟ بۇ

ھەققىتىكى مۇھاكىمىنى مەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ھېرىسمەن مەستانىلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ تارازىغا سېلىپ بېقىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى بىلەن مۇھەممەتجان راشىدىن مەسىلىسى ھەققىدىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان بۇ سەتچىلىكنىڭ نەق مەيداندىن ئاڭلىغان گۇۋاھچىسى يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئەينى يىلى بۇ نەق مەيدانغا بارغان ئىلى ۋادىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە تەشۋىقات ساھەسىدە ئىشلەيدىغان بارلىق قەلەمكەشلەر گۇۋاھ.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى دىلشات، كورلا شەھىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكەپ كېتىلدى. غۇلجىدىكى ئىدارە-جەمئىيەتلەردە ختاي يۆتكەپ جازالاش ھېيلىسىنى قوللاندى دېگەن گەپ-سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بېرىپ 15 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2010-يىللاردىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە ئامېرىكىدىن بىر كىشى زىيارەتكە كەلدى. چەتئەلدىن كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى بىلەن كۆرۈشۈش تەسكە توختايدىغان، مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئۆيىگە كىملەر كېلىپ، كىملەر كېتىۋاتىدۇ بۇنى بىلىش ئۈچۈن ختاي ھۆكۈمىتى شۇ مەھەللىگە ۋە دەرۋازا تۈۋىگە تىڭتىڭچى قويۇپتۇ دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىگە قارىماي، مۇھەممەتجان راشىدىن بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالايىتەن غۇلجا ناھىيەسىدىن غۇلجا شەھىرىگە كىردى. مۇھەممەتجان راشىدىن قۇرۇق كىرمىگەن، بەلكى ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان قول يازما شېئىرلىرىنى ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىدىن كەلگەن كىشىدىن بۇ شېئىرلىرىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىپ، شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىپ

قويۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئامېرىكىلىق كىشى مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كەلدى ۋە مۇھەممەتجان راشىدىن ئارزۇ قىلغاندىكىدەك تەشۋىق قىلدى.

دېمەككى، كېيىنكى قەدەممە خىتاي مۇھەممەتجان راشىدىننى ئامېرىكىغا ساياھەتكە چىقارماقچى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئالدىنئالا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى تونۇشۇپ، مۇھەممەتجان راشىدىن كەلگەندىن كېيىن ھازىرلىنىدىغان نەغمە-ناۋا ۋە شېئىر بىرلەشتۈرۈلگەن سورۇنلارنىڭ تەييارلىقى قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

مۇھەممەتجان راشىدىن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ سەركەردىسى بولغان رابىيە قادىر ۋە سىدىق ھاجى روزىلارنىڭ كونا سەپدىشى بولۇپ، سىدىق ھاجى ئاكا بىلەن 1960-يىللاردا بىرلىكتە خىتايغا قارشى تەشكىلات قۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ياتقان ئىدى. ئەگەر مۇھەممەتجان راشىدىن ئامېرىكىغا كەلسە، ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا يېقىن كەلمەيدىغان، ۋەتەنگە داۋاملىق قاتراپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چاي، نەغمە-ناۋا باشلىنىپ، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەتىۋارلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى دە، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان رابىيە قادىر ۋە سىدىق ھاجى روزىلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش، ئابرۇيىسىزلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسەتكە خىتاي ناھايىتى ئوڭايلا يېتەلىگەن بولاتتى. ئەمما ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىگە ئىمكان بەرمەي قالدى. كېيىنكى يىللاردا مۇھەممەتجان راشىدىن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئامېرىكىغا كېلەلمەي قالدى ۋە ۋاپات بولۇپ كەتتى.

2024-يىلى ئىيۇل، تورونتو

# چاقچاق شاھى ھېبى (ھەبىبۇللا) نىڭ جىنازىسى قەلبىمدە پەرۋاز قىلغاندا...

ئالما شەھىرى، ئىلى دەرياسىنىڭ شەھىرى، چاقچاقچىلار شەھىرى، ھارۋىكەش ناخشىسىنىڭ شەھىرى، مەشرەپ شەھىرى، شېھىتلەر شەھىرى، مەردۇ-مەردانىلەر شەھىرى، ساخاۋەت شەھىرى، مەدەنىيەت شەھىرى، بەزىدە كۆلۈپ مومايدەك قورۇلۇپ قالىدىغان، بەزىدە ھۆررا دېگەن چۇقانلىرى بىلەن خىتايىنى ساراسىمىگە سالىدىغان تەڭداشسىز سەرخىللار شەھىرى، 1944-يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەخت شەھىرى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ شاھىت شەھىرى، مەن قەلەمكەشنىڭ تۇغۇلغان شەھىرى غۇلجا شەھىرىدىن، ھازىرقى زامان ئىلى چاقچاقچىلىقىنىڭ پىرى، شاھى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان ھېبى (ھەبىبۇللا) نىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئالغان ۋاقتىم، ئانا ۋەتەندىن تولىمۇ ئۇزاقتا بولغان كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئاۋات كوچا دوقمۇشىدا، قولۇمدا توختاش (ستوپ) بەلگىسىنى كۆتۈرگەن، ئاغزىمدا سىۋىستىك چالغانچە كانادالىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى چوڭ كوچا دوقمۇشىدىكى قىزىل چىراغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇۋاتقان ۋاقتقا توغرا كەلدى.

ئەلۋەتتە بۇ چوڭ كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ قىزىل چىراغدا ماشىنىسىنى توختاتقان ۋە يېشىل چىراغدا يولىنى داۋام قىلغان بارلىق كانادالىقنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ «ھېبى» سى بار خۇددى ماڭا ئوخشاش. شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن ئوي-خىياللىرى، ئارزۇ-

ئارمانلىرى، غەم ئەندىشىلىرى بار. ئۇلار بۆگۈن ھەم ئۆز كۆلكە شاھىدىن ئايرىلىپ قالغان، ھەم تامامەن كۆلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلمىسە كېرەك. دەرد ـ ئەلەملەرنى تارازىغا سېلىپ تارتقىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى قاتناش چىرىغىغا كېلىپ قىزىل چىراغدا توختىغان ھەر بىر كانادالىقنىڭ ئالدىغا داۋام قىلىپ ماڭىدىغان يېشىل چىرىغى بار، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنداق ئەمەس.

## 1-ئويلىنىش

دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھېبى بىلەن مېنىڭ بىر ئورتاق نۇقتىمىز بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ قىزىل چىراغدا توختاپ قېلىش، يېشىل چىرىغىمىزنىڭ يوق بولۇشى. بۇ يېشىل چىراغنىڭ كەمتۈكلىكى مەسىلىسىنى تۈرلەرگە ئايرىغان ۋاقتىمىزدا، ھېبى بىلەن ئىككىمىزنىڭ يەنە پەرقلىق دەرد ـ ئەلەملىرىمىز بار ئىدى. مەن بولسام ۋەتەنگە بېرىش يولىنىڭ قىزىل چىرىغىدا توختاپ قالغان ۋەتەن سەۋداسى ئىدىم. ھېبى بولسا ئەركىن نەپەس ئېلىشقا چاڭقىغان، دۇنيا چېگرىسىنىڭ مەڭگۈلۈك قىزىل چىرىغىغا بەند قىلىنغان بىرى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ «چىراغ» مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى. چاقچاق سورۇنلىرىنىڭ قىزىل چىرىغىدا توختاپ قېلىش، ھويلىغا چىقىشنىڭ قىزىل چىرىغىدا توختاپ قېلىش ۋەھاكازا دېگەندەك... ئاخىرىدا ئۇيغۇر خەلقى «كۆلكە» نىڭ قىزىل چىرىغىدا توختاپ قالدى. يەنى، كۆلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھالەتتىن بىزگە قارىغاندا، كۆلكە ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان چاقچاق شاھى ھېبى تېخىمۇ بەكرەك ئازابلاندى دەپ ئويلايمەن. ئەلۋەتتە چاقچاق شاھى... ئەلۋەتتە دېدىم بۇ

كوچا دوقمۇشىدا، ئۇلۇغ قولۇمدا توختاش بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىلارغا توختاشنى ئاگاھلاندۇرغاچ.

بۈگۈن ئىلى ۋادىسى خۇددى ئېگىز تاغلاردىن، تۆپىلىك ۋە غوللاردىن چۇ ... دېگەنچە سۇر توقاي ئات چاپتۇرۇپ، تاغلارنى ھەتتا ئۆزى قەدەم باسقان بارلىق تەبىئەتنى بىر قېتىم سىلكىتىپ، بىر قېتىم تىترىتىپ، دۈشمەنگە بولغان سۇر ھەيۋىسى بىلەن پالۋانلار قوشۇنى شەكىللەندۈرگەن سادىر پالۋىنىدىن ئەمەس، بەلكى يەنە بىر «ئىلى چاقچاقلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ خەلق سورۇنىنىڭ، بولۇپمۇ خىتاي ئىنتايىن ئەندىشە ۋە ۋەھىمە ھېس قىلىدىغان، خەلق ھېچقانداق بۇيرۇقسىز توپلىنالايدىغان، ئىلى خەلقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرى «يۇمشاق ئاتوم بومبىسى» ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇ «قاينار بۇلاق» نىڭ، ئەلان مۇسكىدىن ئايرىلىپ قالدى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھېبى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھېبىدەك چاقچاق پادىشاھىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىلى خەلقى ئۈچۈن يىغلايمەن.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شۇنداقلا ئىلى خەلقىنىڭ خەلق بىلەن ياشنايدىغان، خەلق بىلەن كۆكلەيدىغان، خەلقتىن ئايرىلغاندا مەنە ۋە مەزمۇنى، تۇز-تەمى قالمايدىغان قىممەتلىك ئۈچ نەرسىسى بار. ئۇ بولسىمۇ مەشرەپ، ئىلى چاقچاقلىرى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى. خىتاي ھەر ۋاقىت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۈچ «يۇمشاق كۈچ» ىدىن ئەندىشە ۋە ۋەھىمە ھېس قىلىپ كەلدى. چۈنكى بۇ ئۈچ ئامىل خەلقنى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە جەم قىلالايتتى ۋە بىرلەشتۈرەلەيتتى. شۇڭا خىتاي بۇ ئۈچ نەرسىنى خۇددى ئۆزىگە قارشى بىر سىياسىي تەشكىلات دەپ قاراپ كەلدى ۋە شۇنداق جىددىي مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا خىتاي بۇ ئۈچ قىممەتلىك گۆھەرنى خۇددى تىرناقنى گۆشتىن

ئايرىماقچى بولغاندەك ئايرىپ، قانداقتۇر ئاتالمىش شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا قايتىدىن كۆكلەتمەكچى بولدى. بۇندىن 25 يىل ئىلگىرى ئابدۇخېلىل مىجىت غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئىلى ۋادىسىدا، مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ گۆھەرنى قانداق چاقناتقان بولسا، ھېلىمۇ ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ ساپ ۋە تەبىئىي ھالىتىنى، خەلقتىن ئايرىلالمايدىغان، خەلقتىن ھۇزۇر ئېلىپ كۆكلەيدىغان تەرىپىنى باشقىچە چاقناتقان، بىر دەرەخنىڭ يەنە بىر ئاچىمىقى ئىدى. ئەلۋىدا! ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ پادىشاھى ھېلى، ئىلى خەلقىنىڭ بېشى ئامان بولسۇن! ئامىن.

## 2-ئويلىنىش

مەن ھېلىنىڭ چاقچاق سورۇنلىرىغا نەق مەيداندىن قاتنىشىپ باققان ئەمەسمەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇندىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى غۇلجىدىكى چولپان رېستورانىدا قىلغان چاقچىقىنى يۇتۇب تور قانىلى ئارقىلىق كۆپ قېتىم كۆرگەنمەن. بۇ جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنقى بىر غۇلجا سورۇنى بولۇپ، بۇ سورۇندا ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن داڭلىق سەنئەتچىلەر، غۇلجا شەھىرىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر رەھبەرلەر، مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئوقۇتقۇچى كادىرلار، غۇلجىنىڭ باي سودىگەرلىرى شۇنداقلا غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى غوپۇرجان قاتارلىقلار قاتناشقان سورۇن ئىدى. (كېيىنچە بۇ سىننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنىڭ كېسىپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قايتا قىسقارتىلىپ يوللانغانلىقىنى كۆردۇم.) شۇ سورۇندا بىر چاقچاقچى ھېلىگە: «غوپۇرجان ساقچى باشلىقىغىمۇ چاقچاق قىلامسەن، دېگەندەك قىلىپ قالدى». ھازىر جاۋاب ھېلى بولسا: «ياق، ساقچىلارغا چاقچاق قىلمايمەن، تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىپ قالمىسۇن يەنە، ئۇ چاغدا

نورۇزدا ھېبى يوقاپ كېتىپتۇ دەپ مېنى ئىزدەپ يۈرىيدىغان ئىش چىقمىسۇن يەنە» دېدى-دە، سورۇندىن قىقاس-چۇقان چىقىپ كەتتى. دېمەك، غۇلجا ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن نازۇك ئىكەنلىكىنى، قالايمىقان، قانۇنسىز ئادەم تۇتۇشنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىر چاقچاق ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. مەن شۇنداقلا چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى خىتايغا ئاتالمايۋاتقان مۇشتنى ھېبى چاقچاقتىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك قورال ئارقىلىق بىر سورۇندا يۈزمۇ-يۈز ئولتۇرۇپ ئاتالىغان ئىدى.

## 3-ئويلىنىش

بىر كۈنى ھېبنى ئاتالمىش شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «چاقچاقچىلار چايخانىسى» مۇ ئەيتاۋۇر قايسىبىر پروگراممىسىدا كۆرۈپ قېلىپ ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇ كۆزۈمگە خۇددى زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىدا ئولتۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن چەكسىز كەتكەن دېڭىزدىن ئايرىلىپ ۋاقىتلىق ھالدا ساھىلدا پىلتىڭلاۋاتقان بېلىققا ئوخشايتتى. خەلقى بىلەن تۇغۇلۇپ، خەلق سورۇنلىرىدا ياشناپ، خەلق بىلەن تەڭ كۈلۈپ تەڭ ئۆلىدىغان ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ، مەشرەپ ئوينىغان ئىلى ياشلىرىنى قانلىق قىرغان قىرغىنچى ھۆكۈمەتنىڭ زۇۋانى بولغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىغا كۆچۈرۈلۈپ كېلىنىشى ماھىيەتتە ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ يىلتىزىغا چېپىلغان پالتا ئىدى. مەن ئەزەلدىن كاستۇم-بۇرۇلكا بىلەن كۆرۈپ باقمىغان ھېبى گەرچە خېلى ئېسىل كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ بۇ «قانلىق سەھنە» دە ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرى خۇددى چىشلىق چاقلىق يوغان توغراش ماشىنىلىرىغا سېلىنىپ، سىقىپ سۈيى چىقىرىلىش ئالدىدا تۇرغان قارا ئۈزۈمدەك ۋەھىمىلىك ئىدى.

**4-ئويلىنىش**

چاقچاق شاھى ھېبىنىڭ ساخاۋەتپەرۋەرلىكى ھەققىدە توختالمايمەن. چۈنكى غۇلجا ساخاۋەتچىلەر شەھىرى. قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر غۇلجىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ھەر بىر كېسىكىدە غۇلجىلىق ساخاۋەتچى بايلارنىڭ ئەجىر-ئەمگىكى سىڭىپ يېتىپتۇ. غۇلجىدا پۇل تاپقاندىن كېيىن بېخىل-پىششىقلىق قىلىپ، مائارىپقا، يېتىم-يېسىرلارغا، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلمايدىغان كىشىلەرنى جازالايدىغان ئادىل سوراقخانا، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ قازى-كالانلىرىدىنمۇ پىچىقى كەسكىن كېسىدىغان سوتى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىلى چاقچاقلىرى سورۇنى. بۇنداق كىشىلەرنى ھېبىدەك چاقچاق پادىشاھلىرى ئىككى چاقچاق بىلەنلا «لەقەم» دىن بىرنى قويۇپلا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن، غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ دىنىدىن ئانچە خەۋىرى يوق تۇرۇقلۇق، مەشرەپ ئوينىغان غۇلجا ياشلىرىغا ھالال-ھارامدىن دەرس بەرگەن مەۋلان ئىسىملىك ھۆكۈمەت خادىمىغا، غۇلجا خەلقى «مەۋلان بەش ھارام» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان ئىدى.

شۇنداق، بۈگۈن پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى كۆلىدۈرۈپ، خىتاي يۈرگۈزگەن بارلىق قىرغىنچىلىق سىياسەتلەرنى مەنستمەي كەلگەن ئىلى چاقچاقچىلىقى تارىخىنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋرىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېشىلغا ئۆزگىرىشى ئىنتايىن قىيىن بولغان قىزىل چىراغقا كېلىپ توختاپ قالدى. بۇ سەۋەبلىك ھېبىنىڭ ۋاپاتى، كىشىلەر ھويلىسىغىمۇ چىقالمايدىغان، غۇلجا خەلقى توق يىللارنىڭ ئاچ قالغان كىشىلىرىگە ئايلىنىپ قالغان، كۆلكە شەھىرى غۇلجا ئاللىقاچان ماتەم شەھىرىگە ئايلىنىپ قالغان قورقۇنچلىق دەۋرگە توغرا كەلدى. ھېبىنىڭ مېيىتىنى يۇيۇش،

جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈش، خەلق ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ غۇلجا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرۇپ، قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇش قاتارلىق ئىشلار يەنىلا قىزىل چىراغنىڭ توختاش سىزىقىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. بۇ ھېبىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قاباھەت ئىدى.

### 5-ئويلىنىش

ئەمما ھېبىنىڭ جىنازا نامىزى قەلبىمدە جانلاندى. ئۇنىڭ مېيىتى سېلىنغان تاۋۇت قەلبىمدە پەرۋاز قىلدى. خىيالىم ھەر ھالدا ئۇيغۇر خەلقى مېيىت نامىزىنى ئەركىن چۈشۈرەلەيدىغان، قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا ئاپىرىپ كۆمەلەيدىغان، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا ھەر ھالدا قىزىل چىراغ يېقىلمىغان، يېقىنقى 5 يىلنىڭ ئالدىغا مەركەزلەشتى. غۇلجا خەلقىنىڭ خۇي-پەيلى، ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ «پىلسىرات كۆۋرۈكىدىنمۇ چاقچاق قىلىپ ئۆتىدۇ» دەيدىغان ئاتا سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ھېبىنىڭ قەلبىمدىكى جىنازا نامىزىغا غۇلجىنىڭ ھەر قايسى مەھەللە-كوچىلىرىدىن كىشىلەر سەل بولۇپ ئاقتى. قازانچى، تۆرەم مەھەللىسى، مەشرەپ باي، تۆت دۇكان، ئۈچ دۇكان، تۆپىچى مەھەللىسى، غاپپار باي، قارادۆڭ... ئىلى خەلقى كىملەرنى قەدىرلەشنى ياخشى بىلىدىغان خەلق ئىدى. جىنازا جامەدىن ئايرىلىپ، قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا قاراپ يول ئالدى. ھېبىنىڭ جىنازىسىنى ئۇزۇتۇش مۇراسىمىدا ئۆزلۈكىدىن يىغىلغان نەچچە مىڭلىغان كىشى ئىچىدە، مۇنداق ئۈچ كۆرۈنۈش قەلب تۆرەمدە ۋە ئېچكى ھېسسىياتلىرىمدا جانلىنىپ، ھېچ خۇنۇكلەشمەي تۇرماقتا ئىدى.

### 1-كۆرۈنۈش:

غۇلجىنىڭ داڭلىق چاقچاقچىلىرىنىڭ ھەممىسى باشلىرىغا

ئۇيغۇر دوپپىسى كىيىپ، بەللىرىگە ئاق باغلاپ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ ماڭماقتا ئىدى.

**2-كۆرۈنۈش:**

ھىبىنىڭ تاۋۇتى ئالىقانلاردا كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. بۇ غۇلجا خەلقىنىڭ ھىبىگە، ئىلى چاقچاقچىلىقىغا بولغان ھۆرمىتى، سۆيگۈسى ۋە ئىپتىخارى ئىدى.

**3-كۆرۈنۈش:**

بەلكىم ئۇلار تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسۇل بىلەن، يەنى ھىبىنىڭ مېيىتىغا چاقچاق قىلىپ، پاراققىدە كۈلۈش، قارادۇڭ قەبرىستانلىقىدا، مېيىتنى ئۇچلاپ قەبرىگە يەرلەشتۈرۈش... قاتارلىق بىر قاتار جەريانلارنىڭ ھەممىسىگە چاقچاق قوشۇپ، ھىبىنىڭ ئاخىرقى سەپىرىنى، ھىبىنىڭ ئۆزىگە خاس، بىر ئۆمۈر ئۆز خەلقىنى كۈلدۈرۈپ ياشىغان خاسلىقى بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇش يولىنى تاللىشى مۇمكىن.

خىياللىرىم ئەنە شۇنداق قاناتلانغان ۋاقىتتا، شام نامىزىغا ئەزان چىقىشقا باشلىدى. ئەمما ئانا يۇرتۇم غۇلجىدا سۈبھى، تاڭ يورۇماقتا ئىدى. «ئەلۋىدا ھىبى!» دېدىم ئاستا پىچىرلاپ. غۇلجا خەلقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئامان بولسۇن!

2022-يىلى 22-نويابىر، تورونتو

# يېرىل ئوتتاۋام يېرىل، ئونىڭ ئۇيغۇر قوينۇڭغا كىرىۋالسۇن

ئاخىرقى ئۆمرىگىچە گەرچە غۇلجىدا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما «مانىغىچام»، «پىشكە» دېگەندەك ئاتۇش شىۋىسىدىكى سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئانام رەھمەتلىكنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان شۇنداقلا باللىق چاغلىرىمدا مېنى كۆپ ئويلاندۇرغان، يوشۇرۇن ئېڭىمغا سىڭىپ كەتكەن بىر ھېكايە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ «يېرىلىك تېشىم» ھېكايىسى ئىدى. ئانام ئۇ ھېكايىنى مۇنداق باشلايتتى: «دۇنيادا بىر دەردمەن مۇساپىر ئانا بار ئىكەن. ئۇ ئانا دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن بارمىغان يېرى قالماپتۇ. قازى كاللانلاردىن تارتىپ تۆن نىسبىدە ئاسماندا چاقنىغان يۇلتۇزلارغا قەدەر دەرد ـ ئەلەملىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمەپتۇ. بىر كۈنى تۆن نىسبىدە ئانا بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە تۇرغان يوغان قورام تاشقا يىغلاپ تۇرۇپ دەردلىرىنى تۆكۈپتۇ ۋە قورام تاشقا قاراپ تۇرۇپ «يېرىلىك تېشىم يېرىلىك قوينىڭىزغا كىرىۋالاي» دەپ خىتاب قىپتۇ. ئانىنىڭ ئېيتقان دەرد ـ ئەلەملىرىدىن تەسىرلەنگەن يوغان قورام تاش ناھايىتى دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ چاككىدە يېرىلىپتۇ ۋە دەردمەن ئانىنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇندىن بۇيان دەردمەن ئانا قورام تاشنىڭ قوينىدا خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ. قورام تاش يېرىلىپ دەردمەن ئانىنى ئۆز قوينىغا ئېلىشى بىلەن دۇنيادا دەردمەن ئانىلار تۈگەپتۇ. شۇڭا تاغ باغرىدىكى ھەر قورام تاشنىڭ ئىچىدە بىر ئانا مېھرى بار ئىكەن» دەپ سۆزلەيتتى ئانام ھەمدە ئانىنىڭ قورام تاشقا دەرد ئاڭلاتقان، قورام تاشنىڭ

دەردمەن ئانىنىڭ دەردلىرىدىن تەسىرلىنىپ يىغىلىش ھالەتلىرىنى قول، چىراي ھەرىكەتلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بېرەتتى.

تۈنۈگۈن، يەنى 2023-يىلى 1-فېۋرال كۈنى، ئانام ئېيتىپ بەرگەن بىر قورام تاشنىڭ يىغلىشى، دەردمەن ئانىنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋالغىنىدەك بىر ھېكايىنىڭ كانادانىڭ پايتەختى ئوتتاۋا پارلامېنتىدا يۈز بەرگەنلىكىدەك رېئاللىققا شاھىت بولدۇم. كانادا پارلامېنتىدىن ئىبارەت بۇ قورام تاش تۈنۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىدە دەرد - ئەلەملىرىنى ئاڭلىتالماي سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يىغلىغان ۋە ئون مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كانادا پارلامېنتىنىڭ 100 پىرسەنت ئاۋاز بېرىشى بىلەن، 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئېلىپ كېلىش قانۇنىنى ماقۇللىغانىدى. دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك سانائەتلەشكەن 7 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان كانادانىڭ باش مىنىستىرى جاستىن ترىدومۇ بۇ قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشىغا ئاۋاز بېرىپلا قالماي، يەنە «بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كانادا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ باشلىنىشى» دېدى. كانادا باش مىنىستىرى جاستىن ترىدو ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىد چىرىغى «يىغلىغان تېشىم» ھېكايىسىنىڭ رېئاللىقتا ئەمەلگە ئېشىشىدا كۈچ چىقارغان سامىر زۇبەير، كانادا كۆچمەنلەر مىنىستىرى، كانادا مالىيە مىنىستىرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان پارلامېنت ئەزالىرى شۇنداقلا كانادا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇللىرىدىن دولقۇن ئەيسا، ئۆمەر قانات، مەمەت توختى قاتارلىقلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەر ئۆتكۈزدى، رەسىملەرگە چۈشتى. دېمەك، كانادا خىتايغا: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر «يىغلىغان تېشى» بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سىگنالنى بەرمەكتە ئىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كاناداغا كېلىش يولىنى ئاچقان بۇ رېئاللىقتىكى «يېرىلىك تېشىم» خىزمىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى مەمەت توختى ئەپەندىمنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. خىتايدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى سۆيگەن، ئۆزى خالاپ بۇ مىللەتنىڭ چاكىرى بولۇش يولىنى تاللىغان ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن ھەر خىل تىل-ھاقارەت، تۆھمەت ۋە دەشنامىلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر يېڭى تارىخى ئىزنا قالدۇرغان مەمەت توختى ئەپەندىمنىڭ جاسارىتى ۋە بۇ جەرياندا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە بارىكاللا ئېيتىمەن. ئاللاھ ھەر ۋاقىت «ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى، ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدۇق» دېگەن ھالقىلىق مىنۇت-سېكۇنتلاردا ئەنە شۇنداق يېرىلىپ بېرىدىغان تاشلارنى پەيدا قىلىدىغان ياراتقۇچىدۇر. كانادا پارلامېنتىدا چىقىرىلغان ئون مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئېلىپ كېلىش قانۇنى مانا مۇشۇنداق چاقنىغان ئۈمىد نۇرلىرىنىڭ بىرى.

بامبۇك كۆچىتىگە ھەر كۈنى سۇ قۇيۇپ، بۇ ھەرىكەتنى ئۇدا بەش يىل داۋاملاشتۇرسىڭىزمۇ، ئەمما بامبۇكنىڭ يەر يۈزىگە ئۈنۈپ چىقمىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئەگەر سىز بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، بامبۇك كۆچىتىگە سۇ قۇيۇشنى توختىتىپ قويسىڭىز، سىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك بامبۇك دەرىخىگە ئېرىشەلمەيسىز. سۇ قۇيۇش داۋام قىلىپ بەش يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى بامبۇك نوتىسىنىڭ يەر قاتلاملىرىنى تېشىپ يەر يۈزىگە چىققانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنداقتا بۇ بەش يىلغا سوزۇلغان ئۇزۇن مارافونچە سۇ قۇيۇش، پەرۋىش قىلىش جەرياندا بامبۇك نېمە ئىش قىلدۇ؟ بۇ جەرياندا بامبۇك ئۆز ئىچكى قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بۇ بەش يىل جەرياندا بامبۇكنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزى تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىپ، دەل بىر پۇتبول مەيدانى چوڭلۇقتىكى جاينى ئىگەللىگەندە ئاندىن يەر يۈزىگە چىقىشقا باشلايدۇ. يەنە كېلىپ

دۇنيادىكى پولاتتىنمۇ كۈچلۈك بىر ماتېرىيال، ئىسسىللىق ۋە سۈپەت جەھەتتە تەڭدىشى يوق بامبۇك كېيىم-كېچەك خام ئەشياسى بولۇپ نامايان بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ «يېرىلىڭ تېشىم» بولۇپ بېرىشىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىدىكى ئۈمىد نۇرىنىڭ چاقنىشى بامبۇكنىڭ يەر يۈزىگە بىخ ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى. ئۇيغۇر خەلقىمگە بۇ قانۇننىڭ خەيرىلىك بىر قانۇن، يوللارنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەب بولغان بىر قانۇن، خىتاي زۇلۇمىنىڭ توختىشىغا باشلامچى بولىدىغان بىر قانۇن بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. خىتاي يازغۇچىسى لۇشۈننىڭ: «ئەسلىدە دۇنيادا يول يوق ئىدى. يول ماڭغانسېرى پەيدا بولغان» دېگەن سۆزى بار. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يول مېڭىۋاتقانلار، يول پەيدا قىلىۋاتقانلار ئامان بولسۇن.

# يۈسۈپ قۇدۇقتىن چىقىدىغانغا ئاز قالدى

## مۇقەددىمە

ئاتۇشلۇق سودىگەر، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى، ئاتۇش تېجەن مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان بوۋام سەمەرباي 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، تۇنجى ئوقۇلغان ئىستىقلال مارشىمىزنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغان ئىكەن. دادام ئابدۇقادىر سەمەر 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان 2-قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىزگىمۇ شەرەپ ۋە ئىپتىخار بىلەن شاھىت بولغان ئىكەن. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر سوت مەھكىمىسى دۇنياغا ئېلان قىلغان «خىتاي ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ» دېگەن تارىخىي ۋەقەگە شاھىت بولۇپ تۇرۇپتىمەن. خۇددى قاتتىق يامغۇردىن كېيىن قۇياش كۆتۈرۈلگەندە پارلىغان كانادا چىنار يوپۇرماقلىرىدەك مەغرۇرمەن بۈگۈن.

### ئۇيغۇر خەلقى يېڭىدىن ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە قايتا تۇغۇلغۇسى

ئۇيغۇر خەلقى يېڭى بىر تارىخى بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا. ئۇيغۇر خەلقى دۇنيا يۈزىدە يېڭى تۇغۇلغان يۇلتۇز بولۇپ چاقناش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇيغۇر خەلقىنى پارلاق كېلەچەك كۈتمەكتە. بىزنىڭمۇ «خەيرى-خوش خىتاينىڭ قاراڭغۇ جازا لاگېرى!» دەيدىغان، ئاھ ۋەتەن! دەپ ۋەتەن تۇپراقلىرىنى كۆزلىرىمىزگە سۈركەيدىغان كۈنلىرىمىزگە ئاز قالدى. قىسقىسى، قۇدۇققا

تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ مىسىرغا ۋالىي، دېھقانچىلىق مىنىستىرى، مىسىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەزىزى قىلغان ئاللاھنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى، خىتاي ئۈستى ئۈچۈق تۈرمىلىرى ۋە جازا لاگېرلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن بېرىدىغان كۈنلىرىگە ئاز قالدى.

چال سازىڭنى ئەي تارىم، زەرەپشان، ئىلى، سايرام! ئەي شامال، يەتكۈز دۇنيا ئادالىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى سۈكۈناتىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىق خەۋىرىنى؛ 20 يىلدىن بۇيان ھەسرىتىنى چېكىپ، دەۋاسىنى قىلىپ، ياقا يىرتىپ ناۋاسىنى قىلىپ، بىر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ ياشىغان ۋەتەن تۇپراقلىرىغا. يەتكۈز ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ پاكىتلىرى بولغان جازا لاگېرلىرىنىڭ ھەر بىر قاراڭغۇ كامېرلىرىغا، تۈرمىلەرگە، شىۋىرلا تۆمۈر رېشاتكىلارغا، دەرۋازا قۇلۇپلىرىغا، سىم توساقلارغا، يۈز تونۇش ئەسۋابلىرىغا، كىشەن تاقاقلارغا، قوشماق تۇغقانلىرىمىزغا بۇ زۇلمەت دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ يېڭى بىر ئۇيغۇر دەۋرىنىڭ باشلىنىدىغانلىق سۈبھىسىنىڭ كېلىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى. ئەي ئاقباش بوغدا، قارا قۇرۇم، پامىر، تەڭرىتاغ، يۇلغۇن قىزارغان دالىلار، 5-فېۋرال كۈرەشچىلىرىنىڭ قېنى تۆكۈلگەن، پەنجىم، خۇدىيارىيۈزى، توخۇچىيۈزى، ئاق ئۆستەڭ بويلىرى دەس تۇر ئورنۇڭدىن. سېنى ھۆرلۈك، ئەركىنلىك پەرىشتىسى يوقلاپ كېلىدۇ. ئەي ۋەتەنىنىڭ غۇرۇر دەرياسى، جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق دەرياسى ھېسابلانغان ئىلى دەرياسى بويىدىكى كاككۈك گۈللىرى، 2022-يىلى باشقىچە ناز بىلەن باشقىچە گۈزەللىكىڭ بىلەن، ئانا تۇپراقنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ ئېچىل! چۈنكى بۇ زېمىن سېنىڭ ئىدى، بۇ قېتىم تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا سېنىڭ بولغۇسى!

2021-يىلى دېكابىر ئايلىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دۇنيادىكى

كۈچلۈك دۆلەتلەر، ئادالەت دىۋانلىرىدىن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۈمىدلەندۈرىدىغان خەۋەرلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان تەلەي ئىبىي بولۇپ قالدى. بۇ ئايدا ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە ... قاتارلىق دۆلەتلەر ختايدا ئۆتكۈزىلىدىغان 2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن دىپلوماتىك بايقۇت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ختايدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەجبۇرى ئەمگەكنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلىدى.

12-ئاينىڭ 9-كۈنى ئەنگلىيەدە خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى دۇنيا مەتبۇئاتلىرى ئالدىدا ختاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. دېمەك، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سۈكۈناتتا چۆمۈپ توپا بېسىپ قېلىشقا ئاز قالغان دۇنيا ئادالەت چاقى ئۇيغۇر-ئۇيغۇر دەپ چۆرگۈلەشكە باشلىغانىدى. ئۇيغۇرلار 2016-يىلىدىن بۇيان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي چارچىغان، ھالسىرىغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. ئاخىرى بىز تۈگىشىدىغان بولدۇق، مىللەت سۈپىتىدە قىرىلىپ تۈگەيدىغان بولدۇق دېگەن مىنۇتتا بىر ئۈمىد نۇرى غەربتىن چاقناشقا باشلىدى. ئىنسانلىق ۋە ئادالەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. ئەي دېكابىر، خاسىيەتلىك دېكابىر! بۇندىن 33 يىل بۇرۇنقى 12-دېكابىر ئۈرۈمچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئېسىمگە سالىدىغان ئاق يېغىنلىق دېكابىر! سەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۈمىد ۋە تارىخىي كۈن بولۇپ

قالدىكى.

6102 ـ يىلى خىتاي ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىش مەقسىتىدە جازا لاگېرلىرىنى قۇرغاندىن بۇيان، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۇ قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىدى. چاپمىغان يېرى، كىرمىگەن تۆشۈكى قالمىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاتا ـ ئانىلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىقلار بەردى. ب ب س قاتارلىق دۇنيادىكى داڭلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. تۋىتتىر، يۈز بىتىك ۋە باشقا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلاتماقچى بولدى، پارلامېنت ئەزالىرىغا خەتلەر يازدى. ھەشتەگ ئۇيغۇر ھەرىكىتى قوزغاتتى. دۇنيانى قاپلىغان، بىر ئۈچى نيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىناسى ئالدىدىن باشلىنىپ، يەنە بىر ئۈچى ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە ۋە ياۋروپانى قاپلىغان بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئاياللار نامايىشى ئورۇنلاشتۇردى. چەنجى ئورگ تور بېتىدە ئىمزا توپلاش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى. يالغۇز كىشىلىك نامايىشلار، ئائىلەم قەيەردە نامايىشى، فىرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژدىكى مەيدانلاردا گوللاندىيەدىكى دام مەيدانىدا، ۋاشىنگتوندىكى ئەركىنلىك مەيدانىدا، جەنۋەدىكى بىر پۇتى يوق ئورۇندۇق مەيدانىدا، ميۇنخېندىكى بۈۋى مەريەم مەيدانىدا، ئوتتاۋادىكى پارلامېنت بىناسى ئالدىدا، تورونتودىكى مەيدانلارغا ئۇيغۇرلار سەل بولۇپ تۆكۈلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما خېلى يامان ئەمەس تۆكۈلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ دەرۋازىلىرى جىددىي قېقىلدى. ئويغاقلار بولغىنىدەك ئۇخلاۋاتقانلارمۇ بولدى. ئۇيغۇرلار بوغۇزلاش ئالدىدىكى قويدەك تېپىرلاپ كەتكەنىدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ئاخىرى بىر كۈننىڭ بولىدىغانلىقىغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قاراپ قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئىشلار ۋە يوللارنى سىناپ بېقىشقا باشلىغانىدى.

دۇنيانى توپان بالاسى قاپلىغاندىمۇ نوھنىڭ، دۇنيانى ھاياتلىقنى قايتىدىن ئىنشا ئېتىدىغانغا بولغان بىر ئۈمىدى بار ئىدى. ئۈمىد ئىماندۇر. نوھ كېمىسى ئەسلىدە ئۈمىد كېمىسى ئىدى. ئاللاھ ھېچقاچان ئىمانغا ئايلانغان ئۈمىدلەرنى تارىخلار بويۇنچە يوقىتا چىقارغان ئەمەس. ئۈمىد سەن ۋە سەندىن كېيىنكىلەرگە دەل تۈگەشتىم دېگەن چاغدا بىر ئۈمىد نۇرىنىڭ تۇغىدىغانلىقىنى بۇ ئۈمىد نۇرىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەنە ئاشۇنداق ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن يەنە كېلىپ ئۈمىدىنى ياشناتقان بىر مىللەتتۇر. ئۈمىد ئىككىگە ئايرىلىدۇ بىرى ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئۈمىدى بولغان ئىنسانلار ياشناتقان ئۈمىد يەنە بىر ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يوقىتا چىقارغان ئىنسانلار ياراتقان ئۈمىدسىزلىك. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغۇچىلار ئۇيغۇر سوتىنىڭ نەتىجىسىگە خۇددى دۈشمەن تىلى بىلەن باھا بېرىۋاتقانلار، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئې ن د دىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈۋېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلار ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئۈمىدىنى سۇغا چىلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلار جۈملىسىدىندۇر.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جەڭچىلىرى ۋەتەنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئۈمىدى بولۇۋاتقانلاردۇر. ئۇلار ئۈمىدنى دۇنيا سەھنىلىرىگە كېڭەيتكەنسېرى ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر سوتىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان كۈنى دولقۇن ئەيسانىڭ «ئىشىمىز ئەمدى باشلىنىدۇ!» دېيىشى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرنىڭ پارلىغان ئۈمىدى بولۇش يولىنىڭ مۇستەھكەم قەدەملەر بىلەن داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. يوللار ئوچۇق، قىلىچلار كەسكىن بولسۇن!

9-دېكابىر كۈنىنىڭ خەلقئارا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى كۈنى

قىلىپ بېكىتىلىشى، خۇددى بۆركۈتنىڭ تاۋلانغاندىن كېيىن قايتا تۇغۇلغىنىدەك، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تاۋلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى بىر ئۇيغۇر ھالىتىدە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۈمىد ئەسلىدە قانداق بىر نەرسە؟ ئۈمىد ئىجابىيلىق دېمەكتۇر، ئۈمىد ۋەتىنى ۋە مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى دۈمبىسىگە ھاپاش قىلىپ پىراگدىن فىرانسىيەگە، فىرانسىيەدىن گېرمانىيەگە، گېرمانىيەدىن خالىفاكىسقا، ئوتتاۋاغا، ۋاشىنگتونغا، نىيۇيوركقا ئۇچماق دېمەكتۇر. دولقۇن ئەيسانىڭ «ۋەتەن دەۋاسىدا سەۋىيە ۋە دىپلومغا قارىغاندا پىداكارلىق مۇھىم» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار. ئەسلىدە ئۈمىد سەبىر تاقەت بىلەن بىرلەشكەن پىداكارلىقتۇر. خەلقىنىڭ ئۈمىدى بولۇش دېگەن نېمە؟ ھەر 72 سائەتتە بىر قېتىم كورۇنا سىنىقى قىلىدىغان تەجرىبىخانىلاردا قاتراپ يۈرۈش.

ۋىرۇس ئەۋج ئالغان خەتەرلىك دۆلەتلەرگە بېرىشقىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەسلىك. بۇ ئۈمىد بىلەن ئىمانىنىڭ بىرلىشىشى دېمەكتۇر. ئەتراپلىرىغا، مىللىتىگە ئۈمىد نۇرى چاچىدىغان كىشىلەر ھەر بارغان جايىدىن ۋەتىنى ۋە مىللىتىگە ئۈمىد نۇرى بېرىدىغان خەۋەرلەردىن گۈلدەستىلەر تىزغان بولىدۇ. خەلقىمىز زاغرا تىلىدا بۇنداق كىشىلەرنى «ئايىغى ياراشقان» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئايىغى ياراشقان كىشىلىرىمىز ھەم ھەر يەرگە ئۈمىد نۇرى چاچقان كىشىلىرىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ سېۋەتلىرى ھەر ۋاقىت ئۈمىد مېۋىلىرى بىلەن تولغان بولىدۇ.

شۇنداق، يۈسۈپ قۇدۇقتىن چىقىدىغانغا ئاز قالدى. 12-ئەسىردىكى خىتاي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار كونا قاسىراقلىرىنى تاشلاپ، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ئادالەت، نېمىنىڭ مۇسۇلمانلىق، نېمىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىق، نېمىنىڭ مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى خۇددى پولات تاۋلىغاندەك تاۋلاپ، كۈچلۈك شەكىلدە

دۇنيا ئالدىدا قايتا تۇغۇلىدىغان كۆنلەرگە ئاز قالدى. ئۇ چاغدا خىتاي 45 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ قۇرغان، قەشقەرنى گۋادار پورتىغا تۇتاشتۇرىدىغان، ئەڭ توغرىسى شەرقىي تۈركىستاننى گۋادار پورتى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا، ھىندى ئوكيان ئارقىلىق دۇنياغا تۇتاشتۇرىدىغان خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان بولىدۇ. بۇ كارىدورنىڭ ئىسمى شەرقىي تۈركىستان-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختا يەنە بىر قېتىم يىپەك يولىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرىگە ئايلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئۇزاقتا ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلتى بولۇپ قېلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەن بولىدۇ.

خىتاي 30 مىليارد بىلەن 50 مىليارد دوللار ئارىسىدا مەبلەغ سېلىپ داۋاملىق كېڭەيتىۋاتقان بىر يول بەلباغ چۈشىنىڭ تۈگىنى، خىتاينىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز، ئېنېرگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە قۇرۇلۇش مەھسۇلاتلىرىنى قازاقىستان ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇيدىغان قۇرۇقلۇقتىكى بىردىن بىر چاقنىغان مەرۋايىتى خىتاي قورغاس تۆمۈر يولى، شەرقىي تۈركىستان-قازاقىستان تۆمۈر يولى دېگەن نامغا ئۆزگىرىدۇ.

شۇنداق، ئادالەت چاقى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈناتتىن كېيىن قايتا چۆرگۈلەشكە باشلىدى. گەرچە بۇ 5 يىلدا ئۇيغۇر خەلقى قانچە مىليون خەلقىنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا شاھىت بولۇپ قاباھەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما سۈبھى تاڭنىڭ ئېتىشىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى. تۈننىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋاقتى تاڭ سەھەرگە ئەڭ يېقىن ۋاقتىدۇر.

2021-يىلى، دېكابىر

# ئاللا خالىدەم ھامىمنىڭ ئۆزى

تۆنۈگۈن بىر ئېكراندا پەيدا بولغان دىليار مۇساباي، شى جىنپىڭنىڭ ئىلى ئوبلاستىدىكى چاقىنغان مەرۋايىتى- ھامىمسى خالىدەم ئابلەتنى، ئاپامنىڭ يىراق تۇغقىنى بولاتتى دەپ تېنىۋالدى. ئەمما قوياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايتتى. دىليار مۇساباي بىر تەرەپتىن ھامىمسىدىن تېنىۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن 20 يىلدىن بۇيان كۆرمىگەن بۇ سۆزدە شىرەم تۇغقىنىنىڭ ھەق-تەلەپ كوللېگىيەسىدە ئىشلەيدىغانلىقى، ھەق-تەلەپ كوللېگىيەسىنىڭ سىياسىي جىنايەتلەرگە ھۆكۈم ئېلان قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر ئىزاھات ۋە قايناشلاردا بولۇپلا قالماي، يەنە ئېكراندا گۇگۇل تەرجىمە قورالىنىڭ خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە ھالىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سەن قاپاقباشلار بىلمىگەچكە مەن تەرجىمە قىلىپ قويدۇم دېگەندەك يۇمۇرىستىك ئىبارىلەرنى ئىشلەتتى. ئەمما خەلقى شۇنداقلا ئەرلىرىنىڭ 70% تى جازا لاگېرلىرىغا، تۈرمىلەرگە سولانغان غۇلجىدا، ئاللىقاچان ھەق-تەلەپ دەۋاسى قىلىدىغان ئادەممۇ قالمىغان بولۇپ، كۆرۈنۈشكە ھەق-تەلەپ دەپ ۋۇۋسىكىنى ئېسىپ قويغان كوللېگىيەلەر ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈملەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي جىنايەت خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن شى جىنپىڭ ئۇنچىلا مەرتىۋە ۋە ئىلغار شەخسلىك تاجىنى خالىدەمگە بىر جۈپ ئەر-ئايالنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاجراشتۇرۇپ، مال-مۈلكىنى ئوبدان تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن بەرمەيتتى.

شۇ كۈنكى ئېكراندا ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدىكى دولان رېستورانىنىڭ خوجايىنىنى، ئامېرىكا سوتىنىڭ قويمىچى

دەپ ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدىكى بىر سوت ھۆكمىنى ناھايىتى دادىللىق بىلەن كۆرسەتتى. مەن ئۇ ھۆكۈمنى دەرھال رەسىمگە تارتىۋېلىپ تەرجىمە قىلغان ۋاقتىمدا سوت ھۆكمىدە قويمىچىلىققا ئائىت ھېچقانداق بىر سۆزنىڭ يوقلىقى، سوتنىڭ بۇ دېلوغا قايتا قاراپ چىقىشى كېرەكلىكىگە توغرىسىدا مەزمۇنلارنى كۆردۈم.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بىر ناخشا بار. ناخشىنىڭ ئىسمى «ئاللا خالىدەم». خەلق ئارىسىدىكى مەزكۇر سۆيۈملۈك ناخشىدا مۇنداق بىر كۇپلېت بار:

*ئاللا خالىدەم ھامامىنىڭ قىزى،*
*ئالمايمەن دېسەم تېگىشۋالغان ئۆزى.*
*ئالدىڭدىن قاراپ قاشىڭغا كۆيدۈم،*
*ئارقاڭدىن قاراپ خالىدەم ساچىڭغا كۆيدۈم.*

بۇ ناخشىدا ساپ ۋە تەبىئىي گۈزەل، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق ئۇيغۇر قىزى خالىدەم مەدھىيەلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى، خىتاي ئىشغالچىلىرى 2016 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرلىرىنى ئېچىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان «خالىدەم» لىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان خالىدەملەر ئىككى يولنىڭ ئاچىماق دوقمۇشىدا ئىككى يولغا ئايرىلىشقا باشلىدى. بۇ يوللارنىڭ بىرى جازا لاگېرىنىڭ يولى بولسا، يەنە بىرى خىتايغا بولغان چەكسىز سادىق بولۇش ۋە ساداقەتمەنلىك يولى ئىدى.

ئىلى ۋادىسى خىتايغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دىيار بولۇپ، 1944 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان غۇلجا شەھىرى بۇ ۋادىنى قۇچاقلاپ ياتىدۇ. بۇندىن 25 يىل ئىلگىرى

بۇ شەھەردە غۇلجا قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن بولۇپ، 15 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ياشلار ۋە چوڭلار ئوققا تۇتۇلۇپ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، كوچىلاردا ئۇيغۇر ياشلىرى كۆرۈنمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ چۆلدەرەپ قالغانىدى. يەنە نۇرغۇن ياشلىرىمىز پەقەت 5-فېۋرال كۈنى نامايىشقا چىققانلىقى ۋە ياكى مەشرەپكە قاتنىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ھازىرغىچە ئۆرۈمچى باجاخۇ تۈرمىسى ۋە سىياسىي جىنايەتچىلەر قامىلىدىغان ئۆرۈمچى 5-تۈرمىدە ياتماقتا. خىتاي ھېچقاچان بىزدەك ئەخمەق بولۇپ، كىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا شۇنىلا جازالاش دەيدىغان ئادالەتنى يولغا قويۇپ باققىنى يوق. بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ قالغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆستۈرۈلۈش ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھازىرغا قەدەر قاتتىق كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پاسپورت ئېلىش، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش دېگەندەك ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقىمۇ ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە دەخلى تەرۇزغا ئۇچراپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر ئۇلار خىتاي ئىشغالچىلىرى تەرىپىدىن ئىنسان قاتارىدا كۆرۈلۈپ باقمىدى. بۇنداق ئائىلىلەر داۋاملىق خىتاينىڭ نازارىتى ئاستىدا بولۇپ، ھەر قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا بىرەر قارشىلىق ھەرىكىتى يۈز بەرگەندە، بۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلدى. جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 5-فېۋرالغا چېتىشلىق دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنىپ، جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ قويۇپ بېرىلگەن ياشلارنىڭ ھەممىسى يەنە قايتا تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر سوتىغا گۇۋاھلىق بەرگەن جازا لاگېرى شاھىتلىرىنىڭ خىتايدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقلىرى، ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ئەكس

ئەتتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا خىتاي ئىشغالچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئەڭ قاتتىق ئىڭراۋاتقان شەھەرلەرنىڭ بىرى.

نۇرغۇنلىغان قارا قاش، بوستان چاچ خالىدەملىرىمىز خىتاي جازا لاگېرلىرىدا خورلىنىۋاتقان، ئار-نومۇسى ئاياق-ئاستى قىلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، يەنە بىر خالىدە ئابلەت خىتاي گېزىت-ژۇرناللىرىدا ماختىلىپ، ئەتىۋارلىنىپ، ئىلى ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستى، ئاپتونوم رايون، ھەتتە خىتاي مەملىكەتلىك ئىلغار شەخس مۇنبەرلىرىنىڭ چاقىنغان مەرۋايىتى بولۇپ يۈرۈۋېتىپتۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنلىك رەھىمسىزلىكى سايىسىدە يەنە بىر مەرھەمەتتى سايە تاشلاپ يېتىپتۇ.

ئۇنداقتا خالىدەم ئابلەتكە قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ خالىدەم ئابلەتنىڭ چەتئەلدىكى 70 يىللىق ئۇيغۇر دەۋاسىنى ياراتماي «ئاددىي بولۇپ قالدى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانىجان سىياسىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇستەقىللىق دېيەلمەيۋاتىدۇ ۋەھاكازا ... قىسقىسى مەن خىتايغا قارشى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن دەۋا قىلىمەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دەپ ئىمزا توپلايمەن ۋە بۇ ئىمزا 10 مىڭغا يەتكەندە، ئىمزانى كۆتۈرۈپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئې ن د، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا چاقىمەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئاۋستىرالىيەدىكى جىيەن ئوغلى دىليار مۇسابايىنى ئۇنىڭغا باغلاپ تەھلىل قىلىش كېرەكمۇ-يوق؟ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، چەتئەلدە ياشاۋاتقان بەزى كىشىلىرىمىز بۇ «جاللات خېنىم» نى ئاقلاشقا، دىليار مۇسابايىنى ئامال بار خالىدەم ئابلەتكە باغلىماي تەھلىل قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. «ئاللا خالىدەم ھامامىنىڭ قىزى» دېگەن

بۇ ناخشىنىڭ چەتئەلدىكى يېڭى ۋارىيانتى «ئاللا خالىدەم ھامامىنىڭ ئۆزى» بولۇپ يەنە قايتىدىن ئېيتىلىۋاتىدۇ. ئەمما بەك ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، دىلىيار مۇسابايى ھامىسى خالىدەم ئابلەتتىن تېنىۋالدى. بۇ مەسىلىگە دىلىيار مۇسابايىنىڭ ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئاپىسى سەنەۋۋەر ئابلەت قانداق جاۋاب بېرىدىكىن؟ سەنەۋۋەر ئابلەتمۇ، خالىدە ئابلەت مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس دەپ تېنىۋالامدۇ ياكى ھامىسىدىن تانغان ئوغلى دىلىيار مۇسابايىنى نانكورلۇق بىلەن ئەيىبلەمدۇ؟ بۇ سەنەۋۋەر ئابلەتنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق.

يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمدەك غۇلجىدىن ئىبارەت خىتايغا نىسبەتەن سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئىنتايىن يۇقىرى «بۆلگۈنچى ۋە تېررورچىلار» شەھىرى، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن شېھىتلار شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ شەھەردىكى سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى، ئۈچ دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا قىلىچ پۇلاڭلىتىۋاتقان جاللاتلىق ئورگانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، سېزگۈچلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولغان بۇ جاللاتلىق ئورگىنىنىڭ سېزگۈچلىرىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ، يوللىرىنى ئوچۇق، ئۆز خەلقىگە قارشى قىلىچلىرىنىڭ كەسكىن بولۇشىغا خالىدەم ئابلەتنى مۇۋەپپەق قىلغان نەرسە نېمە؟ ئەلۋەتتە خىتايغا بولغان سادىقلىق ۋە ساداقەت. خالىدەم ئابلەتتە خىتايغا بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى سادىقلىق ۋە ساداقەتتىن زەررىچىلىك مەسىلە كۆرۈلگەندە خىتاي خالىدەم ئابلەتنىڭ قولىدىكى كەسكىن قىلىچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇ قىلىچ بىلەن خالىدەمنى چاپىدۇ.

فىرانسىيەدىكى جازا لاگېرى شاھىتى گۈلباھار خاتىۋاجى خىتايدىكى ۋاقتىدا، خىتايغا قارشى ھېچقانداق ئىش قىلمىغان ئادەتتىكى بىر ئۇيغۇر يۇقراسى ئىدى. ئۇنىڭ فىرانسىيەدىكى قىزى

نامايىشقا چىققانلىقى ئۈچۈن خىتاي گۈلباھار خانىۋاجىنى جازا لاگېرىغا سولىدى. يالقۇن روزى، پەرھات تۇرسۇن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، راھىلە داۋۇت، مۇھەممەت سالىھ... قاتارلىق مىڭلىغان ئون مىڭلىغان سەرخىللىرىمىز خىتايغا قارشى ئىش قىلمىغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارنى چەتئەلگە ۋە چەتئەلدىكى پائالىيەتلەرگە باغلاپ جازا لاگېرلىرىغا تاشلىدى، قىيناپ ئۆلتۈردى. نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار پەقەت چەتئەلدىكى بالىلىرىنى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا جازا لاگېرلىرىغا تاشلاندى. نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار پەقەت چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇغانلىقى ۋە ئەركىن دېموكراتىك ئىدىيەلەر بىلەن تونۇشقانلىقى ئۈچۈنلا جازا لاگېرلىرىغا قامالدى. خىتاي ئاللىقاچان ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ سىياسىي تەقدىرىنىلا ئەمەس، بەلكى نەپەس ئېلىش تەقدىرىنىمۇ چەتئەللەردىكى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى» گە باغلاپ بەلگىلەپ كەلدى. ئۇنداقتا بۇنچە رەھىمسىز دۈشمىنىمىزنىڭ «ھامىمام خالىدەم» گە كۆرسىتىۋاتقان بۇنچە مەرھەمتى ۋە شاپائىتىنىڭ ئارقىسىدا نېمە بار؟ زاغرا تىل بىلەن تەسۋىرلىگەندە خىتاي ئاللا خالىدەم ھامىمامنىڭ قىزى نامىلىق بۇ خەلق ناخشىسىنى، ئاللا خالىدەم پارتىيەنىڭ قىزى دەپ ئېيتىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ چەتئەلدىكى جىيەن ئوغلى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دېگەن نام ئاستىدا ئىمزا توپلاۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنچىلىك ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەي، ئات ئايلىنىغا يول سارىخانىغا قىلىۋاتقانلار، دەل مەن ئالدىنقى ماقالىلىرىمدا تەكىتلەپ ئۆتۈپ كەتكەن گۇرۇپ ئىچىدىكى ئات تاشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەن ئۇ ماقالىلىرىمدا ئارىمىزدىكى گۇرۇپ ئىچىدىكى ئات تاشلار بىلەن بۇندىن كېيىن ناھايىتى رەھىمسىز شەكىلدە يۈزلىشىدىغانلىقىمىز ھەققىدە توختالغانىدىم .

«جاللات خىنىم» نى ئاقلاپ، خىتايغا «ئاللا خالىدەم پارتىيەنىڭ قىزى» ناملىق ئومۇمىي خورنى ئېيتىشىپ بېرىۋاتقانلار دەل گۇرۇچ ئىچىدىكى ئاق تاشلاردىن ئىبارەت.

خىتاي ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا چەتئەلدىكى تۇغقانلىرىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى بىلەن ئىنتايىن چەمبەرچاس باغلاپ تەھلىل قىلىپ تون پىچىپ كەلدى. ئەگەر خىتاينىڭ بۇ ئۆزگەرمەس پرىنسىپىغا قارشىلىق دىليار مۇسابىي بىلەن «ھامام خالىدەم» نى بىر-بىرىگە باغلىماي تەھلىل قىلساق، ئۇ چاغدا بىز سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئىنتايىن تۆۋەن تولىمۇ ئاددىي كىشىلەرگە ۋە ئۆلۈك جانلارغا ئايلىنىپ قالىمىز.

ۋەتىنىڭ شۇنداقلا غۇلجىنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى قورقۇنچلۇق سوت مەھكىمىلىرىدە، ساقچى ۋە باشقا قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلىرىدا ئىككى خىل كىشىلەر ئىشلەپ كەلدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، خىتاي قانۇن ۋە پرىنسىپلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز خەلقى ۋە مىللىتىگە ئازراق بولسىمۇ نەپەس ئېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشنىڭ غېمىدە يۈرگەن ئۇيغۇر سوتچىلار ۋە ساقچىلار. ئەمما ناھايىتى ئەپسۇسكى خىتاي ئىشغالچىلىرى جازا لاگېرلىرىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇنداق كىشىلەرنى ئىككى يۈزلىمچى كادىرلار قاتارىدا تازىلىۋەتتى. يەنە بىر خىلى، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى، ئادالىتىنى ئاياق-ئاستى قىلىش بەدىلىگە شان-شەرەپ، ھوقۇق، مال-دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە خىتاينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش، خىتايغا سادىق ۋە ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش بەدىلىگە يۇقىرى ئۆرلەش. قۇرئان كەرىمدە ھوقۇق، پۇل، مال-دۇنيا ۋە شان-شەرەپ تاماسىدا بولۇپ مەزلۇمنىڭ يېنىدا تۇرماي، زالىمنىڭ يېنىدا تۇرغانلارنىڭ

ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھەققىدە چۈشكەن بىر سۈرە بار، ئۇ بولسىمۇ فىل سۈرىسى.

بىر ھاممىنىڭ قىزىل بايراق سەۋداسى، جىيەن ئۇيغۇرنىڭ كۆك بايراق سەۋداسى بولۇپ ئىككى قۇتۇپتا لەپىلدەپ تۇرۇشىغا خىتاي ئەسلا يول قويمايدۇ. ھەتتا بۇنىڭ شەپىسى سەللا سېزىلىپ قالغان ھالەتتە خىتاي ئىچىدە نەپەس ئېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئەمەلدارنىڭ بارار جايى جازا لاگېرى، تۈرمە ياكى ئۆلۈم بولىدۇ. ئۇنداقتا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنى كىچىك بىر ئۆستەڭ دەپ ياراتماي، ئىنتايىن كىچىك ھالەتتە شەرقىي تۈركىستان دېگىنىغا شۇڭغۇۋاتقان دىليار مۇسابايىنىڭ ھاممىسى خالىدەم نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگىتىش سىياسىتىگە ماسلىشىپ بېرەلەيدىغان مەرۋايىت بولۇپ بارغانچە چاقناۋاتىدۇ؟ ئەگەر بىز بۇ سوئاللار ئۈستىدە ئويلانمايدىغان بولساق، ياكى بىز يەنىلا خالىدەمگە يان بېسىپ ۋە ياكى تېخىچە دىليار مۇسابايىنى ئۇنىڭ خىتاي مەرۋايىتى ھاممىسىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىش قارىشىمىزدا تۇرۇۋاتقان بولساق، بىز ئاللىقاچان ياشاۋاتقان ئۆلۈك جانلارغا ئايلىنىپ قالغان بولىمىز.

ۋەتەنىدە شۇنداقلا ئىلى ۋادىسىدا يەنە مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەر ياشايدۇ. بىرى ئۆلگەن بولسىمۇ ھازىرغىچە خەلق قەلبىدە ياشاۋاتقانلار، يەنە بىرى ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئاللىقاچان خەلق قەلبىدە ئۆلگەنلەر. 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ سەركىلىرىدىن ئابدۇخېلىل مجىت، ھامىمات مەمتىمىن، تۇرسۇن سەلەي، ئىبراھىم ئىسمايىل، ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىرمۇ بىر ئېتىشىپ، خىتاي شەرەپ تاجىلىرىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە شەرەپ بېرىپ، تەڭداشسىز مەرگەن، ئالىي دەرىجىلىك قوراللىق ساقچى

دەپ شەرەپلەندۈرگەن لوگىبې، كويۇگچاڭ، نۇرلان، ئابدۇراخمان پەيزى قاتارلىقلارنى يەر چىشلەتكەن، قانچە ماشىنا قوراللىق ئەسكەر بولۇشغا قارىماي، قورققىنىدىن غال-غال تىترەپ، ئۆلمەي تۇرۇپ يەر چىشلەپ ياتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ دۈمبىلىرىنى دەسسەپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، غۇلجا شەھىرىگە ئامان ئېسەن كېلىشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە خىتاي قاتمۇ قات چىگرا توساقلىرىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ ئالمۇتاغىچە كېلەلىگەن ۋە دۇنيا ئادالىتىنىڭ رەھىمسىز قاراڭغۇلىقى سەۋەبىدىن ھازىر يەنە خىتاي زىندانلىرىدا يېتىۋاتقان خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبىر، ئىلياس نۇردۇن، روزىمۇھەممەت، ئابدۇرىزاق شەمشىدىن، ئابدۇسالام شەمشىدىن، ھايات... ۋە يەنە بىز ئىسمىنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن كۈرەشچىلىرىمىز شېھىت بولغان ۋە ياكى خىتاينىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن قەتلى قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاقنىغان مەرۋايىتلىرى، سۆيۈملۈك ئەزىمەتلىرى. ئۇلار خىتاينىڭ چاقنىغان مەرۋايىتى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ چاقنىغان مەرۋايىتى بولۇش يولىنى تاللىغانلار. ئۇلار گەرچە شېھىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ كۆكلەيدۇ.

خالىدە ئابلەتكە ئوخشاش ھوقۇق تاماسى، شان-شەرەپ تاماسى، شەرەپ تاختىسى تاماسىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىر-قىسمەتلىرى ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ خىتايغا خىزمەت قىلىۋاتقانلار گەرچە ھايات ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن ئىنسانلاردۇر. ئەگەر چەتئەلدىكى مۇقەددەس ئۇيغۇر دەۋايىمىزنىڭ ئۇلىغا بۇنداق خەلق نەزىرىدە ئۆلگەنلەرنىڭ بىر تال قۇمى چاپلىشىپ قالغان تەقدىردە، ئۇيغۇر دەۋاسىنى بۇ بىر تال قۇمنىڭ بۇلغىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايمەن. ئەگەر

چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بۇنداق بىر بۇلغىنىشقا رۇخسەت قىلىدىكەن، ۋەتەن يولىدا جان تەسەددۇق قىلغان شېھىتلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى 50 ياشتىن ھالقىغان خالىدەمگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ياش بولۇپ، ئەڭ چوڭى 30 ياشلىق نەۋقىران يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار جانلىرى بەدىلىگە ئوغۇل بالىدارچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، خىتايغا تىز پۈكمەس ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تازا ئوبدان بىلدۈرۈپ، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا قورال چىقىپ قالسا، خىتاينىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق كۈچتىنمۇ ئۈستۈن بولغان ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ خىتايغا مەڭگۈ تىز پۈكمەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ كەتكەنىدى.

5-فېۋرال غۇلجا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى سەركە ئابدۇخېلىل مىجىتنى ياخشى تونۇيدىغانلار، غۇلجا چاپچال تۈرمىسىدە خىتاي ئىشغالچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سودىلاشقانلىقىنى، ئەگەر 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى ۋە مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، پارتىيەنىڭ سادىق كىشىسىگە ئايلانسا، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى، ھوقۇق ۋە شەرەپ تاختىسى ئىشىكلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، سەركە ئابدۇخېلىل مىجىت بۇ شەرەپلەر قارشىسىدا ئۆلۈم يولىنى تاللىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. چۈنكى ئابدۇخېلىل مىجىت خىتاي شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالغان ۋاقتىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى پۇچۇلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، تىز پۈكمەس روھنى سۇندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ھەر دەۋردە كۆكلەپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر مىللىي روھنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا خىتاينىڭ بۇ دوئىلىدا سەركە ئابدۇخېلىل مىجىت ئۆلۈم يولىنى تاللىدى. ماقالەمنى يېزىپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەگەر

يەنىلا خالىدە ئابلەتنى ئاقلايدىغانلار، دىلىيار مۇساباي باشقا، هاماچىسى خالىدە باشقا دەۋاتقانلار بولسا يەنە بىر قېتىم ئۆلارنى «ئۆلۈك جانلار» دەپ جاكارلايمەن.

19-ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى نىكولاي ۋاسىلىيەۋىچ گوگۇلنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانى ئەينى دەۋردىكى رۇس مىللىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ياخشى ئوپېراتسىيە قىلغان ئۆلمەس ئەسەردۇر.

«ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى باش قەھرىمان چىچىكو ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى تىرىلدۈرۈپ، يەنى ئالدامچىلىق يولى بىلەن هۆكۈمەت ئارخىپلىرىدا تېخى هايات ياشاۋاتقان كىشى هالىتىدە ئەنگە ئالدۇرۇپ، بۇ يول ئارقىلىق كاتتا يەر ئىگىسى بولۇش، ئاخىرىدا هۆكۈمەتتىن كېلىدىغان باجدىن قۇتۇلۇپ، ئوتتۇرا تەبىقە سىنىپىغا مەنسۇپ بىر كىشىدىن ئېكسپلىئاتاتسىيەلەر سىنىپىغا تەۋە كىشىگە ئايلىنىش يولىنى تۇتقان پېرسوناژ ئىدى.

رومانىدىكى باش قەھرىمان چىچىكو رومان باشلىنىشى بىلەنلا ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە ئەقىللىق شۇنداقلا ھەممە ساھەدىن خەۋىرى بار، سىلىق-سىپايە، تەربىيە كۆرگەن بىر كىشى هالىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىنتايىن ساختىپەز ئالدامچى بىر نەرسە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر كىتابنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە ئاستا-ئاستا چىچىكونىڭ يالغانچى ۋە ئالدامچىلىقلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. چىچىكو بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ساراڭ، هېچنىمە بىلمەيدىغانلار دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە ئوخشاش يالغانچى ۋە ئالدامچىلارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىدۇ. چىچىكو يەنە ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇ، ئەلۋەتتە بۇنداق ئاسان بېيىش يولى تۇرغان يەردە مەن

نېمىشكە سىناپ باقمىغۇدەكمەن؟ دەپ ھەم ھەقسىز ھەم كۈچلۈك قىياپەتتە مەيدانغا چىقىدۇ. داڭلىق رۇس يازغۇچىسى گوگول چىچىكو ئوبرازى ئارقىلىق 19 ـ ئەسىردە ياشىغان رۇس مىللىتىنىڭ روھى بوشلۇقلىرى ۋە ئىچكى جەھەتتىن گۇمراھلىقىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قامچىلىغان بولۇپ، قامچا ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولۇپ سانىلىدۇ.

گوگول ئۆلۈك جانلار ناملىق بۇ رومانىدا ئىككى خىل ئۆلۈك جانلارنى، يەنى بىرىنچىسى، ئۆلۈك بولسىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تىرىلدۈرۈلگەن كىشىلەرنى؛ ئىككىنچىسى، رۇس جەمئىيىتىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان چىچىكونى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇددى ئۆلۈكتەك قاراپ تۇرغان «ئۆلۈك جانلار» نى قاتتىق قامچىلايدۇ.

ئۇنداقتا 21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئۆلۈك جانلار» بارمۇ؟ چىچىكولارچۇ؟ خەلق نەزىرىدە ئاللىقاچان ئۆلگەن كىشىلەرنى تىرىلدۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئۇيغۇر چىچىكولارغا ھەيرانمەن. كۆز ئالدىمىزدا سىياسىي ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان، ئۆز ۋاراتاسىغا ئۆزى توپ ئۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر چىچىكولارنىڭ يەنىمۇ نۇرغۇن ئالدامچىلىقلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قاراپ تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ روھى بوشلۇقلىرىغا ۋە روھى چىرىشلىرىگە ھەيرانمەن. ئەگەر ئارىمىزدا ئۇيغۇر چىچىكولار مەۋجۇت بولىدىكەن ۋە چىچىكولارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدىغان مەنىۋى دۇنياسى بوش، روھى چىرىگەن جامائەت مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق ھەققىدە يوغان گەپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

2022 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، تورونتو

# ئۇيغۇرلار دىققەت: گۈرۈچىمىز ئىچىدە ئاق تاش بار

(ئەخمەت ئىسمايىلنىڭ غەلىتە «مىزاج» ىغا يەنە بىر قېتىم ئىككى كەلىمە سۆز)

ئۇ تەرىپى بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىلەردە خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ، بۇ تەرىپى تۈركىيەدە ئاق پارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، خىتاي، ئۇيغۇر ۋە تۈركىيەدىن ئىبارەت بۇ ئۈچبۇرجەك سىياسىي جۇغراپىيىدە يىللاردىن بۇيان موكىدەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، خېلى ئوبدانلا يۈز-ئابرۇي تاپقان ئۇيغۇر تېۋىپ ئەخمەت ئىسمايىلنىڭ، غەربتىكى ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاستىدا ئىگراۋاتقانلىقى ئېتىراپ قىلىنىپ، دۇنيادا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۈمىدلىك قەدەملەر بېسىلىۋاتقان بىر پەيتتە تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئادەتتىكى تومۇر تۇتۇشتىن بىر سەكرەپلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تومۇرىنى تۇتۇشقا دادىل قەدەم تاشلىشى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سەگەك بولۇش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندەك بولدى.

مەن ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندىمنىڭ «شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلىدۇ ۋە ياكى قۇرۇلمايدۇ» دېگەن چۈشەنچىلىرىگە ئانچە قىزىقمايمەن. بۇ خۇددى تاقلاپتۇ دېسە، قىرقىپتۇ دېگەندەك بىر ئىش. ھەر نەرسىنىڭ پىشىپ يېتىلىدىغان شەرت-شارائىتى ۋە ۋاقتى-زامانى بار. قوغۇنى تېرىغان ئىكەنسىز پەرۋىش قىلىپ سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتسىڭىز، ئاللاھ بەرگەن سۇ، تۇپراق، ھاۋا ۋە قۇياش نۇرىنىڭ قوغۇنغا بېرىدىغان سېخى مېھرى-مۇھەببىتى

بىلەن ئۇ ھامان بىر كۈنى پىشىپ خەمىكدىن ئايرىلىدۇ.

گەرچە كىتابنى ئوقۇمىغان، ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندىمنىڭ قانداق مىزاجلىق كىشى ئىكەنلىكى بىلەن تېخى تونۇشمىغان بولساممۇ، ئەمما كىتابنىڭ ماۋزۇسىغا قاراپلا يۈرگۈم قارتىتىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى «شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلمايدۇ» دېگەن بۇ مۇتلەق ئىنكارچى ماۋزۇدىن خىتاي پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

تاش ئېتىش ۋە قاش ئېتىشنىڭ نەتىجىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئېرىق، ئۆستەڭ ۋە دەريالارغا تاش ئاتسىڭىز، سۇنىڭ سىز ئاتقان تاش بىلەن پەرۋايى پەلەك بولۇپ، ئۇ يولىغا قاراپ ئويناقشىپ ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما تىپ-تىنچ كۆلگە ئاتقان تاش باشقىچە. ئەگەر سىز ئوخشاش تاشنى تىپ-تىنچ كۆلگە ئاتسىڭىز، تاش كۆلنى تېگى-تېگىدىن قوچۇۋېتىدۇ دە، كۆل يۈزىدە توختىماي سۇ چەمبىرەكلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆلنىڭ تامامەن قوچۇۋېتىلگەنلىكى، كۆلنىڭ ئارامىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. بۇندىن كېيىن خىتاي بىزنىڭ مەنىۋى كۆللىرىمىزگە، نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنىڭ كۆللىرىگە، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى روھ ۋە ئىرادىلىرىمىزنىڭ كۆللىرىگە تاش ئېتىپ ئوينىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا تەييار بولۇشىمىز لازىم. ئەخمەت ئىسمايىلنىڭ ئۇ غەلىتە «مىزاج» ىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تۈركچە يېزىلىپ، ئىنگلىزچە نەشرگە بېرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئۇ كىتابى، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ كۆلىگە خىتاي تەرىپىدىن ئېتىلىۋاتقان بىر تاش، خالاس.

دۇنيادا بولىدۇ-بولمايدۇ، تۇغۇلىدۇ-تۇغۇلمايدۇ، قۇرۇلىدۇ-قۇرۇلمايدۇ دەيدىغان مۇتلەق نەرسە بولمايدۇ. بۇندىن مىليون

يىللار ئىلگىرى دۇنيا بۈگۈنكى دۇنياغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى.

كۆك تۈركلەر كۆك تەڭرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەن، ئۆتۈكەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاقانلىرى مانى دىنىنى كىرالىلار دىنى دەپ باشلىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا، كېلەچەك ئەۋلادلىرىنىڭ مۇسۇلمانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئەينى چاغلاردا بۇددا، مانى، زەردۇشت، شامان ۋە خىرىستىيان دىنلىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان يىپەك يولىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن سەلتەنەتلىك دۆلىتى قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىغا نىسبەتەن يىپەك يولى تاقىلىدۇ، قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى غۇلايدۇ دېيىش مۇمكىن ئەمەس بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىنسانلار قوبۇل قىلالمايدىغان قاراش ئىدى. مەزكۇر ئەھۋال قاراخانىيلار سۇلالىسى، بابۇر شاھ سەلتەنىتى، سالجۇقىلار سۇلالىسى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئىدى. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە بولسا بىرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى، پاتماس قۇياش دەپ تەرىپلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى، دۇنيا خەرىتىسىنىڭ قايتىدىن سىزىلىشى بۇ ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنداقلا ئوسمانى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىشىنىڭ مىساللىرى جۈملىسىدىن.

ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ «ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرالمايدۇ» دەيدىغان قارارنى بېرىش ھەددى ئەمەس. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن ئوينىشىپ بۇنداق دېيىشنى ھەددىم دەپ بىلىپ قالغان بىرسى بولسا، بۇ دەل خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلاپ كەتكەندەك غۇلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خىتاينىڭ زۇۋانىدىن چىقىۋاتقان ئىگراشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

شۇنىڭغا ئىشەنچىم ۋە ئىمانىم كامىلكى، بىز ئۇيغۇرلار ھامان بىر كۈنى ئورنىدىن دەس تۇرغان دۇنيا ئادالىتىنىڭ ياردىمىدە، مۇقەددەس ۋەتىنىمىزدە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى يەنە قۇرۇپ چىقىمىز. ئۇ چاغدا خىتاي قانچە مىليارد دوللار پۇل خەجلەپ بىر يول بىر بەلباغ نامى ئاستىدا قارا قۇرۇم تاغلىرىنى تېشىپ، قەشقەرنى گۋادار پورتىغا تۇتاشتۇرغان بۇ يوللار بىزنىڭ يوللىرىمىز بولىدۇ. ئۇ چاغدا دۇنيادىكى دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئۇزاقتا قالغانلىقتىن، ئىچكى قۇرۇقلۇققا بەخشەندە بولۇپ قالغان پايدىسىز جۇغراپىيەلىك ئورۇندىن، يېپەك يولى دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ قولى بىلەن بىزگە قايتا ئېچىلغان ئالتۇن تۇپراقنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي نۇرغۇن مەبلەغ سالغان غۇلجا قورغاس قۇرۇقلۇق يولى شەرقىي تۈركىستاننى قازاقىستان ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتاشتۇرىدىغان يولغا ئايلىنىدۇ. بۇ يوللار ئارقىلىق بىز «مەيد ئىن ئېست تۈركىستان (شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلدى)» دەپ يېزىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىمىزنى، پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرىمىزنى، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىمىزنى دۇنياغا ئېكسپورت قىلىمىز. ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولىدۇ ۋە پارلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قۇياشتەك چاقنىشى خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇقتىن چىقىرىلىپ مىسىرنىڭ ۋالىسى ۋە ئەزىزى بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكى ئەنە شۇنداق دۇنيانىڭ ئەزىزى بولۇش بىلەن چاقنايدۇ.

مەن ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندىمنىڭ ئۆزىنى ۋە «مىزاج»نى تونۇشتۇرۇپ ئىشلىگەن ۋىدىيوسىنى كۆرۈپ بىر نەرسىگە بەك ھەيران قالدىم. بۇ ۋىدىيودا ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق تالانت ئىگىسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقىغا

ئائىت بىرمۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ قويماي ئاپتۇ-يۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ خىتاي تىلىغا ناھايىتى پىششىق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بەزى نۇقتىلاردا خىتايلاردىنمۇ پىششىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ ھازىر تۈركىيەدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئادالەت ۋە گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ خىتاي ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالماپتۇ. ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندى تونۇشتۇرۇش ۋىدىيوسىدا، يەنە ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈلۈشىنى قوللىغانلىقى ۋە بۇ جىنايەتكە شېرىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ماگنىسكى قانۇنى بويىچە جازالانغان ئاتالمىش ئاپتونوم رايوندىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تېۋىپى ئىكەنلىكىنىمۇ تىلغا ئالماپتۇ.

خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ساختا يۈتۈبەرلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پەدازلايدىغان ۋىدىيولارنى ئىشلەپچىقاردى. ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشقا تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى دۇنياغا بىلدۈرىدىغان تەشۋىقات قورالى قىلىپ پايدىلاندى. ۋەتەن ئىچىدە بولسا بىر تەرەپتىن ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىيازغا ئوخشاش ئۇيغۇر غالچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار ئاتالمىش «شىنجاڭدا بەختلىك ياشاۋاتىدۇ» تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ ئاقلىمايۋاتقان «ئىككى يۈزلىمچى ئۇيغۇر كادىر» لارنى تازىلاش ئېلىپ باردى. يۇقىرىقىدەك خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ قارا كېچىنى ئېتەك بىلەن ياپماقچى بولغىنىدەك تەشۋىقاتلىرى

خەتەرلىك بىر ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىللىق خىتاي غالچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە كىتابلارنى خىتاي ئۆزى يېزىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىدەك خەتەرلىك ئەمەس. مەن ئىلگىرى يازغان بىر قانچە چاتما مۇلاھىزە ماقالىلىرىمدا، ئۇيغۇر دىئاسپوراسىدىكى گۇرۇپچىمىز ئىچىدە ئاق تاشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بىز بۇ ئاق تاشلارنى ئۆزىمىزنىڭ گۇرۇپچى دەپ چاپاپ سالغان ۋاقتىمىزدا چىشىمىزنى سۇندۇرۇۋالىدىغانلىقىمىزنى، بۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مۇستەقىللىق دەۋايىمىز يولىدا ئالدىمىزغا بىۋاستە چىقىدىغىنى خىتاي ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدىن بولغان ئۇيغۇر تىللىق ئاق تاشلار بولىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىدېئولوگىيە-تەشۋىقات كۈرەشلىرىدە يەنە خىتاي تەرەپدارى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقلىق دەۋاسى يولىدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئىدىيەۋى ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غەلىتە «مىزاج» لىق ئۇيغۇرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، خىتاينىڭ كونا ھىيلىسى بولغان «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» تەدبىرىنى ئاكتىپلاشتۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. ئۇيغۇرلار دىققەت: بۇندىن كېيىن خىتاي گۇرۇپچىمىز ئىچىگە نۇرغۇنلىغان ئاق تاشلارنى چېچىۋېتىشى مۇمكىن.

2023-يىلى 15-مارت، تورونتو

# خىتاي كونا مۇقامغا يېڭى تېكىست ئىزدەۋاتىدۇ

(ئەخمەت ئىسمايىلنىڭ غەلىتە «مىزاج» ىغا ئىككى كەلىمە سۆز)

ئەخمەت ئىسمايىل ياخشى ئادەم، ئەمما پاسسىپ ياخشى ئادەم. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان زۇلۇملارنىڭ ئېغىرلىششى، چەتئەلدىكى نامايىش مەيدانلىرىغا سەلدەك تۆكىلەلمەسلىكىمىز، تارىختا قايتا تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىۋاتقان قىرغىنچىلىقنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىدىن تەكرارلىنىشىنىڭ بىزنىڭ ۋىجدانىمىز ۋە غۇرۇرىمىزغا بەك چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى، شەرقىي تۈركىستان قايتا قۇرۇلمايدۇ ۋەھاكازا... خىتاي بىلەن سۆلھى-سالا قىلىدىغان ئىككىنچى بىر يول ئىزدەۋاتىمەن... مەن يېڭى پىكىر ئىشلەپچىقىرىمەن... ئۇنداق قىلىڭىزلەر... بۇنداق قىلىڭىزلەر... دېگەنگە ئوخشاش يۇمشاق، ناز كەرەشمە خېتىملاردەك قارشىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پاسسىپ ياخشىلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا قانداق بىر ئېغىر قىرغىنچىلىق كەلگەن بولسا، مانا مۇشۇنداق پاسسىپ ياخشىلاردىن كەلگەن بولۇپ، پاسسىپ ياخشىلار دۈشمەن بىلەن سۆلھى-سالا قىلغۇچى، ئۆتمەس ماتاسىنى زورلاپ ساتقۇچى، كونا مۇقامغا يېڭى تېكىست يازغۇچى بولۇش سۈپىتىدە، خىتاي بىر قىرغىنچىلىقنى تۈگىتىپ، بىر مۇددەت نەپەس ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تىنچلىق ۋە سۈكۈناتنى بەرپا قىلىپ، ئاندىن يەنە بىر قىرغىنچىلىققا ئۆتۈش ئۆتەڭلىرىدە دۈشمەن ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى خىزمەت قىلىپ كەلدى. 2016-يىلى خىتاي جازا لاگېرلىرىنى ئېچىپ، 5 مىليوندىن ئارتۇق

ئۇيغۇر خەلقىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىغاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇرلارنى تونۇپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى. خىتاي ھازىر ئۇيغۇر مەسىلىسىدە يۈرگۈزگەن خاتا سىياستى سەۋەبىدىن، ئىشىكنىڭ قىسىلچۇقىغا قىسىلىپ قالغان چىمچىلاق بارماقتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خىل قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خىتاي خۇددى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىن، خۇددى ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن بىرمۇنچىلىغان سىياسىي سالاچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇيغۇرلار ئىدېئولوگىيەسىنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراشتەك ھىيلە بىلەن، ئۆزى شۇ دەۋردە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقنى ياپماقچى بولدى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇيغۇر خەلقى خىتاينىڭ بۇ ھىيلە-مىكرىگە «خىتاينىڭ كونا مۇقامى» دەپ تولىمۇ توغرا ۋە يۇمۇرىستىك تەبىر بەرگەنىدى. خىتاي ھازىر يەنە ئاشۇ كونا مۇقامىنىڭ پىلاستىنكا لېنتىسىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بازارغا سالماقچى. ئەمما بۇ كونا مۇقامغا كونا تېكىست ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماس كېلىدىغان يېڭى تېكىست لازىم. خىتاي ئۈچۈن بۇ تېكىستنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە كىم يېزىپ بېرەلەيدۇ؟ خىتاي بۇ كونا مۇقامنىڭ يېڭى تېكىستىنى ھەرگىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئۆمۈر بويى ئىپادىلەپ كەلگەن، چەتئەلدىكى ئاكتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىزدىمەيدۇ. ئەلۋەتتە چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا قاتناشمايدىغان پاسسىپ ياخشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىزدەيدۇ. دېمەك، ئەخمەت ئىسمايىل خىتاينىڭ بۇ كونا مۇقامغا يېڭى تېكىست يېزىپ بەرگۈچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان كونا مۇقامغا يېڭى تېكىست يازغۇچى ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندىمنى مېيىقىمدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن مۇبارەكلەيمەن.

بەزى يالغانچىلار بار يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى چىقىپ قالسىمۇ، يەنىلا چاندۇرمىغاندەك ئۆز-ئۆزىنى پەردازلاپ سۆزلەۋېرىدىغان. بۇنداق ئەھۋالدا تىڭشىغۇچى بەك خىجالەت بولۇپ كېتىدۇ. مەن ئەخمەت ئىسمايىل ئەپەندىمنىڭ ئۆزىنى ۋە ئىدىيەسىنى تونۇشتۇرۇش ۋىدىيوسىدىكى «ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە پىكىر ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئاساسى مىزاجى» دېگەن قۇرلارنى ئەنە ئاشۇنداق خىجالەتچىلىكلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ چىقتىم. ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئەڭ ئاۋۋال زالىمنىڭ زۇلۇمىنى تەنقىد قىلىش دېگەن يولنى بېسىپ ئۆتۈش بىلەن بولىدۇ. زالىمنىڭ زۇلۇمىنى تەنقىد قىلالمىغان، 6-5 مىليون خەلقىم نەگە يوقاپ كەتتى؟ دەپ خىتايدەك پىرئەۋننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەقەللىي بىر ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئاتا-ئانام نەدە؟ دەپ نىدا قىلىۋاتقان ئۆز خەلقىنىڭ نىداسى بولالمايۋاتقان بىر كىشى قانداقمۇ ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىدىغان كۆلكىلىك «مىزاج» نىڭ ئىگىسى بولالىسۇن؟ تېخى يېڭى پىكىر ئىشلەپچىقىرارمىش. خىتاينىڭ كونا مۇقامغا سېلىنىدىغان يېڭى تېكىست قانداقمۇ يېڭى پىكىر بولسۇن؟

خىتاي رەئىسى ماۋزېدوڭنىڭ بىر ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، بۇ ھاكىمىيەتنى ئېغىر ئەھۋال ۋە ۋەزىيەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارىدىغان تەشۋىقات كۈرىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېيتقان بىر سۆزى بار بولۇپ، ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاشقا، ھامان ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابى سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەكسىل ئىنقىلابى سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ».

گېزى كەلگەندە جاڭ چۈنشەنلەرنىڭ ئانىسىنى داۋالاپ قويۇپ، گېزى كەلگەندە تۈركىيە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويۇپ، گېزى كەلگەندە ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا قىلىپ قويۇپ، خىتاي كونسۇلخانىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تەشۋىقات كۈرىشىدە رول ئالماقچى بولغان ئۇيغۇرلار تارىخ بەتلىرىمىزدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەخمەت ئىسمايىل ئۆز ئىسمى ۋە ئۇ غەلىتە «مىزاج» ى بىلەن خىتاينىڭ بۇ بەتلىرىگە يېڭى بىر بەت قوشۇپ بەردى، خالاس.

ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرى، يازغۇچى، مۇزىكانت، جەمئىيەتشۇناس بولۇش ياكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپلىك پىروگراما سۇنغۇچىسى بولۇش ياكى بىر ئۇچقۇچى بالىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگۈچى بولۇش ۋە ياكى دۇنيا لىدىرلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ رەسىمگە چۈشۈش بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە چۇقان سېلىش، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن تەقدىرداش بولۇش، ئادالەتسىزلىككە ۋە ناھەقچىلىككە قارشى ئىسيان قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دىنازاۋۇر نېمە ئۈچۈن يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي نەسلى قۇرۇپ كەتتى؟ چۈنكى ئۇنىڭ 65 توننا ئېغىرلىقتىكى بەدىنى بولغىنى بىلەن، پەقەت ياڭاقچىلىك چوڭلۇقتا مېڭىسى بار ئىدى. دىنازاۋۇر ئىككى نەرسىگە ماسلىشالمىدى. بۇنىڭ بىرسى تەبىئەت ئىدى. چۈنكى ئۇ تەبىئەتتىكى بارلىق يېشىللىقلارنى بىركۈن كەچكىچە يېسىمۇ قورسىقى تويمايتتى. يەنە بىرى، شۇنچە ئېغىر بەدىنىگە ماسلىشالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئېغىر بەدىنىدە پەقەت ياڭاقچىلىك مېڭىسى بار ئىدى. خىتايدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور دىنازاۋۇرنىڭ بەدىنىدىكى ياڭاقچىلىك چوڭلۇقتىكى مېڭە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنايلى. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتسىزلىكى

نېمە؟ ئۆز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بىلەن تەقدىرداش بولالماسلىق ۋە دىنازاۋۇرنىڭ تەقدىرىگە دۇچار بولۇش. چۈنكى دۇنيادا ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنالمىغان نەرسىلەر سىقىپ چىقىرىلىدۇ. راك ھۈجەيرىلىرى ئىنسان بەدىنىگە ماسلىشالمىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنالمىغانلىقى سەۋەبىدىن راك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنداق، نۇرغۇن كىتابلار بار خىتاي ئۆز تەشۋىقات قورالى قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا زاكاز قىلىپ يازدۇرغان. ئەمما ۋەزنى ۋە سالمىقى خىتاي تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئېتىشىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر 5-فېۋرال كۈرەشچىسىنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدىكى مەردلىكىگە بويلىمايدىغان.

2023-يىلى 12-مارت، تورونتو

# ۋەتەن يولىدىكى «خۇا لاۋشەن» لەردىن ھەزەر ئەيلەيلى!

بىرقانچە كۈندىن بۇيان يۈز بىتىكتە گوللاندىيەدە ياشايدىغان بىر خانىمنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا ئاتا-ئانىسىنى يوقلاشقا بارغانلىقى ھەققىدىكى ھەشەم-دەبدەبىلىك بىر ۋىدىيو نۇرغۇن مۇنازىرەلەرگە سەۋەب بولدى. بەزىلەر ۋەتەنگە بارغاننىڭ زىيىنى يوق، بېرىش كېرەك دېسە؛ بەزىلەر خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن جازا لاگېرلىرى ئېچىلغان، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن تېلېفوندىمۇ كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان، 10 غا يېقىن دۆلەت خىتاينىڭ قىلمىشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغان، ۋەتەن ئاسمىنىدا قۇشلارنىڭمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈشى تەس بولۇۋاتقان شارائىتتا، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك 16 يىلدىن بۇيان ۋەتەنگە بېرىش نېسىپ بولمىغان بىرىنىڭ دەل بۈگۈنكىدەك چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ «قىزىل» چىرىغىدا توختاپ قالغان ۋەزىيەتتە بۇ خانىمغا يېقىلغان پەۋقۇلئاددە «يېشىل چىراغ» دىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر بولمىغان باشقا بىر مىللەت پۇقراسىنىڭ ۋەتىنىگە بېرىشى مۇشۇنچىلىك غۇلغۇلا قوزغىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس ۋە بىزدىن بولمىغان باشقا بىر مىللەتكە بىر ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانغا بارغانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلا كۆپ مۇنازىرە قىلغانلىقىمىزنى ئېيتقىنىمىزدا، ئۇلار «بۇ نېمە دېگەن ئورۇنسىز مۇنازىرە» دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار

ئۇيغۇرلارنىڭ هال-ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. ھەر پۇت قىستىغان ئاياقنىڭ دەردىنى ئۆزى بىلگەندەك، ھاياتىنىڭ ئادەتتىكى بىر ياشاش شەرتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە بېرىپ-كېلىشىنىڭ پەقەت خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئاقلىشىپ بېرىشكە مايىل بولغان يولدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، پەقەت خىتاينىڭ بۇ شەرتلىرىگە كۆنگەن ئۇيغۇرنىڭلا بۇ بارسا كەلمەس «كەربالا» غا بارالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

گوللاندىيەدىكى بىر ئۇيغۇر خانىمنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بېرىشىنى، خۇددى پادىشاھنىڭ ئەل-يۇرتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققىنىدەك ھەشەم-دەبدەبىلىك قىلىپ تەشۋىق قىلىشىنىڭ ئارقىسىغا زادى نېمە يوشۇرۇنغاندۇ؟ دۇنيادا قانچە مىليون ئىنسان ھەر يىلى جىمجىت ھالەتتە ئانا ۋەتىنىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇنى كۆز-كۆز قىلىپ كەتكىدەك ئالاھىدە ئىش ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئۇنداقتا گوللاندىيەدىن ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بارغان بۇ خانىمنىڭ شەرىپىگە، ئۈرۈمچىدىكى ھەدىسى ئىشلىگەن قىسقا ۋىدىيولۇق تەشۋىقات فىلىمى ھەققىدە توختىلىپ باقايلى. بۇ تەشۋىقات فىلىمى ئۈچ غىدىقلىغۇچى، كۆز-كۆز قىلغۇچى ۋە داملاتقۇچى كۆرۈنۈشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى كۆرۈنۈشكە گوللاندىيەدىن ۋەتەنگە بارغان خانىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيى، ھەتتا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى، قىممەت باھالىق ئۆي جابدۇقلىرى كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، بىز بۇ ھەشەم-دەبدەبىلەردىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيمىز. دېمەككى، خىتاي بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئاللىقاچان ئۇيغۇر ئىرقىي

قىرغىنچىلىقنى پەردازلاش ۋە يوشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىپ بولغان بولىدۇ . ئىلگىرى خىتاي ئەرەبلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنى ۋەتەنگە باشلاپ ئەكىلىپ، پۇل خەجلەپ ئوينىتىپ، ئاخىرىدا «بۇ زېمىندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يوق ئىكەن» دېگەن تەشۋىقاتىنى كوزىرى قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە خىتاي ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ۋەتەنگە قايتمىغان بەزى ئۇيغۇرلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىش ئارقىلىق، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن، ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى، شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بەختلىك ۋە باي باياشات ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ئاينى ئېتەك بىلەن ياپماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، خىتاي قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىشتا «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ھىيلىسىنى قوللىنىپ كەلدى. گەرچە ئۇيغۇرلار قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۆز يېغىدا ئۆزلىرىنىڭ قورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ۋايساپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىختىن ساۋاق ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋايساپ تۇرۇپ يەنىلا قورۇلۇپ كەلدى. بۈگۈن بىز يەنە خىتاينىڭ «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ھىيلىسىنىڭ قۇربانى بولۇش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. گوللاندىيەلىك بىر ئۇيغۇر خانىمنىڭ ئىنتايىن ئاددىي بولغان ۋەتەن زىيارىتىنىڭ ئالاھىدە دەبدەبە ۋە ھەشەم، داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلىنىشى، ئۆز يېغىمىز بىلەن قورۇلۇشىمىزنىڭ باشلىنىشى. ئۇنداقتا بۇنداق قورۇلۇش ئونلارچە، يۈزلەرچە قېتىم داۋاملاشقاندا، ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا بولغان تەسىرى قانداق بولىدۇ؟ پۈتۈن ھاياتىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا بېغىشلىغان، ئۇيغۇر دەۋاسى يولىدىكى بۇ بارسا كەلمەس يولدا ۋەتىنىگە بېرىشتىنمۇ ۋاز كەچكەن سەرخىل كۆرەشچىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا قانداق رېئاكسىيە پەيدا بولىدۇ؟

خىتاي ئاللىقاچان بۇ چوتنى سوقۇپ بولغان.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش بولسا گوللاندىيەدىن ۋەتەنگە زىيارەتكە بېرىش يېشىل چىرىغى خىتاي ئاكسى تەرىپىدىن يېقىپ بېرىلگەن بۇ تەلەيلىك ئۇيغۇر خانىمنى ئايرودۇرومدا كۈتۈۋېلىش كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، 16 يىل ۋەتىنىنى كۆرمىگەن بۇ ئۇيغۇر خانىمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىك قۇچاقلىشىشلىرى مەزكۇر كۆرۈنۈشتە ئورۇن ئالغان. ئاخىرقى كۆرۈنۈش بولسا كاتتا رېستورانلاردا جەم بولۇش تامىقى يېيىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. خۇلاسىلىغاندا، بۇ خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پەردازلاپ يوققا چىقىرىش، ھەممە ئۇيغۇرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بەختلىك ۋە خۇشال-خۇرام ياشاۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىدە ئىشلەنگەن ۋىدىيو ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس. خوش، ئۇنداقتا خىتاي بۇنداق ۋىدىيولار ئارقىلىق قانداق مەقسەتكە ئېرىشىدۇ؟ خىتاي بۇنداق ۋىدىيولار ئارقىلىق چەتئەلدىكى ۋەتىنىگە بېرىپ-كېلەلمەيۋاتقان ئۇيغۇرلارغا پىسخىكىلىق ئۇرۇش، يەنى جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ۋەتەنگە بېرىشتىن ئىبارەت سودا ئويۇنى شەكىللەندۈرۈپ، ۋەتەنگە بېرىش بەدىلىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل، تۈيۈق يولغا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى باشلىماقچى بولىدۇ ۋە يەنە نۇرغۇن ...

داڭلىق خىتاي يازغۇچىسى لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق بىر ھېكايىسى بار بولۇپ، ھېكايىدە سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئوغلىنى داۋالاش مەقسىتىدە، ئەينى چاغدىكى ئۆز مىللىي قەھرىمانلىرىنىڭ قېنىغا چىلانغان «جىڭموما» نى يەيدىغان

ھالەتكە كېلىپ قالغان خىتاي جەمئىيىتىنى قاتتىق قامچىلىغان. خىتاي يازغۇچىسى لۇشۈننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «دورا» ناملىق بۇ ھېكايىدە، خۇا لاۋشەن ئىسىملىك بىر پېرسوناژ بار بولۇپ، خۇا لاۋشەننىڭ ئوغلى تۇيۇقسىز سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ھەركۈنى توختىماي يۆتىلىدىغان ئوغلىنىڭ كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت چېكىۋاتقان خۇا لاۋشەنگە بىرلىرى سىل كېسىلىنى داۋالايدىغان رېتسېپنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ رېتسېپ ئىسسىق ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگموما بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئىسسىق ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگمومىنى يېسە، سىل كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ دەيدىغان گەپ تارقىلىدۇ. نەتىجىدە خۇا لاۋشەن تۈرمىلەردىكى گۇندىپايىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەينى دەۋردىكى خىتاي ئادالەتسىز جەمئىيىتىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان خىتاي قەھرىمانلىرىنىڭ قايسى كۈنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ. بىر كۈنى سەھەردە تاڭ يورار-يورۇمايلا، خۇا لاۋشەن ئۆزى تەييارلىغان پۇلنى ئېلىپ گۇندىپاي كۆرسەتكەن جايغا يېتىپ كېلىدۇ. گۇندىپاي خۇا لاۋشەننىڭ قولىدىكى پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، يېڭىلا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان خىتاي قەھرىمانىنىڭ ئىسسىق قېنىغا چىلانغان جىگمومىنى خۇا لاۋشەنگە ئۇزىتىدۇ. خۇا لاۋشەنمۇ ئىسسىق ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگمومىنى مۇزلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ يول ئالىدۇ. گەرچە خۇا لاۋشەننىڭ سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوغلى خىتاي قەھرىمانىنىڭ ئىسسىق قېنىغا چىلانغان جىگمومىنى يېگەن بولسىمۇ، لېكىن كېسىلى ساقايماي يەنىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

نۆۋەتتە بىز نۇرغۇنلىغان «خۇا لاۋشەن» لەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتىمىز. ئەرەب دۇنياسى، مۇسۇلمانلار دۇنياسى، تۈركلەر

دۇنياسىدىكى كەمبەغەلچىلىك ۋە نامراتلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان «خۇۋا لاۋشەن» لەر نامراتلىق كېسىلىگە شىپا تېپىش ئۈچۈن، خىتايدىن ئۇيغۇر قېنىغا چىلانغان ئىسسىق جىڭمومىنى تىلەپ يەۋاتىدۇ.

گوللاندىيەدىن ۋەتەنگە بارغان ۋە ۋەتەنگە بارغانلىقىنى، ھەشەم-دەبدەبە تۇرمۇشىنى كۆز-كۆز قىلغان گوللاندىيەلىك ئۇ خوتۇنمۇ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بارالماسلىقتىن كېلىپ چىققان چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە داۋا تېپىش ئۈچۈن، خىتايدىن ئۇيغۇر قېنىغا چىلانغان ئىسسىق جىڭموما تىلەپ ئالغان «خۇۋا لاۋشەن» نىڭ دەل ئۆزى. ئەمما بۇ ئۇيغۇر قېنىغا چىلانغان ئىسسىق جىڭموما بۇ خوتۇننىڭ ۋەتەننىڭ يوللىرى تاقىلىپ قېلىشتىن كېلىپ چىققان ئەگەشمە روھى كېسەللىرىنى داۋالىيالامدۇ؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۈندىن كېيىن ۋەتەن يولىدا قاترايدىغان «خۇۋا لاۋشەن» لەردىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. بۈندىن كېيىن ئۇيغۇر قېنىغا چىلانغان «جىڭموما» لار تېخىمۇ بازار تېپىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنى قەلەمگە ئالىدىغان ئۇيغۇر «لۇشۈن» لەر بارمىدۇ؟

قانچە ئەسىردىن بۇيان، خىتاي بىزنى پەقەت بىرلا تاكتىكا بىلەن ئىدارە قىلىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ھىيلىسى. بىز قانچە ئەسىر ۋاي خىتاي بىزنى ئۆز يېغىمىزدا قورۇۋەتتى ئەمدى قورۇلمايمىز دەپ تۇرۇپ يەنىلا قورۇلۇپ كەتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئوخشاش قورۇلۇۋاتىمىز. تارىخنىڭ مەسىلە ھەل قىلىش رولى ياكى مەجبۇرىيىتى يوق. پەقەت تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئوخشاش خاتالىقنىڭ قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار. پەقەت ۋە پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا دۇنيادا تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، تارىخچىلار، تارىخ فاكۇلتېتلىرى، تارىخي موزېيى ۋە تارىخى كىتابلارغا نۇرغۇن

مەبلەغ ئاجرىتىلىپ ساقلىنىپ ۋە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئەمما ئۇيغۇرلار تارىخىدىن ساۋاق ئالمىغان ۋە ئالالمىغان خەلق.

2023-يىلى 25-ئىيۇل، تورونتو

# «1984» تىن تەسراتلار

قۇللۇق ئەركىنلىكتۇر، ئۇرۇش تىنچلىقتۇر، نادانلىق كۈچتۇر.

كىتابتىن ئۈزۈندە

## جازا لاگېرى قايتا تەربىيەلەشتۇر!

### مۇقەددىمە

يۇقىرىدىكى ئۈزۈندە «1984» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەن يەنە بىر يېڭى جۈملە قوشتۇم. ئۇ بولسىمۇ «جازا لاگېرى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى». «جازا لاگېرى قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن بۇ جۈملە قاراڭغۇ مۇستەبىت بىر دەۋرنى هازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان خىتاي هۆكۈمىتىگە قارىتىلغان. دۇنيانى قاراڭغۇ، رەھىمسىز، قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان جەھەننەمگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان دىكتاتور تۈزۈملەرنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولۇپ، «1984» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جورجى ئورۋېل ياشىغان 1940 ـ يىللاردا بۇ دىكتاتور كۈچلەر قۇللۇقنى ئەركىنلىك، ئۇرۇشنى تىنچلىق، نادانلىقنى كۈچ دەپ پەردازلىغان. 2016 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان جازا لاگېرلىرىنى ياكى ئۆلۈم لاگېرلىرىنى پەردازلاپ «تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ نام بەرمەكتە. بۇ دېگەنلىك سىز بازاردىن بىر خالتا باللار سۈت پاراشوكى سېتىۋالسىز، خالتىنىڭ ئۈستىگە سۈت پاراشوكى دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئەمما سىز خالتىنى ئاچقان ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭ ئىچىدىن سۈت پاراشوكى ئەمەس، بەلكى باشقا زەھەرلىك

پاراشوك چىقىدۇ. نېمە دېگەن رەزىل، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق بىر دۇنيا ھە؟ يازغۇچى جورجى ئورۋېل مانا مۇشۇنداق رەزىل ۋە قورقۇنچلۇق دۇنيانى بىزگە ئۆز قەلىمى بىلەن ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. گەرچە يازغۇچى بۇ خىل قورقۇنچلۇق دۇنيانى 1984-يىلىغا بارغاندا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما 2016-يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قورقۇنچلۇق قىسمەتلەر، يازغۇچى قەلەمگە ئالغان «1984» ناملىق كىتابتىكى ئەھۋاللاردىن، كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سىمىتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن نەچچە ئون ھەسسە ئېشىپ كەتتى دېسەك ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ.

ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى «قۇللۇق ئەركىنلىكتۇر، ئۇرۇش تىنچلىقتۇر، نادانلىق كۈچتۇر» دېگەن قۇرلارنى باشقا بىر يەردىن ئاڭلىساق، ياكى قەتئىي پەرۋاز قىلمايمىز ياكى بۇ سۆزنى سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئەقلىدە مەسىلە بار دەپ قارايمىز. ئەمما يەر شارىدىكى قاراڭغۇ بىر دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرگەن «1984» ناملىق كىتابتا يېزىلغان بۇ سۆزلەرنى، تارىختا قاراڭغۇ بىر دۇنيا يارىتىشنى مەقسەت قىلغان مەلۇم گۇرۇھ ۋە كىشىلەرنىڭ شۇنداقلا ھازىرمۇ خىتايدىن ئىبارەت دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مىللەتنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن، بىر ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە قوللىنىشقا تىرىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«1984» ناملىق بۇ كىتاب ئەنگلىيەلىك يازغۇچى جورجى ئورۋېلنىڭ «ھايۋاناتلار قورۇقى» ناملىق كىتابىدىن كېيىن دىستوپىيا (Dystopia) ئۇسلۇبىدا يازغان ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىستوپىيا ئۇسلۇبى تۈنجى بولۇپ يۇنانلىق جون ئىستۇئارت تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئۇسلۇب بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق كېلەچەك پىلانى يوق، ئۆز-ئۆزى بىلەن

ئۆز-ئارا نەپرەت ياغدۇرۇپ ئوينايدىغان، سەلبىي، داۋاملىق ھۇزۇرسىز ياشايدىغان بىر مىللەتنى ياكى بىر دۇنيانى مەسخىرە قىلىش ئۇسلۇبىدىن ئىبارەتتۇر.

يازغۇچى ئورۋېل 1948-يىللىرىدا كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم ۋە فاشىزم قاتارلىقلارنى ئىنتايىن ياخشى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئۆلمەس بىر ئەسەر «1984» نى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولۇپ، ئۇ خىيالىدا 1984-يىللىرىغا بارغاندا دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قاراڭغۇ تەرەپلەر پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ دەپ ئويلىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن كىتابىنىڭ ئىسمىنى دەسلەپتىكى «يالغۇز ئادەم» دىن «1984» كە ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يازغۇچى 1984-يىلىدا ئەمەس، بەلكى ئارىدىن ئاز كەم 80 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزى تەسۋىرلىگەن بۇ قاراڭغۇ دۇنيادىن نەچچە ھەسسە قاراڭغۇ دۇنيانىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

«1984»ناملىق بۇ كىتاب، تارىخى رېئاللىق، كۈچلۈك تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر قەلەم كۈچى بىلەن نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ئۆلمەس ئەسەر بولۇپ، كۈنىمىزدىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي چاقناپ تۇرماقتا. ئاجايىپ چوڭقۇرلۇق ۋە كىشىنى ئويغا سالىدىغان بۇ كىتابنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

يەنىمۇ چوڭقۇرلىساق، بىر مۇستەبىت ھاكىمىيەت، يەنى كوممۇنىزم ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىش مەقسىتىدە يېزىلغان بۇ كىتابتا، مەزكۇر مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشىدىن ئىبارەت شەخسى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلارنى قانداق نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى مەسخىرە قىلىنغان.

كىتابتا يەنە كىشىلەرنىڭ كىملەر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى، نېمىلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنسان ھاياتىنىڭ چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان ھەر بىر كۈنىنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي»، يەنى «بىگ برودېر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەخس تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكلەر ھەم پاش قىلىنغان.

كىتاب ئىستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بىلەن گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ فاشىستلىق رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئەمما كىتاب ھازىرغا قەدەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، بۈگۈنكى دۇنيانىڭمۇ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە.

«1984» ناملىق بۇ كىتاب لوندوندا يېزىلغان ۋە لوندون تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور كىتابىدا ئەگەر ئەنگلىيەدىن ئىبارەت بىر ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتتە، بۇ خىل دىكتاتور پارتىيە ھۆكۈم سۈرۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيەنىڭ قانداق ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولىدۇ.

كىتابتا، چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان كېلەچەكتىكى ئەنگلىيە ئوكيانۇس دەپ ئاتىلىدىغان دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

كىتابتا «ئىنكسوس» ناملىق دىكتاتور تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتۈلگەن، مېڭىسى يۇيۇلغان، ئىرادىسىز، ھېچقانداق بىر نەرسىگە قارشىلىق بىلدۈرەلمەيدىغان ھايات بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغان خەلقنىڭ كۆپ

قىسمى ئىنتايىن تۆۋەن شەرتلەر ۋە ئۆزلىرى ئۆچۈن بېرىلگەن چەك ـ چېگرا ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتى ياخشى ۋە ئېسىل، دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈلگەن ھالەتتە ياشايدۇ.

بۇ خىل جەمئىيەت سىستېمىسىدىكى ساقچىلار، ئەسكەرلەر، ئايغاقچىلار ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەنسۇپلىرى خەلقنى ناھايىتى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. مىللەتنى پارتىيە ئەزالىرى، پىرولېتارىياتلار ۋە بۇرژۇئازىيە قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پىرولېتارىيات دەپ ئاتىلىدىغان كوممۇنىستلار ئىنسانچە ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىر تەسلىمىيەتچىلىك ئىدىيەسى بىلەن، «ئاكاڭ قارىغاي»، يەنى «بىگ برودېر» گە بويۇن ئېگىش بىلەن ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاشتىن ئىبارەت ئىككى يول ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلگەنلەر دەرھال ئوي ـ پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ساقچى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ خىيالى ۋە ئوي ـ پىكىرلىرىمۇ سوراققا تارتىلىدۇ.

جورج ئورۋېل «1984» ناملىق بۇ كىتابىدا، مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن ئەركىنلىكى ئوتتۇرىسىدا بىر باغ قۇرغان بولۇپ، دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرنىڭ تىلنى توغرا ئىشلەتمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەتتا تىل خەزىنىسىنى قانداق تارلاشتۇرغانلىقى، بەزى كەلىمىلەرنى لۇغەت تەركىبىدىن قانداق چىقىرىۋەتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ناھايىتى ئۇستىلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

### «1984» پەلسەپەسى

«1984» ناملىق بۇ كىتابتا، ئىنسانلارنىڭ نېمە دېگەنلىكى ۋە

نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە نېمە ئويلىغانلىقى سوراققا تارتىلىدۇ. ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلىكىمۇ ئۆزىگە تەۋە بولالمايدۇ، ئوي-پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر داۋاملىق ھالدا ئوي-پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. سىياسىي ھاياتى پۈتۈنلەي پارتىيەگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئۆزى بىلەن ياكى پارتىيە بىلەن ئوخشاش ئوي-پىكىر ۋە چۈشەنچىدە بولمىغان كىشىلەر جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ مەۋجۇت جىنايەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى ھېسابلىنىدۇ. ھاكىمىيەت كىشىلەر ئارىسىدا بىر-بىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش پىسخىكىسى يارىتىپ، كىشىلەرنى داۋاملىق ھالدا خەلق دۈشمەنلىرىنى تاللاپ چىقىشقا كۈشكۈرتىدۇ. مەۋجۇت دۈشمەنلەرگە نەپرەت ئوقۇش بىلەن بىرلىكتە، ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت ئوقۇش پىروگراممىلىرى ئارقىلىق، ئىچىمىزدە دۈشمەن بار ۋەھىمىسى بىلەن، نەپرەت قوزغاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ دۆلەتتە ئائىلە، جەمئىيەت، مىللەت ئۆچ-ئاداۋەت ۋە نەپرەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. خۇلاسىلىگەندە، «قۇللۇق ئەركىنلىكتۇر، ئۇرۇش تىنچلىقتۇر، نادانلىق كۈچتۇر» دېگەن بۇ پەلسەپەنى ئىنسانلارغا قوبۇل قىلدۇرىدۇ.

«1984» ناملىق ئەسەر ئەنگلىيەدە يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا ئىپادىلەنگەن لوندون ھەر جەھەتتىن ۋەيران بولغان، يېمەك-ئىچمەك قىس، كىيىم - كېچەك يوق بىر شەھەر ئىدى. ئاشۇ پىرامىدا شەكىلدىكى ھەيۋەتلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىدىن باشقا شەھەر ئىنتايىن خارابلاشقان بىر ۋەزىيەتتە بولۇپ، تۈيۈقسىز سەۋەبى ئېنىق بولمىغان پارتلاشلار يۈز بېرىپ ئىنسانلار ئۆلۈپ تۇراتتى. شەھەر خۇددى ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىدىغاندەك ۋەھىمىلىك ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەڭ ئېچىنىشلىق بولۇۋاتقىنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ شەھەر پۇقرالىرىنى 24 سائەت نازارەت

ۋە كۆزنىتىش ئاستىغا ئېلىشى ئىدى.

نازارەت كامېرالىرى، ئاۋاز تىڭشىغۇچلار، ئوي-پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىلىرى ھەر يەر، ھەر بۇلۇڭ-پۇچقاقنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بۇ جەمئىيەتتە سىز قىلماسلىقىڭىز كېرەك بولغان ئىشلار ھەر قەدەمدە سىزگە پۈتلىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز بىلىپ-بىلمەي بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ قويسىڭىز، دەرھال ساقچى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ مەجبۇرى ئەمگەك لاگېرىغا ئەۋەتىلىسىز. ئۇلار سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىزنىڭ ۋە ياكى سۆيگىنىڭىزنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. سىز پەقەت پارتىيەنىلا سۆيۈشىڭىز، بارلىق ھېس-تۇيغۇ ۋە ئېنېرگىيىڭىزنى پارتىيە ئۈچۈن سەرپ قىلىشىڭىز كېرەك.

كىتابتا يەنە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ داۋاملىق ھالدا تىك ئۇچار ئايروپىلانلار بىلەن نازارەت قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، خاتا ياكى تاسادىپ سادىر قىلىنغان بىرەر ھەرىكەت ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىڭىزدىن كەچكەن، چىرايىڭىزدا ئىپادىلىنىپ قالغان بىر نارازىلىق چۈشەنچىسى، تاسادىپ خىيالغا چۆمۈپ قېلىش، بىر نەرسىگە بەش سېكۇنتتىن ئارتۇق تىكىلىپ قاراپ قېلىش... قاتارلىقلارنىڭ چۈشەنچە ۋە ئوي-پىكىر ساقچىسى تەرىپىدىن دەرھال قولغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

كىتابتا ئىپادىلىنىشىچە، «ئاكاڭ قارىغاي»، يەنى بىگ برودېر خەلققە نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، چىراي ئىپادىڭىزنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي» بىلەن ئوخشاش ئىپادىدە بولماسلىقى، يەنى نەپرەت تۇيغۇسىنىڭ ياخشى ئىپادىلىنىپ-ئىپادىلەنمىگەنلىكى قاتارلىقلارمۇ چۈشەنچە ۋە ئوي-پىكىر ساقچىسىنىڭ قولغا ئېلىشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە پاكىت بولالايدىغانلىقى، قىسقىسى «ئىنكسوس» دەپ

ئاتىلىدىغان بۇ دىكتاتور پارتىيەنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنىڭ سىرتىدا بولغان ھەرتۈرلۈك ئىش-ھەرىكەت ۋە زېھنى پائالىيەت ئوي-پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن ئوڭايلا سېزىلىپ قالاتتى.

ئاقىۋەتتە بۇنداق «قارماق» قا ئېلىنىپ قالغان كىشىلەرنى ھېچكىممۇ قۇتۇلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى قولغا ئېلىنغان كىشىلەر سۆيگۈ مىنىستىرلىقى بىناسىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى سوراقخانىلاردا ئاخىرى چىقماس سوئال-سوراق ۋە تەن جازالىرىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن «پار» غا ئايلىنىپ كېتەتتى. كىتابتىكى «پار» غا ئايلىنىش «يوق قىلىنماق، ئۆلتۈرۈلمەك، ئۇنتۇلدۇرۇلماق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. پارلاشتۇرۇلغان كىشىلەرگە ئائىت پۈتۈن ئارخىپلار، خاتىرىلەر، كىملىك ئۇچۇرلىرى يۇيۇپ تاشلىناتتى. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ سورىغىنى قىلىشمۇ ئوي-پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدىغان جىنايەت ھېسابلىناتتى.

كىتابتا تەسۋىرلىنىشىچە، بۇ رەزىل جەمئىيەتتە ئەقلىسىز بولۇش بىر مەسىلە ھېسابلانمايدىغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سىمىت ئادالەت مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدۇ. ۋىنستون سىمىت ئولتۇرىدىغان ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن تەخمىنەن 300 مېتىر ئۇزاقلىقتا، مۇستەھكەم بېتون بىلەن پىرامىدا شەكلىدىكى ئادالەت مىنىستىرلىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ بىنا شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ كۆركەم ۋە ئەڭ مەزمۇت بىنا بولۇپ، بىنا پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان تەشۋىقات ۋە ئېلانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

گەرچە شەھەر مەركىزىدىكى بۇ ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئىسمى ئادالەت ۋە توغرۇلۇق مىنىستىرلىقى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ئادالەتسىزلىك ۋە ناتوغرۇلۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. «قۇللۇق

ئەركىنلىكتۇر، ئۇرۇش تىنچلىقتۇر، نادانلىق كۈچ قۇۋۋەتتۇر» دېگەن ئەقلىيە سۆزلىرى بۇ بىنانىڭ ئەڭ ئۈستى تەرىپىگە چوڭايتىلىپ يېزىلىپ ئېسىلغان ئىدى.

**ۋىنستون سىمىتنىڭ ئاقىۋىتى**

كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سىمىت 39 ياش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى 7 ـ قەۋەتتە ئىدى. پارتىيە تەرىپىدىن يېقىندا ئېلىپ بېرىلىدىغان «نەپرەت ھەپتىسى» ھازىرلىقلىرى يۈزىسىدىن بىنادا توك توختىتىلغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ 7 ـ قەۋەتكە مېڭىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، بىنانىڭ ھەر بىر قەۋىتىدە «ئاكاڭ قارىغاي»، يەنى «بىگ برودېر» دەپ ئاتىلىدىغان پارتىيە باشلىقىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنىڭ ئۇچرايدىغانلىقى، رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئاكاڭ قارىغاينىڭ كۆزى داۋاملىق سەندە» دەپ يېزىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

كىتابتا يەنە ۋىنستون سىمىتنىڭ ئۆيىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا نازارەت قىلىنىدىغان كامېرالارنىڭ ئورنىتىلغانلىقى، پىچىرلىغان ئاۋازلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئېلىنىدىغانلىقى ، تامغا ئېسىلغان چوڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدا 24 سائەت «ئاكاڭ قارىغاي» نىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنىڭ چىقىپ تۇرىدىغانلىقى، پارتىيە تەشۋىقاتىنىڭ داۋاملىق سۆزلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، قاراڭغۇ بولمىغان چاغلاردىمۇ ۋىنستون سىمىتنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنىڭ سىنىغا، ھەر بىر تىنىق ۋە نەپەسىنىڭمۇ ئۇنىڭغە ئېلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ۋىنستون سىمىتنىڭ ئۆزىگە ئائىت ھېچقانداق بىر شەخسى سىرىنىڭ يوقلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سىمىت ھېچقانداق دوستى، ھېچقانداق يېقىن ئادىمى يوق بىر پېرسوناژ بولۇپ، كېيىنچە ئۇ لوندوننىڭ شۆبىيتسارىيە كوچىسىدىكى كونا ئاساره ـ

ئەتىقە ساتىدىغان دۇكاندىن سېتىۋالغان دەپتەر ۋە قەلەم بىلەن كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ جەمئىيەتتىن قانچىلىك دەرىجىدە نەپرەتلەنگەنلىكى، ئۆزىنىڭ باشقا بىر گۈزەل-غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلار كەلگۈسىدە ۋىنستوننى بالاغا تىقىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازىدىغانلىرى قانۇنغا خىلاپ نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە بۇ جەمئىيەتتە قانۇن دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن قانۇنسىز بىر ئىشنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ۋىنستوننىڭ كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتقانلىقى سېزىلىپ قالغان تەقدىردە، ئۇ 25 دەررە ئۇرۇۋالاتتى ۋە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قەلىمىنى سىياھقا چىلىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ خەتەرلىك بىر يولنىڭ بېشىدا ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئەندىكىپ كەتتى.

بىر كۈنى سەھەردە ۋىنستون سىمىت قاتتىق يۆتەلگىنىچە ئويغاندى. ئۇنىڭ ئۇخلاش كىيىمى بولمىغاچقا يالىڭاچ ئۇخلىغان ئىدى. پارتىيەنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر توقلۇق مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پەقەت 3 مىڭ رەخت بېلىتى بېرىلىدىغان بولۇپ، بىر ئۇخلاش كىيىمى 600 رەخت بېلىتى ئىدى.

كىتابتىكى يەنە بىر پېرسوناژ جۇلىيە بولۇپ، ئۇ ۋىنستون بىلەن بىر بىنادا ئىشلەيدىغان ئىنتايىن جەلپكار چىرايلىق ئايال ئىدى. دەسلەپتە ۋىنستون بۇ ئايالنىمۇ پارتىيەنىڭ ئەزاسى دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدۇ. ئەمما بىر كۈنى جۇلىيە ۋىنستون سىمىتقا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى يېزىلغان بىر باغاقچە بېرىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ۋىنستون بىلەن جۇلىيە شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۆز-ئارا كۆرۈشۈشكە باشلايدۇ.

كىتابتىكى يەنە بىر پېرسوناژ پارتىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا خىزمەت قىلىدىغان ئوبرىئەن بولۇپ، ۋىنستون بۇ كىشىدىن ئىنتايىن قورقاتتى ۋە ئۇنى خەتەرلىك كىشى دەپ ئويلايتتى. ئوبرىئەن ۋىنستون ئويلىغاندەك پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ چېقىمچى كىشى ئىدى.

ۋىنستون بىلەن جۇلىيەنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ۋىنستوننىڭ كۆندىلىك خاتىرە يېزىۋاتقانلىقى ئوبرىئەن تەرىپىدىن سۆيگۈ مىنىستىرلىقىغا دوكلات قىلىنىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ۋىنستون بىلەن جۇلىيە ھېس-تۇيغۇ ۋە چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

سۆيگۈ مىنىستىرلىقى ۋىنستون سىمىتكە قورقۇنچلۇق شەكىلدە تەن جازاسى بېرىپ، ئۇنىڭ چىشلىرىنى تۆكۈپ، سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، ۋۇجۇدىغا توك بېرىدۇ، ئاچ قويىدۇ. بۇ خىل ئېغىر جازالاردىن كېيىن ۋىنستون سىمىت ئۆزىنىڭ جۇلىيە بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى، كۆندىلىك خاتىرە يازغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. سۆيگۈ مىنىستىرلىقى ئۇنى ئىككىگە ئىككىنى قوشسا تۆت ئەمەس، بەلكى بەش بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستايدۇ. ۋىنستون سىمىت بەش بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ۋىنستون سىمىتكە بېرىلگەن جازالارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر جازا 101-نومۇرلۇق ئۆيدىكى قەپەس ئىچىگە سولانغان چاشقانلارغا ئۇنىڭ يۈزىنى يېگۈزۈش جازاسى بولۇپ، بۇ جازاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ۋىنستون جۇلىيەنى خىيانەت قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلغان مەن ئەمەس، بەلكى جۇلىيە دەپ ئىقرار قىلىدۇ. دېمەككى، ئۇ جۇلىيەگە خىيانەت قىلىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ۋىنستون بىلەن جۇلىيەنىڭ سۆيگۈ مۇناسىۋىتى تامامەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، بىر-بىرىگە

خۇددى ناتونۇش كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

### ئىسمى-جىسمىغا زىت تۆت مىنىستىرلىق

«1984» ناملىق بۇ كىتابتا تۆۋەندىكىدەك تۆت مىنىستىرلىق بار بولۇپ، بۇ مىنىستىرلىقلار ئۆز-ئۆزىگە قويۇلغان ئىسمىنىڭ دەل ئەكسىچە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مىنىستىرلىقلار تۆۋەندىكىچە:

### 1-ئادالەت مىنىستىرلىقى

جورجى ئورۋېلنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ مىنىستىرلىق پۈتۈنلەي يالغان ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مەسىلەن، ئىككى قوشۇلغان ئىككى تۆت بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما پارتىيە ئىككى قوشۇلغان ئىككى بەش دېگەن بولسا، بەش بولىدۇ دېگەن ساختا ھەقىقەتنى كىشىلەر مېڭىسىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. يەنە ئۇلار پۈتۈن تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۆزگەرتىپ، يالغاندىن تارىخ يېزىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار «بۈگۈننى كونترول قىلىشنىڭ يولى تارىختىن باشلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ مىنىستىرلىق ئەمەلىيەتتە ساختىپەزلىك مىنىستىرلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ھەقىقەتتىن تېنىۋالىدۇ. ھەتتا ئائىلە ئەزالىرى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئاتا - ئانىلىرىدىن تانىدۇ.

### 2-تىنچلىق مىنىستىرلىقى

بۇ مىنىستىرلىق توختىماي كىشىلەر ئارىسىدا، جامائەت ئارىسىدا ئۇرۇش-جېدەل، ئىختىلاپ، غەلۋە-غوۋغا پەيدا قىلىدۇ. پارتىيەنىڭ مەنپەئەتىگە، يۈز-ئابرۇيىغا، خەلقنى كونترول قىلىشتىكى چارە-تەدبىرلىرىگە سەل-پەل دەخلى-تەرۇز يېتىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان

تېمىلارنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، كىشىلەرنى داۋاملىق ئىختىلاپ ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى جېدەل ـ ماجىرا، ئىختىلاپ پەيدا قىلىش، ئۆزگە ئۆكتىچى بولۇۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراشتىكى ياخشى ئۇسۇل. دېمەك، نامدا تىنچلىق مىنىستىرلىقى دېيىلگەن بۇ ئورۇننىڭ ۋەزىپىسى جېدەل چىقىرىش. چۈنكى بۇ پارتىيە «ئۇرۇش تىنچلىقتۇر» دەپ قارايدۇ.

نەپرەت ھەپتىسى، تىنچلىق مىنىستىرلىقى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي ئۆگىنىشلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كۈن ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىگە توغرىلىنىدۇ. بۇ كۈندە مەۋجۇت دۈشمەنلەرگە نەپرەت ئوقۇش بىلەن بىرگە، يېڭى دۈشمەنلەر ياساپ چىقىلىدۇ. نەپرەت ئوقۇلىدىغان دۈشمەنلەر توختىماي يېڭىلىنىپ پەيدا قىلىنىدۇ. نەپرەت ھەپتىسىدە ئارىمىزدا دۈشمەن بار، بىز بۇ دۈشمەنگە قارشى غۇجمەك بولۇشىمىز، بىرلىشىشىمىز كېرەك دېگەن ئىدىيە تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

نەپرەت ھەپتىسىدە، ئىدىيە، پىكىر-چۈشەنچىلەر سوراققا تارتىلىدىغان بولۇپ، پارتىيە بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىدە بولمىغانلار جىنايەتچى دەپ قارىلىدۇ. ئەڭ ئېغىر جىنايەت چۈشەنچىلەرنىڭ پارتىيە بىلەن ئوخشاش بولماسلىق جىنايىتى بولۇپ، بۇ خىلدىكى كىشىلەر ھەتتا دۆلەتكە خىيانەت ۋە خائىنلىق جىنايىتى بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ.

تىنچلىق مىنىستىرلىقىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىر يەردىن باشقا ھېچ بىر نەرسە سىزگە تەۋە بولمايدۇ. سىياسىي ھاياتىڭىز، ئۆتمۈشتىكى شەخسىيىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە پارتىيەگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئائىلە، جەمئىيەت، پۈتۈن بىر مىللەت بىر-بىرى

بىلەن ئۆچ-ئاداۋەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئىنسانلارنى ئۆي-پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى دەيدىغان ساقچى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ساقچى ئەگەر سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىزدە پەرقلىق چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ قالسا سىزنى دەرھال قولغا ئالىدۇ. ياكى نەپرەت ھەپتىسى دەيدىغان ھەپتىدە سىزگە نەپرەت ياغدۇرۇپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ.

تىنچلىق مىنىستىرلىقى ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكلەش، ئەگەشتۈرۈش، يەنى پادا پىسخىكىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان بولۇپ، ئىچىمىزدە دۈشمەن بار ۋەھىمىسى بىلەن قانداقتۇر بىرلىرىگە نەپرەت قۇسۇش ئېلىپ بارىدۇ. خەلق دۈشمىنى ياساپ چىقىپ، خەلق دۈشمىنىنى خەلق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇجۇقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ.

### 3-سۆيگۈ مىنىستىرلىقى

بۇ مىنىستىرلىق تىنچلىق مىنىستىرلىقى بىلەن ماسلاشقان ھالدا خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، سۆيگۈ مىنىستىرلىقى پەقەت «ئاكاڭ قارىغاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر زاتنىلا سۆيۈشنى تەرغىب قىلىدۇ. كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى، يەنى باشقا كىشىلەرنى سۆيسەك بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن دائىم ياخشى تەرەپ بولىمىز؟ دېگەن سوئاللارنى سورىشى ئېغىر تەن جازاسىغا دۇچار قىلىدۇ. سۆيگۈ مىنىستىرلىقىنىڭ تەلىماتى بىلەن، ئەر-ئايال، قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە يول قويۇلمايدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، بالىلىق بولۇش جىنايەت.

### 4-توقلۇق مىنىستىرلىقى

يەنى باي-باياشاتلىق مىنىستىرلىقى. ئەمما بۇ مىنىستىرلىق ئاچلىق ۋە كەمبەغەللىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسانلارنى بىر

بۇردا نانىنى يەپ، شۇنىڭغا رازى بولۇپ ھېچقانداق شىكايەت قىلماي روبوتتەك جىمجىت ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

## تۆنۈگۈننىڭ ۋىنستون سىمتى ۋە بۈگۈننىڭ جازا لاگېر شاھىتلىرى

مەشھۇر يازغۇچى جورجى ئورۋېلنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان «1984» ناملىق كىتابىنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سىمىت، پەقەت كۆندىلىك خاتىرە يازغانلىقى، جۇلىيە ئىسىملىك ئايال بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكى ئۈچۈنلا سۆيگۈ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئېغىر تەن جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ قاراڭغۇ ۋە رەزىل دۇنيا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋىنستون سىمىتلىرى بولغان خىتاي جازا لاگېرلىرىدىن ئاران تەستە قېچىپ چىققان جازا لاگېر شاھىتلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جازا لاگېرلىرى ھەققىدە دۇنيا خەلقىگە ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئېچىلغان گۇۋاھلىق يىغىنلىرى، ئەنگلىيەدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتى قاتارلىق خەلقئارا سورۇنلاردا گۇۋاھلىق بېرىپ، 2023-يىلىدىمۇ ئاخىرلاشمىغان بۇ رەزىل ۋە قاراڭغۇ دۇنيادا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلەرنى پاش قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي قۇرغان جازا لاگېرىدا 3 يىل ياتقاندىن كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە فرانسىيەدىكى ئائىلىسىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە فرانسىيەگە كېلىشكە مۇۋەپپەق بولغان، خىتاي جازا لاگېرىدا ئىڭراۋاتقان قانچە مىليون ئۇيغۇر ئىچىدىن يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بۇ تەلەيلىك لاگېر شاھىتى گۈلباھار خاتىۋاجى مۇنداق دەيدۇ:

«گەرچە ھېچقانداق گۇناھىم بولمىسىمۇ، پۈتۈمغا كىشەن سېلىنىپ تۈرمىگە كىرگەن ۋاقتىمدا، كامېردىكى ئاياللارنىڭ

ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆردۈم. كامېردىكى ئاياللارنىڭ پۇتلىرى كىشەنلەنگەن بولۇپ، ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمىز چەكلەنگەن ئىدى. ئۇلار بىزنى نۆلدىن تۆۋەن 24 گىرادۇسلۇق سوغۇقتا شامالدىتىمىز دېگەن باھانە بىلەن سوغۇقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ قىينايتتى. ھەر قېتىم سوغۇققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىدا، قولىمىزغا كەينىچىلەپ كويزا سېلىپ، بېشىمىزغا قارا خالتا كىيگۈزۈپ، پۇت-قولىمىزنى تۆمۈر ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇپ سوراق قىلاتتى. 2017-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى بىزنى، يەنى بارلىق ئاياللارنى كارىۋاتقا زەنجىرلەپ قويدى. مەن مۇشۇنداق زەنجىرلەنگەن ھالەتتە 20 كۈن تۇردۇم. جازا لاگېرىنىڭ ئىچىدە ھەممە يەردە كامېرا بار. ئۇلار بىزگە زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىمىز دېگەن باھانە بىلەن، يىلدا ئىككى قېتىم ۋاكسىنا ئۇردى. ۋاكسىنا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ئادىتى ئاساسى جەھەتتىن توختاپ كەتتى. مەن ئىككى جازا لاگېرىدا تۇردۇم. مەن دەسلەپتە تۇرغان جازا لاگېرىدا 71 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان 250 كە يېقىن ئايال بار ئىدى. خىتاي بۇ لاگېرغا تېخىمۇ كۆپ كىشىنى سىغدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، 2018-يىلى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى بىزنى يېڭى سېلىنغان چوڭ جازا لاگېرىغا يۆتكىدى. خىتاينىڭ بۇ جازا لاگېرىغا سالغان مەبلىغىنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپلۈكىدىن، خىتاينىڭ پىلانىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك پىلان ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىز ھەر كۈنى 11 سائەت سىنىپتا ئولتۇرۇپ خىتاينىڭ مېڭە يۇيۇش دەرسى بولغان تارىخ، قانۇن، خەنزۇ تىلى دەرسلىرىنى ئۆگىنىمىز. ھەپتىدە بىر قىزىل ناخشا ئۆگىنىمىز. ھەپتە ئاخىرىدا ئىمتىھان بېرىمىز. 2018-يىلى ھېچبىر گۇناھىم يوق تۇرۇپ 7 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىم. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەشكىنىمىزنى بىلىپ قالسا، ئايرىم سولايدىغان بىر ئۆيگە 24

سائەت، 48 سائەت ھەتتا 72 سائەت سولاپ قويۇپ، تاماق ۋە سۇ بەرمەيتتى. ئۇ كىشى تاكى مەن خاتا قىپتىمەن، ئىككىنچى ئۇيغۇرچە سۆزلەشمەيمەن دېگەنگە قەدەر سولاپ قويۇلاتتى. ناماز ئوقىغانلىقى، ھىجاپلانغانلىقى، قۇرئان ساقلىغانلىقى، پەرزەنتىنى چەتئەلدە ئوقۇتقانلىقى، چەتئەلگە ساياھەتكە چىققانلىقى ئۈچۈنلا قايتا تەربىيەلىنىش نامى ئاستىدا تۇتقۇن قىلىنغان دوختۇر، مۇئەللىم، بانكا خادىملىرى، يەككە تىجارەتچىلەر، پېنسىيەگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئىشقىلىپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ ھەممىسى بۇ لاگېردا ئىدى».

شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زۇلمەتلىك تۇپراقتىكى يەنە بىر جازا لاگېرىدا ئالتە ئاي خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان قەلبىنۇر سىدىق، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بۇ جاينىڭ ئەسلىدە مەكتەپ ئەمەس، بەلكى بىر جازا لاگېرى ئىكەنلىكىنى بۇ مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئاتالمىش قايتا تەربىيەلەش ئورنى دەپ ئاتىۋالغان ئورۇننىڭ جازا لاگېرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە ئەنگلىيەدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتىدا گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن 2017-يىلى 3-ئايدىن 9-ئايغىچە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى تاڭفەنگۇدا قۇرۇلغان ئەرلەر جازا لاگېردا 6 ئاي خىتايچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇرلاندىم. بۇ 4 قەۋەتلىك بىنادىكى تامنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي توك سىملىق توساقلار بىلەن قورشالغان ئىدى. ئاتالمىش مەكتەپنىڭ ئىچى-سىرتىنى ساقچى ۋە ئەسكەرلەر قوراللىق ھالدا خۇددى ھازىر جەڭگە چىقىدىغاندەك ھالەتتە قوغداپ تۇراتتى. تۇتقۇن ئەرلەرنىڭ 90 پىرسەنتى 18 ياشتىن 40 ياشقىچە پەقەت

10 پىرسەنتى 40 ياشتىن يۇقىرى ۋە 70 ياشلىقلار ئىدى. تۇتقۇن ئەرلەر كامېرلاردا 30 دىن 40 قىچە قىستىلىشىپ تۇرىدۇ ۋە داق سېمونتتىنىڭ ئۈستىدە ياتىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنلۈك تامىقىغا بىر تال خىتاي جىڭمومىسى بىلەن قۇرۇق شوۋىگۈرۈچ ئىچىدۇ. ھەتتا ئۇلار 6 ئاي جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ يۇيۇنۇپ باققىنى يوق. ئوبورنىغا چىقىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىلگەن. بۇ كامېردىكى ئەرلەرنىڭ پۇت-قوللىرى كىشەنلەنگەن. سىنىپنىڭ ئىشىكلىرى 30 گىرادۇس ئېچىلغان بولۇپ، سىنىپتىن كامېرغا ئۆمىلەپ كىرىپ، ئۆمىلەپ چىقىدۇ. تۇتقۇن ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرى چاقىرىلمايدۇ. ئۇلارغا نومۇرلار بېسىلغان بولۇپ، شۇ نومۇرلار ئارقىلىق چاقىرىلىدۇ. ئۇلارنى سوراق قىلىدىغان جاي سىنىپنىڭ يېنىدىكى يەر ئاستى سوراقخانا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەن جازاسى سەۋەبىدىن ۋاقىرىغان ۋە چىقىرىغان ئاۋازلىرى سىنىپقا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى بىنانى زىل-زىلىگە سالىدۇ. ئۇلارنى قىيناشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى بار. ئۇلار توكلۇق كالتەك، توكلۇق دوپپا، توكلۇق پەلەي ۋە توكلۇق تۆمۈر ئورۇندۇق يەنى يولۋاس ئورۇندۇق. سوراقتىن كېيىن تۇتقۇنلار ھەپتىلەپ ھەتتا ئايلاپ دەرسكە چىقالمايدۇ.

2017-يىلى سېنتەبىردىن نويابىرغىچە ئۈرۈمچى تۇگۇڭ رايونىغا جايلاشقان 6 قەۋەتلىك ئاياللار تۈرمىسىگە يۆتكەلدىم. بۇ 6 قەۋەتلىك، بالكونسىز ئاياللار تۈرمىسى بولۇپ، بۇ يەرگە 10 مىڭغا يېقىن قىز-ئاياللار سولانغان بولۇپ، قىز-ئاياللارنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىلگەن. ئۇلار ئۇچىسىغا كۆلرەڭ مەھبۇس كىيىمى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپېلسىن رەڭلىك جىلىتكە كىيگەن بولۇپ، جىلىتكىنىڭ ئۈستىگە نومۇر بېسىلغان. ھەر دۈشەنبە كۈنى بۇ تۇتقۇن قىزلار نامەلۇم دورا ئىچىدۇ. ئۇلارغا ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ ۋە قان ئېلىنىدۇ. بۇ قىز-ئاياللارنىڭ يېشى 18

ياشتىن 40 ياشقىچە بولۇپ، بۇ دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن ئادەتلىرى پۈتۈنلەي توختاپ كەتكەن. ھەتتا بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىڭ سۈتلىرىمۇ توختاپ كەتكەن. بۇ قىز-ئاياللار سوراق جەريانىدا خىتاي ساقچىلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەتتا خىتاي ساقچىلىرى توك كالتەكلەرنى ئاياللارنىڭ مەقئەت يولىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەن جازاسى ۋە قىيناش ئېلىپ بارىدۇ. مەن بۇ خىل تەن جازاسىدىن كېيىن، ئۇدا ئىككى ئاي ئادىتى توختىماي قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىزنىڭ جەسىتىنى ساقچىلارنىڭ زەمبىلدە كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. مەيلى جازا لاگېرى (قايتا تەربىيەلەش) دىكى ياكى سىرتىدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئايال ئۈزۈك سالدۇرۇش ۋە تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ خىتاينىڭ بىردىن بىر سياسىتى. خىتاي قوشماق تۇغقان سياسىتى ئارقىلىق جازا لاگېرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىمۇ دەپسەندە قىلىپ تۇرىدۇ. خىتاي قوشماق تۇغقان ئارقىلىق بەشتە بىللە بولۇش تۈزۈمىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇلار بىللە تاماق ئېتىش، بىللە تاماق يېيىش، بىللە ئۆگىنىش قىلىش، بىللە سەيلە قىلىش ۋە بىللە يېتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىتاي ئەر تۇغقان ھەر ئايدا بىر ھەپتە ئۆيىمىزدە تۇرىدۇ. تاماق ئېتىش، تاماق يېيىش جەريانلىرىدا ئۇيغۇر ئاياللار خىتاي ئەرلىرىنىڭ ناشايان ئىشلىرىغا دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاتا-ئانىسى تۇتقۇن قىلىنغان باللار لاگېرلىرىمۇ تەسىس قىلىندى.

مانا بۇلار بۇندىن 83 يىل بۇرۇنقى دەۋردە ياشىغان ۋىنستون سىمىت بىلەن ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان ۋىنستون سىمتلەرنىڭ سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دۇنيا ئادالىتىگە قىلغان نالىسى. ئەمما دۇنيا بۈگۈنمۇ بۇنداق رەزىللىكلەرنىڭ تاماشىبىنى بولۇپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئۈنۈملۈك تەدبىر ئالالمايۋاتىدۇ.

## خاتىمە

شۇنداق، يازغۇچى جورجى ئورۋېل 1948-يىلى قەلەمگە ئېلىپ، دۇنيادىكى بۇنداق قاراڭغۇ جەمئىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، ئىنسانلار 1984-يىلىغا بارغاندا ناھايىتى بەختلىك، ئەركىن ياشايدۇ دېگەن يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۈمىد بىلەن «1984» دەپ نام قويغان بۇ كىتاب گەرچە تارىختا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ 2016-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنى ئېچىشى بىلەن قانچە مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋىنستون سىمىتلار جازا لاگېرلىرىغا تاشلىنىپ، ۋىنستون سىمىت دۇچ كەلگەن تەن جازالىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر تەن جازالىرىغا دۇچار بولماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن ئائىلە ئەزالىرى، دوستى، تۇغقىنى ۋە خىزمەتدىشىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ كوچىلارغا تۆكۈلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا تاشلانماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى يۈز تونۇش تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىي-ئالىم، يازغۇچى، شائىر، بىلىم ئادەملىرى بىر كېچىدە تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئويغا سالىدىغان «1984» ناملىق بۇ كىتاب، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق تىللارغا ئون نەچچە قېتىملاپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئالقىشقا ئېرىشكەن نادىر ئەسەردۇر. مەن ئوقۇغان تۈركچە «1984» ناملىق بۇ كىتاب 2014-يىلى تۈركىيەدىكى

47-قېتىملىق نەشرى بولۇپ، يېقىندا تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇرچىسىنى تارقاتتى.

شۇنداق، «1984» ناملىق بۇ كىتاب ۋەتەن ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىر بولغىنىغا قارىماي، ۋەتەن سىرتىدا بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى بەرپا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر توپلىمى ئۈچۈنمۇ ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك بىر دەرسلىك.

كىتابتا تىلغا ئېلىنغان «نەپرەت ھەپتىسى» تەشكىللەش، ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت ياغدۇرۇش، توختىماي ئۆز ئىچىدىن دۈشمەن ئىزدەش قاتارلىقلار چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال بولۇپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بىردەم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، بىردەم رابىيە قادىر، بىردەم دولقۇن ئەيسا، بىردەم ئاپتونومىيەچى، بىردەم ئىندىجىنۇس قىلىۋەتتى دېگەندەك نەپرەت دۈشمەنلىرىنى توختىماي ياساپ چىققانغا ئوخشايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېلەچەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جورجى ئورۋېلدەك ئۆلمەس يازغۇچى ۋە «1984» كە ئوخشاش ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

3202-يىلى 3-مارت، تورونتو

# يالغۇزلۇق

مەتنىمىن دوختۇر ئىشلىگەن يالغۇزلۇق ھەققىدىكى پىروگرامىمنى كۆرگەندىن كېيىن خىيالىمدىن كەچكەنلەر ۋە خاتىرەمدىن تاتلاشتۇرغانلىرىم.

ئىنسان بەزى نەرسىلەرنى پەرق ئەتكەنسېرى، بىلگەنسېرى ۋە چوڭقۇرلىغانسېرى يالغۇزلىشىدۇ.

ئىنسان بىر نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلغان ۋە بۇ قىممەت كە ئۆزىنى ئاتىغان ۋاقتىدا ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇ قىممەتلىك دەپ قارىغان نەرسىگە ئۇ كۆتكەن قىممەتنى بەرمىگەندە يالغۇزلىشىدۇ. ئىنسان پەرق ئەتكەنسېرى، تونۇغانسېرى يالغۇزلىشىدۇ. بۇ مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس، بەلكى مەندىن ئىلگىرى ياشىغان پەيلاسوپلارنىڭ سۆزى. ئەمما مەن بۇ سۆزنى تەستىقلىغۇچى.

خۇددى دېڭىز ئاستىغا شۇڭغىغان غەۋۋاس دېڭىزغا قانچە چۆككەنسېرى سۇ يۈزىدىن شۇنچە يىراقلاشقىنىغا ئوخشاش، ئىنسانلارمۇ بىر نەرسىلەرنى چوڭقۇرلىغانچە، چۈشەنچە مۇكەممەللىككە ئېرىشكەنچە چۈشەنمىگەنلەر بىلەن يوللىرىنى ئايرىشقا باشلاپ، يالغۇز تەپەككۇر قىلىش ئارزۇسىغا مۇپتىلا بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار، پەيلاسوپلار. مۇتەپەككۇرلار ئەنە شۇ يالغۇزلۇق ئىچىدىن پارلاپ چىققان ئىدى.

يالغۇزلۇقنىڭ يەنە بىر كۆچلۈك پەلسەپەۋى تەرىپى بار. يالغۇزلۇق بىلەن پىكىر چوڭقۇرلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك بىر باغ بار. تارىختىكى پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز

ئىنسانلار، ئۆز دۇنيا قاراشلىرىنى ئۆز جامائىتى ئارىسىدا قىممەتكە ئېرىشتۈرەلمىگەن ئىنسانلار ئىدى. ئەمما بىز ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەقلىيە سۆزلىرى قاتارىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتىمىز.

يالغۇزلۇق ئەسلىدە بىر كىيسەللىكنىڭ مەنبەسى ئەمەس بەلكى چوڭقۇر بىر پەلسەپەۋى پىكىرلەرنىڭ مەنبەسى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بىز بۈرۈنقى پەيلاسوپلىرىمىزدەك چوڭقۇر بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغۇدەك دەرىجىدە يالغۇز قالالمىدۇق.

يالغۇزلۇق مۇقەددەس بولۇپ، يالغۇز قالىمەن دەپمۇ يالغۇز قالغىلى بولمايدىغان. شۇڭا، «يالغۇزلۇقنى سۆيمىگەن ئەركىنلىكنىمۇ سۆيەلمەيدۇ» دەيدۇ گېرمانىيەلىك يازغۇچى شوپىنھا گىن.

ئاللاھ ھېچبىر پەيغەمبىرى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا سۆزلەشمىگەن. بەلكى ئۇلار يالغۇز قالغاندا چۈشۈرگەن ھەممە ۋەھيىنى.

بارلىق مەشھۇر كىتابلار، بارلىق پىكىر ۋە چۈشەنچە سىستېمىلىرى، ياپ ـ يالغۇز ھالەتتە ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان.

خىياللار، ئارزۇلار ۋە ئارمانلارنىڭ باغلىنىشىدۇر يالغۇزلۇق.

يالغۇزلۇق شۇنداق نەرسىكى، شۇنچە قاينام تاشقىنلىق ئىچىدىمۇ ئۆز ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىدىغان چاغلار، ئەمما يالغۇز قالغاندىمۇ ئۆزىنى لىق ئادەملەر دېڭىزى ئىچىدە ھېس قىلىدىغان چاغلار بولىدۇ.

يالغۇزلۇق روھنىڭ ئاي شارىغا پەقەت بىرىش بىلەتى ئېلىشىغا ئوخشايدۇ. خۇلاسىلىگەندە يالغۇزلۇق «ۋان ۋەي تىكەت تو دە مۇن» دېگەن ناخشىغا بەك ئوخشايدۇ.

يالغۇزلۇق ئىسمى «ئىجاد» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بالىغا

ھامىلىدار بولغان بولىدۇ. بۇنى تەتۈرگە پىرقىراتساق دۇنيادىكى ئىجاد دەپ ئاتىلىدىغان ھەممە نەرسە يالغۇزلۇقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەھرىمىدە يېتىلگەن بولىدۇ.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا جەننەتتىن قوغلانغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالام سىرىلانكىدا، ھەزرىتى ھەۋۋا ئېفىيوپىيەدە يالغۇز قالغانىدى.

دېمەك بۇ يالغۇزلۇق مەلۇم مەنىدە ۋە ياكى تولۇق مەنىدە ئەركىنلىك دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزغا تەتبىقلىساق، نەدىكى يوقىلاڭ ئادەملەرنىڭ يوقىلاڭ ئەرزىمەس پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ مەنىسىز قاينام تاشقىنىدا ياشىغاندىن يالغۇزلۇقنى تاللاش ئەركىنلىكىنى تاللاش دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

# نازۇك كۆڭلۈمگە تاگور پەدىسى نەسىھەت

ھىندىستانلىق شائىر تاگور ئۇيغۇر خەلقىگە، قىسقىسى ماڭا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئاتاقلىق ناخشىچى سەنۇبەر تۇرسۇن ناخشا قىلىپ ئېيتقان «كۆڭۈلگە نەسىھەت» ناملىق شېئىرى بىلەن تونۇشلۇق بولۇپ، قەلب تۆرىمدە ئورۇن ئالغان. مەن بۇ ناخشىنى بەك كۆپ ئاڭلايمەن، ماشىنىدا، ئۆيدە ھەر يەردە ... تاگور مەن ئۈچۈن بىر ئۇيغۇر يازغۇچىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە مېنىڭمۇ تاگور پەدىسىدە كۆڭلۈمگە نەسىھەت قىلىپ باققۇم كەلدى. ئەلۋەتتە كۆڭلۈمگىمۇ بىر نەسىھەت قىلىپ قويىدىغان پەيتى كېلىپ قالغان ئىدى.

تاگور ئۆز كۆڭلىگە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

*بەلكىم تاشلار بىر كۈنى،*<br>
*سەن ياقتۇرغان كىشىلەر سېنى.*<br>
*لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى،*<br>
*زىنھار- زىنھار ئېغىر ئالمىغىن.*

*بەلكىم بولۇر قاراڭغۇ،*<br>
*سەن بارغىچە ئۆيۈڭگە.*<br>
*ئۆز قولۇڭ بىلەن چىراغ،*<br>
*چىراغ ياقماق ئارزۇيۇڭ.*<br>
*ئايلىنار بىر كۆپۈككە،*<br>
*لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى*<br>
*زىنھار- زىنھار ئېغىر ئالمىغىن.*

*سەن چاڭغاندا ئىبسىل كۈي،*
*ئوراپ ئالسا قۇشلار سېنى.*
*ئەتراپىڭدا ئادەملەر*
*تەسىرلەنمەي تۇرار قارىشىپ.*
*لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى،*
*زىنھار-زىنھار ئىبغىر ئالمىغىن.*

شۇنداق قىلىپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە تاگۇر پەدىسى نەسىھەت قىلغۇم كەلدى ۋە مۇنداق نەسىھەت قىلىشقا باشلىدىم:

«ئارقام» دېگەن بىر نەرسىنى ھاياتىڭدىن چىقار كۆڭلۈم. ئۆزەڭ بول، ئارقامدىن ياخشى گېپىمنى قىلماي قالامدىكىن ياكى كىشىلەر مېنى چۈشىنىپ بىلەن ساۋاپ كېتەمدىكىن دېگەن ئەندىشىلەر بىلەن ئۆزۈڭ توغرا دەپ بىلگەن نەرسىلەرنى يېزىشتىن توختاپ قالما كۆڭلۈم.

ئارقاڭدىن غەيۋەت دۆۋىلىرى تاغ بولۇپ دۆۋىلەنگەندە، ئالدىڭغا قاراپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئال ياكى كۈلۈمسىرە كۆڭلۈم. چۈنكى ئارقاڭدا شۇنچە نۇرغۇن كىشى بولغىنىغا قارىغاندا ئالدىدا كېتىۋېتىپسەن.

ئارقاڭدىن غەيۋەت قىلىۋاتقانلارغا ياكى ئالدىڭدا كۈلۈمسىرەپ ئارقاڭدىن پىچاق ئۇرۇۋاتقانلارغا ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قارىما كۆڭلۈم. چۈنكى ئۇلار ھالاكەت يولىدا كېتىۋاتقانلاردۇر. ئاللاھ لۇت، سەمۇد ۋە ئاد قوۋملىرىنى ھالاك قىلغاندا، ھالاك بولغۇسى شەھەردىن پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ چىقىپ كېتىدىغان ياخشى كىشىلەرگە ئارقىلىرىغا قارىماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى.

بىر كۈن كېلىپ، سەن يول ئىچىپ بەرگەن، سەن ئارغامچا تاشلاپ بەرگەن، سەن قول ئۇزاتقان، سەن قىممەت بەرگەن،

سەن ئىشەنگەن تاغلاردا كېيىك ياتماس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆزۈڭنى يېرىم قىلما كۆڭلۈم. ئاللاھ ھېچنەرسىنى سەن بىلەن بىكارغا ئۇچراشتۇرمايدۇ. تېخمۇ كۈچلۈك بولۇپ بۆركۈتتەك قايتا تۇغۇلىدىغان ۋاقتىڭنىڭ تولغاقلىق كۈنلىرى دەپ چۈشەن بۇنى كۆڭلۈم.

بەلكىم ئۇلارغا سېنىڭ قەلەملىرىڭنىڭ ۋەزنى تېتىمىغان بىر كۈنى، سېنى ئۆزلىرى ئاللاھنىڭ ئۆيى دەۋالغان بىر يەرگە توپلىشىپ گەپ توقمىقى بىلەن دۇمبالىشى مۇمكىن. بەلكىم بۇ پەرىشتىلەر يەر يۈزىگە چۈشكەن، سەن بولساڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋاتقان دۇئالار قوبۇل بولۇشقا يۈزلەنگەن بىر تۈن نىسىبىغا توغرا كېلىشى ۋە ياكى سەن راھەت ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان، ئاللاھ قەسەملىرىدە كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان سەھەر مەزگىلىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. پەرىشان بولما كۆڭلۈم، چۈنكى پەرىشتىلەر ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئەستەغپۇرۇللاھ... مۇشۇنداق مىنىڭگىت، مېڭىسى ياڭاقتەك، يىگىلەپ قالغان كىشىلەر بىلەن يەنە بىر داستىخاندا تاماق يەپ قالدىمۇ؟ يەنە مۇشۇنداق ئەرزىمەس پىكىر-چۈشەنچىلەر ئۈچۈن ۋاقتىمنى، زېھنىمنى سەرپ قىلدىمۇ؟ دەپ ۋايىسما كۆڭلۈم. ھەر بىر ئۇچرىشىش تاسادىپىي بولمايدۇ، سەبىر قىل كۆڭلۈم. سەلبىي ئىبارىلەردىن قاچقىن كۆڭلۈم. چۈنكى سەن ئىمتىھانلارنىڭ ئەڭ ئېغىرىغا قاراپ كېتىۋاتىسەن.

دوڭپاڭلى كۆينەكنى تەڭ كىيىپ، ئۆستەڭ سۈيىدە تەڭ يۇيۇپ، تەڭ قۇرۇتقان ئاشۇ دوستۇڭنىڭ ۋەتەنگە بارىدىغان يېشىل چىرىغى يېقىلىپ، سەن تېخىچە قىزىل چىراغدا توختاپ قالغان بولساڭ قايغۇرما كۆڭلۈم. دېمەككى، ئۇ يېشىل چىراغنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم بىر قاباھەتلىك سۈلھى-سالا ۋە ياكى تىلى

تۇتۇلۇپ قېلىش بار. سەن ئاتا-بوۋاڭدىن مىراس قالغان «ۋادەرىخا ئوقنى تەگكۈزدۇق چالا، ھەممىدىن يامان ئىككەن سۆلھى-سالا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ چوڭ بولمىغان ئىدىڭمۇ؟

قورساق كۆپۈكلىرىڭنى، سىرلىرىڭنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىڭنى دېڭىزلارغا، دەريا، ئۆستەڭلەرگە، شىلدىرلاپ ئاققان ئېرىق سۇلىرىغا، تاغلارغا، گۈللەرگە... قىسقىسى تەبىئەتكە تۆككىن كۆڭلۈم، چۈنكى ئادەملەر ئىشەنچسىز. تەبىئەت سېنىڭ ئوق قولۇڭدىن پىغانلىرىڭنى ئېلىۋېلىپ ئۆشنەڭگە ناھايىتى نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەرنى ئارتىپ قويىدۇ، راھەتلەپ قالىسەن. يەنە تېخى نۇرغۇن دەرسلەر ئالىسەن تەبىئەتتىن. تەبىئەت ئەسلىدە يېزىپ پۈتۈلمىگەن قۇرئاندۇر.

ئەي كۆڭلۈم! نورمال، ياخشى نىيەتلىك بول. بۇنچىلىك دەرىجىدە ياخشى نىيەتلىك بولما! چۈنكى ئەڭ يېقىن دەپ بىلگەن كىشىڭمۇ ۋاپاسىز چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

يېرىم ساراڭ ياكى يېرىم ئەقىللىق ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىگە، سورۇنلىرىغا بارما كۆڭلۈم. چۈنكى ئۇلار سېنى ساراڭغا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ۋاقتىڭنى خاتا كىشىلەرنى دوست دەپ بىلىش بىلەن ئۆتكۈزمە كۆڭلۈم. ئەڭ چوڭ خەتەر يېرىم ساراڭلار بىلەن يېرىم ئەقىللىقلەر ئارىسىدا قېلىش.

بىر دۆۋە يالغانچىلىق ئارىسىدا قالغانلىقىڭنى جەزملەشتۈرگىنىڭدە، نەپەس ئالالماي بوغۇلما كۆڭلۈم، بەلكى چوڭقۇر-چوڭقۇر نەپەس ئال. چۈنكى شۇ مىنۇتتىن باشلاپ سەن دېلىغۇل بولۇش دېگەن ئىبارە بىلەن خوشلىشىسەن.

9 مېتىرلىق ئېسىل خان ئەتلىسىڭ بار، خوتەن ئەتلەسچىلىرى

ئۆز قولى بىلەن توقۇغان. ئۇنى كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ بويىنغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ساندۇقنىڭ ئەڭ تېگىدە ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتىسەن. بەلكىم بىر كۈن كېلىپ سەن دەل ئۇنىڭ بويىنغا ئاشۇ ئەتلەسنى سېلىۋاتقان ۋاقتىڭدا، ئۇ سەن «ئەرۋاھ!» دېگەنچە ياقاڭغا ئېسىلىشى مۇمكىن.

يېرىم بولما كۆڭلۈم، سەن بۇ منۇتلاردا جىق نەرسىلەرنى پەرق ئېتىۋالغان بولىسەن.

# قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمىھالى

قولىڭىزدىكى «قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق بۇ ماقالە ئەسلىدە ئۇيغۇر پروجېكت فونىدى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە 2023» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا لېكسىيە قىلىپ سۆزلەنگەن ئىدى. ماقالىنى رويابقا چىقارغان ۋە ئىزچىل ھالدا مېنى قىرغىنچىلىقنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشكە سۆرەپ كىرگەن ئاساسلىق سوئال «ئەگەر دىنىمىزدا زورلاش يوق بولسا نېمە ئۈچۈن 10-ئەسىردىن 11-ئەسىرگىچە بولغان بۇ يۈز يىللىق تارىخىمىزدا خوتەن ۋە قەشقەر دەرۋازىلىرى ئالدىدا شۇنچە قانلار بىر دىندىن چىقىرىپ يەنە بىر دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاقتى؟» دېگەن سوئال ئىدى. تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش جەريانىدىكى قان تۆكۈلۈشلەر بۈنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىدى. تارىخنىڭ يەنە تەكرارلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟ ئەگەر مۇستەقىللىقىمىزنى قولىمىزغا ئېلىش نېسىپ بولغان كېلەچەكتە بىز يەنە دىنىي مەسىلىلەر سەۋەبىدىن بىر-بىرىمىز بىلەن كاپىر-مۇسۇلمان ئۇيغۇر توقۇنۇشىغا كىرىپ قالارمىزمۇ؟ دېگەن ئەندىشە مېنى بۇ تېما ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلاپ كىردى. بىز ئۇيغۇرلار خۇددى دۇنيا خەلقلىرىگە ئوخشاشلا مەلۇم بىر تارىخنىڭ ئىچىدىن كەلگەنمىز ۋە بىزنى شۇ تارىخلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ تارىخقا بولغان قارىشىمىز ئەگەر ئانتىسال (يادىكارلىق) ياكى ئانتىكاچى (قەدىمكى بىر ئەسەر) چۈشەنچىسى ئىچىدە بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بۇ تارىخ بۈگۈن ئۈچۈن تەجرىبە-ساۋاق بولۇشتەك رولى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقۇتۇپ، ئۆزى تەۋە بۇ مىللەتنىڭ چىرىپ كېتىشىگە، زاۋال

تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇر تارىخى ئۇيغۇر ئايالىلىرى ئاۋايلاپ تىزىپ قويىدىغان خىرۇستال قاچا-قومۇچ ئىشكاپى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. تارىخ ھەم يېزىلىشى، ھەم سوراقلىنىشى، ھەم رەھىمسىزلەرچە يۇزلىشىش كېرەك بولغان مۇھىم نۇقتىدۇر. كانادا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مائارىپ سىستېمىسىغا ئىگە بىر دۆلەت بولۇپ، دۇنيادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى رەت تەرتىپكە تىزغاندا، كانادادىكى 9 ئۇنىۋېرسىتېت بۇ تىزىملىكنىڭ ئىچىدىن يەر ئالىدۇ. ئۇنداقتا كانادا مائارىپىنىڭ بۇنداق ئىلغار بولۇشىدىكى ئاساسى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەب، كانادانىڭ (Critical thingking)، يەنى تۈركچە ئەلەشتىرەل دۈشۈنچە، ئۇيغۇرچە تەنقىدىي تەپەككۇر، قوچۇش، سورۇش ياكى قورۇش ۋە ياكى مۇنازىرە-مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت مۇكەممەل سىستېمىسىنىڭ بولغانلىقى. ئۇيغۇر خەلقىدە «سۇيۇقئاش قانچە جىق سورۇلسا، پولۇ قانچە جىق قورۇلسا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆز بار بولۇپ، تارىخمۇ خۇددى پولۇ ۋە سۇيۇقئاشتەك قانچە جىق سورۇلسا ۋە قانچە كۆپ قورۇلسا بۇگۇن ئۇچۇن شۇنچە كۆپ پايدىلانغىلى ۋە ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. پەيلاسوپ سوقرات «ئۆزىنى سوراققا تارتمىغان مىللەت مەۋجۇت بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ» دەيدۇ. شۇنداق ئۆزىنى سوراققا تارتىش ئۆزى تەۋە بولغان تارىختىن باشلىنىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەت بولۇش، ۋەتەن قۇرالايدىغان مىللەت بولۇش يوللىرى ئەلۋەتتە ئۆز تارىخىنى سوراققا تارتىشتىن بېسىپ ئۆتىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئىككى نەرسىنى سوراققا تارتىش باسقۇچىدا بولۇپ، بۇنىڭ بىرى خىتاينى سوراققا تارتىش، يەنە بىرى ئۆز تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز-ئۆزىنى سوراققا تارتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاينى سوراققا تارتىش ئەڭ روشەن سوراققا تارتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ئۆز-ئۆزىنى سوراققا تارتىشنى

ئىككىلەمچى ئورۇنغا قويۇپ قويۇۋاتىدۇ ۋە ياكى ئۆز-ئۆزىنى، ئۆز تارىخىنى سوراقتا تارتقان، ئۆز تارىخى بىلەن رەھىمسىزلەرچە يۈزلەشكەن تېمىلار خۇددى ئارامسىز ۋە بىرلىكىمىزنى بۇزۇپ قويغان مەسىلىدەك سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتىدۇ. شۇنىڭغا چەكسىز ئۈمىد بىلەن قارايمەنكى، خىتاي يېقىن كەلگۈسىدە يىمىرىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتاينى سوراقتا تارتىش دېگەن تېما كۆنتەرتىپتىن چۈشۈپ قالىدۇ ۋە بىز ئۇيغۇرلار ئۆز-ئۆزىمىزنى سوراقتا تارتىش بىلەن مەشغۇل بولىمىز.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەلتەنتى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان 10-ئەسىردىن 11-ئەسىرگىچە بولغان بۇ يۈز يىللىق تارىخىمىز، ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلىرىدىن مەخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەر ئىدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن بۇ بىر ئەسىرلىك تارىخ ئەلەشتىرىلەلمەز، يەنى مۇنازىرە قىلغىلى بولمايدىغان «خىرۇستاللار ئىشكاپى» بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئاپتورنىڭ «قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق ماقالىسى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ 10-ئەسىردىن ھازىرغىچە بولغان ئون ئەسىرلىك تارىخىنىڭ قىرغىنچىلىق قىسمىنى، يەنى ئۆز-ئۆزىمىزنى (دىنىي سەۋەبلەر ئارقىلىق)، تاجاۋۇزچىلارنىڭ، يەرلىك خاقانلارنىڭ، مىلتارىستلارنىڭ ۋە خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان سۆيگۈ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ سەمەرىسى. بۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر تېمىغا باشقىچە قاراش ۋە باشقىچە تەبىر بېرىشكە تىرىشىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

«قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمھالى» ناملىق بۇ تېما، مەزكۇر

ماقالىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، خۇددى بامبۇكتەك 5 يىل سۇ قۇيىسمۇ يەر يۈزىگە ئۈنۈپ چىقماي، ئەكسىچە يەر قاتلاملىرىدا خۇددى بىر پۇتبول مەيدانى چوڭلۇقىدا يىلتىزىنى كېڭەيتىدىغان تېما بولۇپ، مەن پەقەت «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە 2023» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن مۇشۇنچىلىك قەلەمگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆز تارىخىنىڭ سەلتەنەتىگە چىلىنىپ ياشاش بىلەن بىرلىكتە، ئۆز تارىخىنىڭ قاراڭغۇ ۋە سوئاللار بىلەن تولغان تەرەپلىرى بىلەنمۇ يۈزلىشىش، ئىلغار مىللەت بولۇش، ۋەتەن قۇرالايدىغان مىللەت بولۇش يولىدا بېسىلىدىغان مۇھىم قەدەمدۇر. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى؟ بۇ بىز ئويلىنىشقا، ئويلىنىش ئىچىدە ئۆز-ئۆزىمىزنى سوراققا تارتىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىدۇر.

**مۇقەددىمە**

ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرجىمھالى بولىدۇ. مەسىلەن، يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ، كائىناتنىڭ، تاغلارنىڭ، دەرەخلەرنىڭ، بامبۇكنىڭ... ئىنسانلارنىڭ تەرجىمھاللىرى، ھايات تەزكىرىلىرى ئۆز-ئارا بىرىكىپ بىر تارىخنى، بىر مىللەتنىڭ تەرجىمھالىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىز بىر ئىشقا ئىلتىماس قىلغان ۋاقتىمىزدا، قارشى تەرەپ بىزدىن تەرجىمھالىمىزنى سورايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت بىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، نېمىلەرنى قىلالايدىغان ۋە نېمىلەرنى قىلالمايدىغانلىقىمىزنى، قانداق تەجرىبە ۋە ساۋاقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەرجىمھالىنى ياخشى بىلگەن ۋاقتىمىزدا، شۇ نەرسىگە بولغان چۈشەنچىمىز ئاشىدۇ. خاتالىقلار ۋە تەجرىبە

ساۋاقلارنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز. ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلگەن ۋاقتىمىزدا، شۇ نەرسىنى ياخشى تەتقىق قىلالايمىز، كېلىپ چىقىش مەنبەسى، زىيىنى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە ئەقلى يەكۈن چىقىرىپ،ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئالالايمىز.

مەسىلەن بامبۇكنى ئالايلى، بامبۇك كۆچىتىنى تىككەندىن كېيىن ئۇدا بەش يىل تېرىكمەي ۋە زېرىكمەي ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز بامبۇك كۆچىتىگە سۇ قۇيۇشنى توختىتىپ قويساق، ئۇ ھالدا بىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بامبۇك دەرىخىگە ئېرىشەلمەيمىز. سۇ قۇيۇش داۋاملىشىپ بەش يىل بولغان بىر كۈنى بامبۇك دەرىخى يەر يۈزىگە بىخ سۈرۈپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنداقتا بۇ بەش يىل جەريانىدا بامبۇك يەر ئاستىدا زادى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇ بەش يىل جەريانىدا بامبۇك ئۆزىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بۇ جەرياندا بامبۇك يىلتىزى يەر قاتلاملىرىدا كېڭىيىپ، چوڭ بىر پۇتبول مەيدانىچىلىك يەرنى قاپلىغاندىن كېيىن، ئاندىن يەر يۈزىگە چىقىشقا باشلايدۇ. دېمەككى، بامبۇك بەش يىلغا سوزۇلغان ئىچكى تاكامۇللىشىشتىن ئىبارەت قىيىن ۋە مۇكەممەل جەرياننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يەر قاتلاملىرىنىڭ ئۈستىگە قاراپ بىخ سۈرۈشكە باشلايدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى پولاتتىنمۇ كۈچلۈك بولغان، سۈپەت جەھەتتە تەڭداشسىز بامبۇك مەھسۇلاتلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرنى ئىنسانىيەتكە سوغا قىلىۋاتقان بامبۇكنىڭ تەرجىمىھالى.

ئەلۋەتتە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق تارىخىنىڭمۇ بىر تەرجىمىھالى بار. بىز بۇ تەرجىمىھالنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ۋەتەن قۇرۇش جەريانىدا قىرغىنچىلىق تارىخىنىڭ

قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز، بولۇپمۇ دۈشمەنلىرىمىز تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.

2016-يىلدىن ئېتىبارەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىپ، تارىخ بەتلىرىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاش مەقسىتىدە، «دۇنيا قايتا تەكرارلانمايدۇ» دەپ قارىغان، گىتلېرنىڭ يەھۇدىي جازا لاگېرلىرى، ئىستالىننىڭ گۇلاگ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، ئۈچ مىليوندىن بەش مىليونغىچە ئۇيغۇرنى بۇ جازا لاگېرلىرىغا تاشلىدى. گەرچە بۇ خىتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر، ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۇنجى قىرغىنچىلىق ئەمەس.

ئەگەر بىز ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تەرجىمھالىنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، 01-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان بۇ مىڭ يىللىق يەنى 10 ئەسىرلىك ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسىدىن ياخشى يەكۈن چىقىرالايمىز. ئۇيغۇرلار بۇ مىڭ يىللىق تارىخىدا يەقەتلا خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان مىللەت ئەمەس. قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمھالى بىزگە، 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان بىر ئەسىر جەريانىدا، ئىسلام دىنىنى بىردىن بىر مۇتلەق مىللەت دىنى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان دىنىي كۈرەشلىرىمىزدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇر ۋە كاپىر ئۇيغۇر دېگەن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۆز-ئۆزىگە قانداق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ مىڭ يىللىق، يەنى 10 ئەسىرلىك تارىخىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىرغىنچىلىقلارنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى قوغداش قىرغىنچىلىقى، تاشقى كۈچلەر ۋە ئىستىبلاچىلار ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلار، ئاپئاق خوجا ۋە ياقۇپ بەگ قىرغىنچىلىقلىرى، مىلتارىست خىتايلار يەنى ياڭزىڭشىن، جىنشۇرېن، شىڭشىسەي، ماجوڭيىڭ قاتارلىق مىلتارىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قىرغىنچىلىقلىرى، 1949-يىلىدىن كېيىن يەنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئۆلچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، ماي ۋەقەسى، بارېن، 5-فېۋرال، 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقلىرى. ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈن بىز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ مىڭ يىللىق تەرجىمھالى كۆزدىن كەچۈرۈلىدۇ. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى قايتا قۇرغاندىن كېيىن پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان دىنىي چۈشەنچە، پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ بىزنى تارىختىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرگە قايتا سۆرەپ ئاپارماسلىقى، قىرغىنچىلىق تارىخىمىزنى دۈشمەننىڭ قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قولىمىز بىلەن قايتا تەكرارلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تەرجىمھالىنى ياخشى بىلىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇ تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىشىمىز لازىم. بىز ھامان بىر كۈنى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاننى قۇرۇپ چىقىمىز، بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز ۋە ئىمانىمىز كامىل. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەۋە مۇستەقىل مىللىي ئارمىيەمىزمۇ، ھەربىي كۈچ، قورال-ياراقلىرىمىزمۇ بولىدۇ. ئەمما بىز تارىختىكى ئۆز-ئۆزىمىزنى قىرغان ئاچچىق قىرغىنچىلىق تەرجىمھالىمىزدىن تەجرىبە-

ساۋاق ئالمىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ قورال - ياراقلىرىمىزنىڭ تىغ ئۇچى دۈشمەنگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزگە قارىتىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر، قىرغىنچىلىق، شەرقىي تۈركىستان.

**قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقى ھەممە دىنلار بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، يىپەك يولىنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزى ئىدى**

ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ئالىملىرى كۆك تەڭرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن دىنىي ئەقىدىلىرى باشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ، تارىختا ئىككى نەرسىنى، يەنى دىن ۋە يېزىقنى كۆپ ئالماشتۇرغان مىللەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار تاكى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 16 ياشلىق پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرگەنگە قەدەر ئارى، سامت، زەردۇشت، مانى، بۇددا ، خىرىستىيان دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىمۇ ئانچە ئوڭايغا توختىمىغان. مەخمۇت قەشقىرى تۈركىي تىللار دىۋانى ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى «ئەڭ جاھىل كاپىرلار» دەپ تىلغا ئالغان.

ئەينى چاغدا قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقىغا ساياھەتكە كەلگەن خىتاي ساياھەتچى ۋاڭيەندى بەش بالىق شەھىرىنىڭ گۈزەللىكى، خەلقىنىڭ باياشاتلىقى، مەدەنىي ياشاش سەۋىيەسىدىن ھەيران قېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شەھەر ئاھالىلىرى باشقىلارنى چۈشىنىدىغان، راستچىل ۋە سەممىي كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس بۇيۇملار بولۇپمۇ قاچا ۋە ساپال بۇيۇملارنى ياساشقا ماھىر ئىدى. قاش تېشىدىن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ياساشنى ياخشى بىلەتتى. ياخشى بىر ئاتنىڭ باھاسى 12.5مېتىر

يىپەك، ئوتتۇراھال بىر ئاتنىڭ باھاسى ئۈچ مېتىر يىپەككە توغرا كېلەتتى. غەلىتە ئىدى. ئەمما بۇ تۇپراقلاردا نامرات ئادەم يوق ئىدى. ئەڭ نامرات كىشىلەرمۇ گۆش بىلەن غىزالىناتتى» دەپ يازىدۇ. دېمەككى، مىڭ يىللار مۇقەددەم ئۇيغۇرلار ئارى، سامى، مانى، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنى قاتارلىق ئوخشىمىغان دىنلار ئۆز-ئارا ئورتاق بىر زېمىندا خاتىرجەم، بەختەر ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت، گۈللىنىش ئىچىدە ياشايدىغان گۈللەنگەن بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىققانلىقى ئىدى.

### ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى

10-ئەسىردىن 11-ئەسىرگىچە بولغان بۇ بىر ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولۇش بىلەن بىرگە، بىزگە يەنە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تارىخى تەجرىبە-ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ئەسىر بولۇپ، بۇ بىر ئەسىرلىك، يەنى يۈز يىللىق تارىخىمىزدا بىزنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى ئىسلام دىنىنى تەڭداشسىز دىن، ئاللاھنىڭ دىنى قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر بىلەن كاپىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى قىرىش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ دەۋرلەردىكى پادىشاھلىقلار بىر تەرەپتىن ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلىپ، ئۆزلىرى بېسىۋالغان تۇپراقلاردىكى مۇستەملىكە ياكى بېسىۋېلىنىشقا قارشى تۇرغان خەلقلەرنى قىرىش، يەنە بىرى ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا كىرمىگەن ياكى كىرىشنى خالىمىغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرەتتى. ئەلۋەتتە تارىخنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن بىر قىممىتى بولمىسىمۇ، ئەمما تەجرىبە-ساۋاقلاردىن دەرس ئېلىش

تارىخنىڭ يەنە قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش تارىخى، 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان بولۇپ، 1988-يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزۈپ چىققان بۇغراخانلار تەزكىرىسى ناملىق قىسسىدە، ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىدىن يوشۇرۇن ھالەتتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ، مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلغان كاپىر ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان  بىر كۈنلۈك جەڭدە 500 نەپەر كاپىر ئۇيغۇرنى قەتل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا تەزكىرىدە يەنە، 12 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىغا كېڭەيگەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىر كېچىدە ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان دادىسى ۋە تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دادىسى ھارۇن بۇغرا خاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغانلىقى، ھارۇن بۇغرا خان ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغاندا ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى، پەقەت ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا، 16 ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا «غازى» لىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇغراخانلار تەزكىرىسىدە يەنە بايان قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان  مىلادى 972-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەردە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بارغان. بۇغراخانلار تەزكىرىسىدە، خوتەندىكى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغان كاپىر ئۇيغۇرلارنىڭ چوقتى رەشىت،

نوكتىي رەشىت، چاكالۇ، ھەلھالۇ ماچىن قاتارلىق بۇ 4 نەپەر سەركەردىسىنىڭ 130 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن، قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالغانلىقى، بۇ مۇھاسىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەھەتچىلىك ئەۋج ئالغانلىقى، ھەسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، ئەلى ئارسلانخانلارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن، كاپىر ئۇيغۇرلارغا قارشى جەڭگە ئۆتۈپ، بىر كۈنلۈك جەڭدە 500 كاپىر ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرگەنلىكى، خوتەنلىك كاپىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ يېڭىسارغا چېكىنگەنلىكى، ھەسەن بۇغراخاننىڭ كاپىر ئۇيغۇرلارنى قوغلاش ئۈچۈن جىيەنى ئەلى ئارسلانخانغا 90 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ۋە بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇشتا كاپىر ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقى، ئەلى ئارسلانخاننىڭ كاپىر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ناملىق تەزكىرىدىمۇ، ماۋارائۇننەھر بويىدىن كەلگەن 4 ئىمامنىڭ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ھەسەن بۇغراخان ۋە شۇ دەۋردىكى ھەربىي قوماندان يۈسۈپ قادىرخانلار بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام دىنىنى خوتەنگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تەزكىرىدە شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىماملاردىن ئىمام نەسىردىن، ئىمام مۇئىددىن، ئىمام زەھرىددىن، ئىمام قاۋامىددىنلەر 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن خوتەننى ئىسلام دىنى شەھىرى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ.

تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە، ھەربىي قوماندان يۈسۈپ قادىرخان

قەشقەر خەلقىگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «بىزگە تۆت ئىمام بۇيرۇق قىلدى. سىزلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشىڭىزلەر كېرەك. ئەگەر ئىسلام دىنىغا كىرمىسىڭىزلەر جاھىللىق بىلەن ئۆز-ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغان بولىسىزلەر، قانلىرىڭىز ئېرىقتىكى سۇدەك ئاقتۇرۇلۇپ، باشلىرىڭىز ساي تېشىدەك كېسىپ تاشلىنىدۇ. مال-مۈلۈكلىرىڭىزلەرنى ۋەيران قىلىسىزلەر.»

بۇ مەكتۇپ ۋە خىتابتىن كېيىن قەشقەر خەلقى ياۋاشلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەردە چوڭ قان تۆكۈلۈش بولمايدۇ، ئەمما خوتەن خەلقى، يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان خوتەن خەلقى قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ناملىق تەزكىرىدە «بۇ مۇسۇلمان-كاپىر ئۇرۇشىدا، دادىنىڭ بالىغا، بالىنىڭ دادىغا قارىغۇدەك ھالى قالمىدى. قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى.» دەپ يازىدۇ مۇئەللىپ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە كېڭەيتىش كۈرىشى جەريانىدا، مانى، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردىكى توقۇلغان شېئىرى، قوشاقلارنى ئاشۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان پاكىت سۈپىتىدە مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرىتىمىز. ئەينى تارىختا مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار «تات»، يەنى يات دەپ ئاتالغان بولۇپ، قاراخانىي ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ ياتلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭلىرى تۆۋەندىكىدەك شېئىرى، قوشاقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

| چاغاتاچ ئۇيغۇرچىسى | تۈركىيە تۈركچىسى |
|---|---|
| Keldi manga tat, | Geldi bana gavur bir tat, |
| Aydim emdi yat. | Hemen vurdum öldürdüm. |
| Kashka bolup et, | Parçaladim onun etin, |
| Seni tiller us böri. | Kurda kuşa yem kildim. |

ئۇيغۇرچە يەشمىسى:

*كەلدى ماڭا غەيرىي بىر يات،*
*شۇ زامان ئۇردۇم ئۆلتۈردۈم.*
*پارچىلىدىم تېنىنى،*
*بۆرە، قۇشقا يەم قىلدىم.*

| چاغاتاچ ئۇيغۇرچىسى | تۈركىيە تۈركچىسى |
|---|---|
| Anin isin keçürdüm, | onun işini bittirdi, |
| Isin yeme kaçirdim. | Arkadaş ini kaçirdim. |
| Ölüm otini içürdüm, | Ölüm otini(serbet) içirdim, |
| Içti bolup yüz tori. | Tiksinerek içti ya. |
| | |
| Körüp neçük kaçmadin, | Görünce beni niye kaçmadin? |
| Yamar suyun keçmedün? | Yamar suyun geçmedin. |
| Tavarini saçmadin, | Malin verip başin niye seçmedin? |
| Tisün seni ar böri. | Artik yesin seni sirtlanlar. |
| | |
| Beçkem urup atlaka, | Atlars gem vurdu ya, |
| Uygurdaki tatlaka. | Uygurlari sürdük ya. |
| Ugri yavuz itlaka. | O itlere erdik ya, |
| Kuşlar gibi uçtumuz. | Kuşlar gibi uçtuk biz. |

قاراخانىيلار سۇلتانى ئالىپ تېكىن غازىنىڭ ئەينى تارىختا مىڭلاق دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى غۇلجىغا كېلىپ، ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىش جەريانىدىكى كۆرەشلىرىنى مەخمۇت قەشقىرى مانا مۇنداق شېئىرى، قوشاقلار بىلەن تارىخ بەتلىرىگە قالدۇرىدۇ:

| چاغاتاچ تۈركچىسى | تۈركىيە تۈركچىسى |
| --- | --- |
| Kelengizleyü aklimiz, | Seller gibi aktik biz, |
| Kentler üze çiktimiz. | Sehirlere daldik biz. |
| Feren evin yiktimiz, | Put evini yiktikta, |
| Burkan üze siçtimiz. | Burkan üstüne siçtik biz. |

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆيلىرىدە بۇت بولغان غۇلجىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى مىڭلاقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە قىلغان ھۇجۇملىرىنى مۇنداق قوشاقلار بىلەن ئىپادىلىگەن:

| چاغاتاچ تۈركچىسى | تۈركىيە تۈركچىسى |
| --- | --- |
| Kemi içte oldurup, | Gemi içne geçtik biz, |
| ila suyun keçtimuz, | Ili suyun geçtik biz. |
| uygur taba baslanip, | Uygurlara vardikta, |
| minglak ilin açtimiz. | Minglak ilin açtik biz. |
| | |
| Ağdi kizil bayrak, | yükseldi al bayrak, |
| Toğdi kara toprak, | Göklere ağdi kara toprak. |
| Yetşü kelip uğrak, | Bize koştu geldi uğrak, |
| Tokşip anin keçtimiz. | Vuruşarak geçtik biz. |
| | |
| Basmıl susin komitti, | O, Basmıl askerlerini coşturdu |
| Barca kelip yumutti, | Hepsini bir araya koşturdu, |

Arslan Baba emitti, Arslan babaya erdiler,
Korkup başı tezginür. Korkub başın eğdiler.

Budraç yine kudurdu, Budraç yine kudurdu,
Alpagutun azırdı, Yiğitlerin dağıldı,
Susın yan kadirdi, Askerlerin döndürdü,
Kelgelimet irkeşür»115. Geldi onlar toplandı.


بىز مەخمۇت قەشقەرىنىڭ تۈركىي تىللار دىۋانىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇر جەڭچىسىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرنى قانداق رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى شېئىرى، قوشاقلارنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.

**«قۇتادغۇبىلىك» دىكى دىنىي قىرغىنچىلىق چۈشەنچىلىرى**

ئەپسۇسكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باشقا دىندىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان چۈشەنچىسى، مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدىكى دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق دىداكتىك ئەسىرىدە، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تاشلاش، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، قىز-ئاياللىرىنى قۇل دېدەك قىلىش ھەققىدىكى مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئۆرنەك «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تۈركچە نۇسخىسىدىن بىر ئۆرنەك بولۇپ، بۇ ئۆرنەكتە «مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، يەر-زېمىنلىرىنى بۇلاپ مەسچىت قىل، ئۇلاردىن بۇلغان بايلىق بىلەن خەزىنە قۇر!» دېگەن جۈملىلەر شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەن.

"Asker ve ordu silahını kâfir (Uygurlara) çevir
Zira kâfirlerle dövüşürken ölmek ölüm bile değildir
Kafirlerin evini barkım yak, Burkanım viran eyle,
Yerine cami yap, etrafına İslâm cemaatı toplansın،
Onların Oğul ve kızlarını câriye et, Oradan aldığın
servetle hazine kur،
(Sonrada) İslâmî fetihler yap, şeriati yay,
Böylece seçkin şahsiyet olur ve iyi nam kazanırsın"،

تۆۋەندىكى قۇرلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 634-بەتتىكى قۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىدىكى تۈركچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.


5485 كاپىرچۇن خادىم تۇت ۋە لەشكەر، تۇلۇم،
بۇ جەڭدە ئۆلسە گەر، ئۇ بولماس ئۆلۈم.

5486 ئۆيى - مۈلكى كۆيدۈر، بۇتىنى يىقىت،
ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرغىن جامە - مەسجىد.

5487 ئەسىر ئال ئوغۇل - قىزنى، قىلىپ قۇل - دېدەك،
ئېلىپ ئولجىلار خەزنە قۇرماق كېرەك.

5488 ئېچىپ ئىسلامنى سەن، شەرىئەتنى ياي.
بولۇپ ياخشى ئۆزۈڭ، نامىڭ تارىغاي.

5489 مۇسۇلمانغا تەگمە، ئۇزاتما ئىلىك،
ئاڭا ھەق دەۋاگەر ئېرۇر، ئەي ئېلىك.

5490 مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەندۇر قاياش،
قاياشقا توقۇنما، داۋام ياخشىلاش.

5491 قانۇن تۈز خەلققە، ھۇزۇر ئەيلىسۇن،

## قاراخانىيلار سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى قارا خىتاي (مىلادى 1134- 1211-يىللىرى) لار ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق

1136-يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى قارا خىتاي (كىدان) لارنىڭ خانى گۇرخانى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. قايتا يۈكسەلگەن قارا خىتايلار بۇددىست بولۇپ، 1210-يىلى قارا خىتاي خانى گۇرخانىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بالاساغۇن شەھرىدە 47 مىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى قەتل قىلغانلىقى «رەۋزەتۇسساپا» ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ رىۋايىتىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىرغىنچىلىق مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ شەرقىي تۈركىستان تارىخى ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## كۈچلۈك خاننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقى

## (مىلادى 1213-1214-يىللىرى)

كۈچلۈك خان كىم؟ موڭغۇلىستاننىڭ غەربىدە ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن نايمان ئىسىملىك بىر قەبىلە بار ئىدى. 1206-يىلى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ پادىشاھى چىڭگىزخان نايمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نايمان خانى نايان خاننى ئۆلتۈرۈپ، نايمان قەبىلىسىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. نايان خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكخان بىر قانچە ئادەملىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېلىپ، قارا خىتاي دۆلىتىنىڭ خانى گۇرخاندىن پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. كېيىنچە كۈچلۈكخان كۈچلىنىپ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلدى ۋە ئۆزىنى گۇرخان دەپ ئاتىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن تۇنجى قىلغان ئىشى خەلقنى ئىسلام دىنىدىن ياندۇرۇپ، شامان دىنىغا كىرىشكە تەشەببۇس قىلىش بولدى. شامان دىنىغا كىرىشكە ئۇنىمىغان

ۋە نارازىلىق بىلدۈرگەن يېزىلارغا قاراقچىلارنى ئەۋەتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ تالىدى، ئۆلتۈردى. زىرائەتلەرگە، يايلاقلارغا ۋە ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئېغىر ئاچارچىلىققا مۇپتىلا بولدى. مىلادى 1213-يىلى كۈچلۈك قەشقەر شەھرىنى ئىشغال قىلىپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. شەھەر خەلقىنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈردى. مىلادى 1214-يىلى كۈچلۈك خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. چۈنكى خوتەن ئەينى يىللاردا ئىسلام دىنى ئالىملىرى ۋە تەقۋادار كىشىلەر توپلاشقان ئىلىم-مەرىپەت شەھرى ئىدى. كۈچلۈك خوتەن شەھرىگە ئوت قويۇپ، پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ خوتەننى ۋەيران قىلدى. ئارقىدىن خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ، شامان دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قاتمۇقات زۇلۇملارنى سىلىشقا باشلىدى. خوتەن شەھرى تارىختا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ مىسلىسىز قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان شۇنداقلا ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈنمۇ قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان شەھەر ئىدى. خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۈچلۈك بۇ ئىشتا غەلىبە قىلالمىدى. ئەمما ئۇ خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچكۈزەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى خوتەندە ئىسلام دىنى ئالىم-ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان دەپ قاراپ، خوتەندىكى ئىسلام دىنى ئالىم-ئۆلىمالىرىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇ يىلى كۈچلۈك ھەممە دىنلارنىڭ دىنى ئالىملىرىنى يىغىپ دىنىي بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، قايسى دىنىنىڭ ئالىملىرى مۇنازىرىدە يېڭىۋالسا شۇ دىنغا ئەگىشىمىز دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەتىسى خوتەندىكى چوڭ بىر مەيدانغا ھەممە دىنلاردىن بولۇپ ئۈچ مىڭدەك ئالىم كىشى توپلاندى. مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندا

كۆچلۈك بۇ مەيدانغا يىغىلغان بارلىق ئىسلام دىنى ئالىم-ئۆلىمالىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئەزان ئوقۇش، جامائەت يىغىلىپ ناماز ئوقۇش... قاتارلىق ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىندى، مەسچىت ۋە مەدرىسەلەر ۋەيران قىلىندى، كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. مۇسۇلمانلىق ئالامەتلىرى سېزىلىپ قالغان كىشىلەر ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ كۆچلۈك شەرقىي تۈركىستانغا تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، ئىلىم-مەرىپەت ئوچاقلىرىنى بۇزۇپ-چېقىپ خانىۋەيران قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى خارابىلىققا ئايلاندۇردى. 1218-يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ياردىمىگە يېتىشتى. چىڭگىزخان كۆچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزدى.

## ئاپئاق غوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئاق تاغلىق قارا تاغلىق قىرغىنچىلىقى (مىلادى 1702-يىللىرى)

ئاپئاق غوجا دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالتە شەھەرنىڭ بارلىق باشقۇرۇش ھوقۇقى قالماقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئاپئاق غوجا تەرىپىدىن شەھەرلەرگە تەيىن قىلىنغان ئۇيغۇر بەگلەرنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالماقلار بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇتەئەسسىپ مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى كۆچلۈك دۈشمەنلىكى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قالماقلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق زۇلۇمنى ئاياپ قويمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلىرىنى ۋەيران قىلىش، قالماقلارنىڭ دىنىي ۋەزىپىسى ئىدى. خالىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش، خالىغان كىشىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلىش، خالىغان كىشىنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىش قالماقلارنىڭ تەبىئىي ئادەتلىرى ئىدى.

ئاپئاق غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەھشەتلىك 82 يىل ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك بولۇپ، بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىگە ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن. سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقى يارىتىپ چىققان شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ ئاپئاق خوجا دەۋرىدە ۋەيران قىلىنغان ئىدى.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار يەنە بۇ مىڭ يىللىق تارىختا تۆۋەندىكىدەك قىرغىنچىلىقلارنىمۇ باشتىن كەچۈردى:

چىڭ سۇلالىسى خانى چەنلوڭخان قىرغىنچىلىقى

ياقۇپبەگ قىرغىنچىلىقى

زوزۇڭتاڭ قىرغىنچىلىقى

تۇڭگان يېغىلىقى قىرغىنچىلىقى

ياڭزىڭشىن قىرغىنچىلىقى

جىنشۇرىن قىرغىنچىلىقى

شىڭشىسەي قىرغىنچىلىقى.

خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ 47 يىللىق قىرغىنچىلىقى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن بۈگۈنگىچە بولغان بۇ مىڭ يىللىق ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، توغرىسى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۇھ تارتماي تۇرالمايمىز. «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە» نىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ماقالە ھەجىمىنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكى قىرغىنچىلىقلار تارىخىنى ساناپ ئۆتۈپ كېتىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم.

**خاتىمە**

2016 ـ يىلى، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىش مەقسىتىدە ئاچقان كۆرۈنۈشتە قايتا تەربىيەلەش مەركىزى، ئەمما رېئاللىقتا جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ يەتتە يىل بولۇپ قالدى. بۇ لاگېرلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولمايدىغانلىقى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە تاقىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئەمما مېنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى، خۇددى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە ئوخشايدىغان پەقەت بىرلا دىن، يەنى ئىسلام دىنىلا مەۋجۇت بولىدىغان ۋە ھۆكۈم سۈرىدىغان، باشقا دىن ۋە دىنىي كۆزقاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدىغان بىر شەرقىي تۈركىستان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا بىز خۇددى تارىخىمىزدىكى ئاپئاق غوجىنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويۇپ، ئۆز قولىمىز بىلەن چىڭ سۇلالىسى مۇستەملىكىچىلىرىنى ۋەتىنىمىزگە باشلاپ كىرگەندەك، خۇددى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» تىكى شېئىرى ـ قوشاقلاردا تەسۋىرلەنگەندەك، مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ كاپىر ئۇيغۇرنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىدەك تىراگېدىيەنى قايتا شېئىر ـ قوشاق قىلىپ يازىدىغان يەنە بىر قىرغىنچىلىق بەتلىرىنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئاچقان بولىمىز. بۈگۈن بۇ خىل ئەھۋالغا دۇنيا ئاللىقاچان «تېررور» دەپ ئىسىم قويىدى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۆلەتنى قايتىدىن قۇرماقچى بولىدىكەنمىز ئىشلىتىدىغان سۆز ـ ئىبارىلىمىز ۋە جۈملىلىرىمىزنىڭ ۋەزنى ۋە كۈچىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر دىئاسپوراسىدا مېنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالىدىغان ۋە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھېچ ئۆزگەرمىگەن بىر كەلىمە بار، ئۇ

بولسىمۇ «ئالاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش.») بۇ كەلىمىنى ئىشلىتىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئۇ «ئۈستۈن دىن» پەقەتلا ئىسلام دىنىلا بولۇپ، كەلىمىلەرنىڭ ۋەزنىدىن باشقا دىنلارنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەپسۇسكى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە باشقا دىنلارمۇ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنلارنى ئۈستۈن دىن دەپ قارايدىغان بولۇپ، ھىندىستاندا كالىنى خۇدا دەپ قارايدىغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ يولدا ئولتۇرۇۋالغان بىر كالىنى ھەيدىۋېتىش ياكى بۇ كالىنى قۇربانلىق قىلىش ناھايىتى دەھشەتلىك ئىچكى سۈركىلىش، ھەتتا ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.تارىخ ئارقىسىغا مىڭ يىللارنى تاشلىۋەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار ھېچ بىر ئېتىقادنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر رېئاللىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. يەھۇدىيلار دىن ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدا مىڭلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىچە، دۇنياغا يۈزلەنگەن ۋە پەن-تېخنىكىغا تايانغان يول بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالالىدى.

بىز بۇ نۇقتىلار ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز قۇرغان شامان دىنى، مانى دىنى، زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋانلىرىمۇ خاتىرجەم كېلىپ سودا-تىجارەت قىلالايدىغان، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ سول يۆنىلىشىدە چاقنىغان مەرۋايىت قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنى ئېسىتخار ۋە سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمىز. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مىڭ يىللىق قىرغىنچىلىق تارىخىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، دىن سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىرغىنچىلىقلار ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار كۆچلەنگەن مەزگىللىرىدە، باشقا

دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىرغىنچىلىقلار ئېلىپ بارغان بولسا، باشقا يات تاجاۋۇزچىلار شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇددا ۋە خرىستىيان دىنلىرىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان.

ئاخىردا تەكىتلەيدىغىنىم، ئەگەر ئۇيغۇرلار ۋەتەن قۇرماقچى بولىدىكەن «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش» دەيدىغان بۇ كەلىمىنى ئۇنتۇپ كېتىشى، دۇنيا ۋەزىيىتى، دۇنيا سىياسىتى، دۇنيا مەنپەئەتلىرى، باشقا دىنى ۋە ئېتنىك جەھەتتىن قېرىنداش بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئالدىدىكى سۈكۈناتى، بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق-ئاچچىق چارىسىزلىكلەر ئالدىدا، ھەممە دىنىي ئېتىقاد، پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يېشىل چىراغ يېقىلغان يېڭى شەرقىي تۈركىستاننى تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك.

2023-يىلى 20-ئىيۇن، تورونتو

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


1. پىروفىسسور زەكەرىيا كىتابجى، «شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا ئىسلامىيەت»، يەدى قۇببە نەشرىياتى، 2004-يىلى.

2. مەھمۇت قەشقىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇبىلىك»، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە نەشرى

4. «بۇغرا خانلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

5. ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش

6. مەمەتئىمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى

# تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ باياناتىغا ئىككى كەلىمە سۆز

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە ھېچقانداق تەشكىلات ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلمايدىغان بولۇپ، پەقەت گۇلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر) نىڭ ۋىجدانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**ئۆزىمىز دۈشمەنلىشىپ قالساق قالايمىقانلىقى، ئۇيغۇر مەسچىتى بىلەن ئۇيغۇر ئۆيى كەلمىسىنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويمايلى**

بۈگۈن ئەتىگەندە، تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئۆتكەن ھەپتە كانادادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى ئېلان قىلغان بىر پارچە باياناتقا جاۋابەن ئېلان قىلغان قايتۇرما باياناتىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ماقالەمدە ئاشۇ باياناتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئابزىسى ھەققىدە توختىلىمەن.

تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتى باياناتىنىڭ ئاخىرقى ئابزىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«مەسچىتكە قارشى، بىزنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە خىلاپلىق قىلدى دېگەن باياناتنى ئېلان قىلغان بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىدارە ھەيئەتلىرى، تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى دۇتار-تەمبۇر چالىدىغان مەدەنىيەت ئۆيى قىلىپ، ئۈستۈنكى قەۋىتىنى ناماز ئوقۇيدىغان بىر ئورۇنغا ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق تەلەپلەرنى سۇنغان ۋە كۆپ قىسىم مەسچىت ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تۈردە رەت قىلىنغان ئىدى.»

ئالدى بىلەن تۈنۈگۈننىڭ تارىخىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقساق،

«تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتى» كانادادىكى ئۇيغۇر خەلقى قان ـ تەرى بەدىلىگە سېتىۋالغان، كاناداغا قاققان ئالتۇن قوزۇقى، يەر ـ زېمىن، مۈلكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىق هوقۇقى تامامەن كانادادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ. كانادا ئۇيغۇر مەسچىتى رەھبەرلىكى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى پەقەت خەلق بەرگەن بۇ هوقۇقنى سايلام مۇددىتى توشقانغا قەدەر ئىجرا قىلىپ بەرگۈچىلەر بولۇپ، كانادادەك ئىلغار، دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ھەق ـ هوقۇق پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن سايلام مۇددىتى توشقاندا، ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ توشقانلىقى ھەققىدە ئىستىپانامە ئېلان قىلىپ، شەرتسىز ھالدا ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى خەلققە تەسلىم قىلىش ۋاجىپتۇر. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر مەسچىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كانادا ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى كۈچلۈك تەلەپلىرىگە قۇلاق يوپۇرۇپ كېلىپلا قالماي، خەلقنىڭ سايلام ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى يەتكۈزگەن كىشىلەرنى ئۇيغۇر مەسچىتىگە قارشى چىققۇچى دۈشمەن قاتارىدا مۇئامىلە قىلماقتا.

بىر مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار شۇ مىللەتنىڭ تىلى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۈچ نەرسىنى بىر بەدەن دەپ قارىساق دىنى ئېتىقاد ئۇنىڭ بىر قولى بولسا، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۇنىڭ يەنە بىر قولىدۇر. بۇلارنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلىپ، يەنە بىرىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئىماملىق ھېسابلانمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بولۇپ، چەتئەلدە ئۇيغۇر خەلقى بەرپا قىلىۋاتقان مەيلى ئۇيغۇر مەسچىتلىرىمىز بولسۇن ۋە ياكى

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۆيلىرىمىز بولسۇن ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىكلىتىلگەن ۋەتىنىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئۆيلىرىمىزدە دىنىي ئىبادەتلىرىمىز ئۈچۈن ئورۇن ئايرىلىپ، ئۇيغۇر مەسچىتلىرىمىزدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىمىز ئۈچۈن يەر ئاجرىتىلغان بولۇشى، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز ۋە مىللىي ئىرادىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان ئىستىقلال مارشلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىغان ھالدا، بىز سېتىۋالغان بۇ ماكانلاردا ئورۇندىلىپ تۇرۇشى شەرتىسىزدۇر، ئەلۋەتتە. خۇتبىدە كۆزىمىزنى چىلك يۇمۇپ تولغۇنۇپ، ھازا ئېچىپ يىغلاشلىرىمىز ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كەلگەن بۇ قىرغىنچىلىقلار ئۈچۈنمىدى ياكى تىمساھ كۆز يېشىمىدى؟ خەلقىمىزگە قانداق بولساق شۇنداق كۆرۈنەيلى ۋە ياكى كۆرۈنگىنىمىزدەك بولايلى.

ئىماملىق ئۆزىنىڭ ئىماملىقىغا ئۆزى تەبىر پىچىدىغان؛ ئۆزى ئىماملىق قونچىقى ياساپ، ئۇنىڭغا ئۆزى تون پىچىپ كىيگۈزۈپ ئوينايدىغان ئاغچايلام ئويۇنى ئەمەس، بەلكى جىددىي ھالدا ئۆز خەلقىنىڭ ئاھۇ-زارى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر ھالدۇر.

كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى ئىدارە ھەيئىتى ۋە تورونتودا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى سېتىۋالغان بۇ زېمىنىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئانا تىل ئۈچۈن ئاجرىتىش، ئۈستۈنكى قەۋىتىنى مەسچىت قىلىپ ئىشلىتىش ھەققىدىكى تەكلىپلىرى تامامەن ھەقلىق، ئىلغار ئويلىنىش بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى قارارلارنى ئىمام ئەمەس، بەلكى خىتاي تەرىپىدىن ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان، دۇتار، تەمبۇر، ساتارلىرى... قوللىرىدىن تارتىۋېلىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەتئەلدىكى ۋەكىلى ھېسابلانغان ۋە ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ بۇ ئالتۇن قوزۇقنى بەرپا قىلغان تورونتو جامائىتى چىقىرىدۇ. كانادا شەرقىي تۈركىستان

جەمئىيەتتە ئىدارە ھەيئىتى ۋە تورونتو شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشلىرىنىڭ، كانادا ئۇيغۇر مەسچىتى باياناتىدا خۇددى چەكلەنگەن ۋە مەنئى قىلىنغان بىر جىنايەتتەك مەسخىرىلىك تىلغا ئېلىنىشى كانادادا ياشاۋاتقان ھەر بىر ۋىجدانلىق مىللەت ۋە ۋەتەن قايغۇسىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئويلاندۇرماي تۇرالمايدۇ.

ئەل-جامائەت ھازىرلاپ بەرگەن ماكان خۇتبىلىرىمىزدىكى پەقەت گۈزەل سۆزلەر ۋە گۈزەل دۇئالار ئۈچۈنلا ئوچۇق بولۇپ، خەلق بەرگەن بۇ شان-شەرەپتىن پايدىلىنىپ، دۇئالارغا نەشتەر ئارىلاشتۇرغان، ئۆچ-ئاداۋىتىنى دۇئالارغا يۇغۇرۇش يولى ئارقىلىق داۋاملىق دۈشمەن پەيدا قىلىپ ۋە يارىتىپ تۇرىدىغان قىلمىشلار ئىماملىق ھېسابلانمايلا قالماستىن، ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ شان-شەرىپىگىمۇ نۇقسان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار قاتارىدىن.

تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتى خىيالىمىزدىكى ۋەتىنىنىڭ كىچىكلىتىلگەن سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ۋەتىنى تۇرۇپ بارالمايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مېھرى ئىسسىق ئۆيى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ «4891» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جورج ئورۋېل قەلەمگە ئالغان «نەپرەت كېچىسى» تەشكىللەيدىغان، توختىماي دۈشمەن ئىشلەپچىقىرىدىغان جايغا ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك.

ئىماملىق سەممىيلىك، راستچىللىق دىمەكتۇركى، ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئالدىدا رەسىمگە چۈشۈپ، ئارقىسىغا ئۆتۈپ تېنىۋېلىش ئەمەس. ئىماملىق مەسىلە ھەل قىلىش بولۇپ، مەسىلىنى ئۇتتۇرىغا قويغۇچىلارنى دۈشمەن ئېلان قىلىش

ئەمەس. ئىملىق ئۆزى ئاز ۋە ساز ۋەز ئېيتىپ، باشقىلارنى كۆپ سۆزلىتىش دېمەكتۇر. ئىملىق ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز-ئارا يۇغۇرۇپ، ئەركىن كانادادا چاقنىتىشكى، ھەرگىزمۇ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئانا شاخلىرىنى قىرقىۋېتىش ئەمەس. ئىملىق ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا، يوقۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىگە يول باشچىلىق قىلىش بولۇپ، كانادادىن سۇرىيە سوزۇلغان قارا تېررور يوللىرىغا قىزىل پاياندار سېلىش ئەمەس.

ئۇيغۇر مەسچىتى پەقەت مەسچىتلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئۆيى. قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنى ياشنىتىدىغان سورۇن، ئابى چەشمە-بۇلاق. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆيى بولۇشتىن بۇرۇن، خىتاي تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىلىدىغان، دەردلىشىدىغان ئۆيى. مىكروفون ئالدىدا ئىشىغا يارىغاندا ئۇيغۇر ئۆيى، ئىشىغا يارىمىغاندا ئاللاھنىڭ ئۆيى دەۋېلىش قۇرئان ۋە ھەدىسلىرىمىزگە قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت ۋە ۋىجدانى جىنايەت. ئاللاھنىڭ ئۆيى دېمەك ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى، ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى دېمەك ئاللاھنىڭ ئۆيى دېمەكتۇر. شۇ ۋەجىدىن بىز ئۆزىمىز دۈشمەنلىشىپ قالساق قالايلىكى، ئەمما «ئۇيغۇر ئۆيى» دېگەن بۇ كەلىمە بىلەن «ئاللاھنىڭ ئۆيى» كەلىمىسىنى ئۆز-ئارا دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويمايلى. ئەگەر بىز چەتئەلدىمۇ مانا مۇشۇنداق ئايغى چىقماس سۈركىلىشلەر پاتقىقىغا پېتىپ قالساق، ۋەتەندىكى خەلقىمىزگە يۈز كېلەلمەيلا قالماستىن، يەنە چەتئەلدىمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى يوقىتىشنىڭ ئۇلىنى كولىغان بولىمىز. ئەگەر بىز «ئاللاھنىڭ ئۆيى» كەلىمىسى بىلەن «ئۇيغۇر ئۆيى» كەلىمىسىنىڭ مەسلىسىنى ياخشى ھەل قىلالمىساق،

ئۇ هالدا ۋەتەن قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ غايە خۇددى چۆلدىكى سەراپقا ئوخشاش نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

2024-يىلى 4-ماي، تورونتو

# مىللەتنىڭ تەقدىرىدە «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنىڭ كۈچى

ماڭا نىسبەتەن دۇنيادىكى كەلىمىلەر قامۇسىدا «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنىڭ سەلتەنىتى، جەزىبدارلىقى، سۆيۈملۈكلۈكى باشقىچە تۇيۇلىدۇ. دىنىمنى تاللاشتىن بۇرۇن مەن ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغان.

خاتىرەمدىن

**مۇقەددىمە**

كۈچ ھەققىدە سۆز بولغاندا، بىر ئاتوم بومبىسى، يادرو قوراللىرى، بىر دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە قابىلىيىتىگە ئائىت تېخنىكىلىق كۈچ شۇنداقلا ئىقتىسادى ئامىل ۋە ئەقلى ئامىلغا ئائىت يۈكسەك تەرەققىياتلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئۇندىن باشقا بىر يەنە، رېئال تۇرمۇشىمىزدا دۇنيانىڭ تارتىش كۈچى، زېھنىنىڭ كۈچى، چۈشەنچىلەرنىڭ كۈچى، بىلىمنىڭ كۈچى، سۆيگۈنىڭ كۈچى، سەلتەنەتلىك ۋە كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇقلارنىڭ قالدۇرغان مەنىۋى كۈچى قاتارلىقلارنى بايقايمىز. سۆز-ئىبارە ۋە كەلىمىلەرنىڭمۇ كۈچى بار. بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە شۇ مىللەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەن سۆز-كەلىمىلىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئىستېمال قىلغان سۆز-كەلىمىلىرى شۇنداقلا دۇنياۋى سىياسىي سەھنىلەردە قوللانغان سۆز-كەلىمىلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر ياپونىيەلىك ئالىمنىڭ سۇ مولېكۇلالىرىغا ئىجابىي ۋە سەلبىي سۆزلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق ئېلىپ بارغان سۆز-كەلىمىلەرنىڭ كۈچىگە ئائىت تەجرىبە ھەممىمىزگە ئايان بولسا

كېرەك. بۇ ئالىم سۇ مولېكۇلالىرىغا شەيتان ۋە نەپرەت دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن توڭلىتىلغان سۇ مولېكۇلالىرى ناھايىتى سەت بىر شەكىلگە كىرگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە گۈزەل ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى سۆزلىگەندىن كېيىنكى سۇ مولېكۇلالىرى بولسا ئىنتايىن چىرايلىق بىر شەكىلگە كىرگەن. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «يېرىلىڭ تېشىم» چۆچىكى، كەلىمىلەرنىڭ تاشنىمۇ يېرىۋېتەلەيدىغان كۈچى بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

كەلىمىلەر، يەنى سۆزلەر سېھىردۇر. مەسىلەن، «گۇگۇل ئۇيغۇر» كەلىمىسى ختايىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان، ئۇيغۇر ئۈچۈن نۆۋەتتە ئەڭ قىممەتلىك سېھىرلىك كەلىمە. «گۇگۇل ئۇيغۇر» كەلىمىسىنىڭ ھەر بىر قېتىم تىللىنىشى، بېسىلىشى، تەكشۈرۈلۈشىنىڭ ختاينىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلغان بىر خەنجەردەك كۈچى بار. «گۇگۇل ئۇيغۇر» كەلىمىسى خۇددى دۈپ-دۈپ، دۈپ-دۈپ قىلىپ سېلىۋاتقان يۈرەك ھەرىكىتىنى ئەسلىتىدىغان سىمۋوللۇق سۆز بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلەر قولىمىزدا بار بولغاننى يوق قىلىۋېتەلەيدۇ، يوق بولغاننى بار قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ۋە گۇگۇل ئۇيغۇر كەلىمىسى گۇگۇلدا قانچە كۆپ بېسىلسا، تاللانسا، دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇر تەرەپكە شۇنچە كۆپ قارىتىدۇ ۋە تارتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارمۇ «گۇگۇل ئۇيغۇر» دېگەن كەلىمىنىڭ ئورنىغا «گۇگۇل پەلەستىن» دېگەن ئىبارىنى قوللانغاندا، ئۇيغۇر مەركەز بولىدىغان ھالقىلىق كۈچ، دۇنيانى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە جەلپ قىلىش كۈچى پەلەستىن تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ. كەلىمىلەرنىڭ يوق قىلىش كۈچى دەل مۇشۇ يەردە. شۇنداقلا يوق بولغاننى بار قىلالايدۇ. كەلىمە، سۆز ۋە جۈملىلەر كىشىنى تەپەككۇر قىلدۇرىدۇ، قايغۇغا سالالايدۇ. مەسىلەن، «ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قېلىش» دېگەن بۇ كەلىمە، بىزنى مىللەت

بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئاچچىق-ئاچچىق ھەسرەتلەندۇردۇ، تولغاندۇردۇ، ئۇھ تارتقۇزىدۇ، قايغۇغا سالىدۇ ۋە تەپەككۇر قىلدۇرىدۇ. كەلىمىلەر كۈلدۇرىدۇ. مەسىلەن، كانادا پارلامېنتىدىن چىققان 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئەكېلىش قارارى؛ ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئېلىنغان ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت قارارلار شۇنداقلا دۇنيادىكى 10 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ» دېگەن قارارلىرى. كەلىمىلەر قىزىقتۇرىدۇ، ئىجات قىلدۇرىدۇ، بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن، خىتاي ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى يولغا قويغان 2016-يىلىدىن ئېتىبارەن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار خەلقئارالىق ئۆلچەملەر بويىچە قانداق داۋا قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇرلار چەنجى (ئۆزگىرىش) تور بېتىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە «ئىمزا توپلاش»، «گۇۋاھلىق بېرىش»، «پارلامېنت ئەزالىرىغا خەت يېزىش» شۇنداقلا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا «مى تو ئۇيغۇر (Me too Uyghur)»، مەيدانلاردا «بىر قەدەم بىر ئاۋاز»، «ئائىلەم قەيەردە؟» قاتارلىق ھەرىكەتلەردە كەلىمە-سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ كۈچى دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تارتتى. كەلىمىلەر يەنە غەزەپلەندۇرىدۇ، ئىسيان كۆتۈرگۈزىدۇ. مەسىلەن بارىن، غۇلجا ئىنقىلابلىرى، شاۋگۈەن ۋەقەسى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى بىزنى غەزەپلەندۇرۇپ كوچىلارغا چىقارغان، ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسىنىڭ ئىشىكىنى قاققۇزغان، چەتئەلگە قېچىپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە ئائىت يېڭى يول ئىزدىشىمىزگە سەۋەب بولغان ئىدى. ھەتتا كەلىمىلەر بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، يالتا يىغىنىدا چىققان قارار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۈمىدىنى يوق قىلىپ، بىزنى خىتايغا قاراشلىق مۇستەملىكە قىلىپ قويغان ئىدى. يالتا يىغىنىدا روزۋېلت، چېرچىل ۋە ئىستالىن قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ ئاغزىدىن

چىققان كەلىملەر پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ھەتتا كەلىملەر جەڭ ئېلان قىلىدۇ. مەسىلەن، 1863 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقىدىن مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بىلەن پانالىق تىلىگەن قازاقلارنىڭ رەئىسى تازابەك تۆرىنى چار رۇسىيە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش تەلىپىدە بولىدۇ. «تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز» دېگەن بىر كەلىمىنىڭ تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر ۋەزنى ۋە كۈچى بىلەن، چار رۇسىيە ئىلى سۇلتانلىقىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. يېڭى قۇرۇلغان ئىلى سۇلتانلىقىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر دۆلىتى مەغلۇپ بولىدۇ.

**خىتاي تەۋەلىكىدە تۈرمىگە، جازا لاگېرىغا، ھەتتا ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدىغان كەلىملەر**

شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، قۇرئان كەرىم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جايناماز، ئەزان ئاۋازى، روزا، ناماز، پىچاق، ھىجاب، ئاللاھقا ئامانەت، ساقال، مەشرەپ... ئەگەر بۇ سۆزلەر خىتاي تەۋەلىكىدە ئىستېمال قىلىنسا، ئۇيغۇرلار تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەمما 1970 ـ يىللاردا جەمەتىمىز ئىچىدىن چىققان باي سودىگەر قۇنان دادام (قۇناخۇن) پەقەت رەخت بىلەت ساتقانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

**چەتئەلدە ئۇيغۇرلارنى ئۆز-ئارا جەڭگە-جېدەلگە سېلىپ كېلىۋاتقان كەلىملەر**

شەرقىي تۈركىستانمۇ؟ ئۇيغۇرىستانمۇ؟ شىنجاڭمۇ؟ قوراللىق كۈرەشمۇ؟ ئاپتونومىيەمۇ؟ مۇستەقىللىقمۇ؟ كىشىلىك ھوقۇق، زېمىن دەۋاسى، ئىندىجىنۇس پىپۇل، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت،

ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، 10 مىڭ ئىمزا، جىھاد، سۇرىيە، قارا چۈمبەل، پەلەستىن، خاماس، ئىسرائىل... بۇ كەلىمىلەر ئىچىدە سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئىندىجىنۇس پىپۇل كەلىمىسى ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، يېقىندا كانادادىكى بىر ئۇيغۇر چارۋىچىلىق مەيدانىدا سىنىغا ئالغان ھايۋاناتلار ئارىسىدا سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش سايلىمى ھەققىدىكى ھەجۋىي قىسقا فىلىم، سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت مەسىلىسىنى ھەجۋىي قىلىشتىكى ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك فىلىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئىندىجىنۇس پىپۇل كەلىمىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى پارچىلاش، ئۆچ-ئاداۋەت سېلىش كۈچى سەۋەبىدىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى خۇددى ۋابا كېسىلى تارقالغاندەك پارچىلىنىپ كەتتى. پۈتۈن دۇنياغا بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىسى، مېھرى-مۇھەببەت تارقىتىش، مېھرى-شەپقەت قولىنى سۇنۇشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان كانادا جامائىتى، «ئىندىجىنۇس پىپول» كەلىمىسى پەيدا قىلغان بەس-مۇنازىرە سەۋەبىدىن پارام-پارچە بولۇپ كەتتى. مانا بۇ كەلىمىنىڭ كۈچى بولۇپ، خىتاي قاتارلىق زوراۋان كۈچلەر بارلىق ھەربىي كۈچىنى ئىشلىتىپمۇ ئۇيغۇرلارنى پارچىلاش جەھەتتە بۇنداق ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## كەلىمىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى

### 1-ماركىلاشتۇرۇلغان قالپاق كەلىمىلەر

ئوگچى يەرلىك مىللەتچى، شۇجۇگجۇيىچى، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، پومېشچىك، پانتۈركىست، پانئىسلام، كاۋاپچى، ياۋايى، تېررورچى، دىنى ئەسەبىي، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلىش، ئاسماندا تور يەردە قاپقان، ئۈچ خىل كۈچ، مىللىي بۆلگۈنچى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، دۆلەتنىڭ

بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغۇچى، ئىككى يۈزلىمچى كادىر ... بۇ كەلىمىلەر 1949 ـ يىلى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر زېمىنىنى بېسىۋالغاندىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنى قارىلاش ئۈچۈن قوللانغان كەلىمىلەر بولۇپ، خىتاي زېمىنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر بولمىغان ھەرقانداق بىر مىللەت بۇ كەلىمىلەرنى ئىشىتكەن زامات، سۆز تېمىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇنداقلا بۇ سەلبىي كەلىمىلەر خۇددى سۇ مولېكۇلالىرىغا سەلبىي سۆز قىلىپ توڭلىتىلغاندا يۈز بەرگەن شەكىلدەك ئۇيغۇرلارنىڭ روھى دۇنياسى ئارقىلىق يۈزىگە تەپچىيدۇ. بۇ كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق 80 يىلغا يېقىن بىر ۋاقىتتا خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىپ كەلدى شۇنداقلا دۇنياغا «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ياۋايى، مائارىپسىز، رادىكال مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئەگەر ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى كونترول قىلىپ تۇرمىغان شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا بالايىئاپەت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەشۋىقاتنى ناھايىتى ياخشى ماڭدۇرۇپ كەلدى.

## 2 ـ ئۇيغۇر كىملىكىدىكى ماھىيەتلىك كەلىمىلەر

چىمەن دوپپا، تۇماق، ئەتلەس، مۇقام، يىپەك يولى، دۇتار، تەمبۇر، ساتار، داپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلى، تەكلىماكان، لەڭمەن، پولۇ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، ھون، ئوغۇزخان، ئاتىللا، كۆكتۈرك، ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، يەكەن ئۇيغۇر خانلىقى، ئەخمەتجان قاسىمى، قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغ، پامىر، ئىلى دەرياسى... ۋە يەنە نۇرغۇنلىغان كەلىمىلەر مەلۇم زوراۋان ھاكىمىيەتلەر، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن مەلۇم سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن قالپاقلاشتۇرۇلمىغان ساپ، ئەسلى مەنىدىكى كەلىمىلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى،

قەيەردە ياشايدىغانلىقىنى، نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى، مەدەنىيىتىنى، قۇرغان سەلتەنەتلىك خاندانلىقلىرىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈپ خۇددى سۇ مولېكۇلالىرى چىرايلىق سۆز بىلەن توڭلىتىلغانىدا گۈزەل تۈسكە كىرگەندەك، ئۇيغۇرلار چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلىدۇ.

### 3-جازا لاگېرى كەلىمىلىرى

يولۋاس ئورۇندۇق، قىزىل ناخشا، توك سىم، يۈز تونۇش تېخنىكىسى، قوراللىق ھەربىي ساقچى، داق سېمونت يەر، موما، شوۋىگۈرۈچ، كويزا ۋە كىشەن، قوشماق تۈغقان، كامېر، ئىسمى بىلەن ئەمەس نومۇر بىلەن چاقىرىلىش، قىيىن قىستاق، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار، توكلۇق دوپپا، توكلۇق پەلەي، توكلۇق كالتەك، بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى، 18 ياشلىق قىزنىڭ ئادىتى توختاپ كېتىش، نامەلۇم دورا ئىچىش.

### 4-نامايىش كەلىمىلىرى

چۈشەنچىلىرىمىزھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى، ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى ھەرىكەتلىرىمىزنى، ھەرىكەتلىرىمىز خاراكتېرىمىزنى، خاراكتېرىمىز تەقدىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. چەتئەلدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نامايىشلار ۋە بۇ نامايىشقا قاتنىشىۋاتقان، ھەم قاتناشمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىمۇ ھەم مۇشۇ خاراكتېرلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا پىچىلىپ چىقىلىدۇ.

قانخور خىتاي قىرغىنچىلىقىنى توختات، گۈگۈل ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك، خىتاي ئائىلەم قەيەردە؟ فاشىست خىتاي، تېرورىست خىتاي! دېگەن شوئارلار ۋە ئاغزىمىزدىن ئۇيغۇر ھەققىدە چىققان ھەر بىر سادا دۇنيانىڭ نەزىرىنى ئۇيغۇر

مەسىلىسىگە تارتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بىز پەلەستىنگە ئەركىنلىك، تېررورىست ئىسرائىل... ۋە باشقا شوئارلارنى توۋلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىۋاتقان كۆچنى پەلەستىنگە ئاغدۇرۇپ بەرگەن بولىمىز.

مەسىلەن، قانخور خىتاي قىرغىنچىلىقنى توختات! دېگەن بۇ كەلىمە ماھىيەتتە خىتاينى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان كەلىمە بولۇپ، خىتايغا قارىتا توۋلانغان ھەر بىر نامايىش كەلىمىسىنىڭ كۆچىگە سەل قارىماڭ. خىتاي بۇ كەلىمىنى قوللىنىۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنى ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھەر بىر ھۆكۈمران ئۈچۈن ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارىتا ئېتىلغان يۇمغاق سۆتچىلىك كەلىمۇ ئۇنى بىئارام قىلىدۇ، ۋەھىمىگە سالىدۇ، گۇمانلاندۇرىدۇ. ھۆكۈمرانلىقىنىڭ لىغشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش پىسخىكىسى شەكىللەندۈرىدۇ. قانۇنى سۇلتان سۇلايمانىنى ئۆز ئوغلى مۇستاپانى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ۋەسۋەسىسىگە باشلاپ بارغان دەل مۇشۇ ۋەھىمە ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نامايىش ۋە نامايىش كەلىملىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، نامايىش بىزگە ھېچكىم ياردەم قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ۋىجدانىمىزنىڭ بىزنى كوچىلارغا سۆرەپ چىقىشىدىن ئىبارەت. نەتىجىدە پەقەت ۋىجدانلىق مىللەتلەرلا ۋەتەن قۇرالايدۇ.

مەۋلانە كەلىملەرنىڭ كۈچى ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

*كەلىمەلىرىڭنىڭ سۈپىتىنى يۈكسەلت، ئاۋازىڭنى ئەمەس.*
*يامغۇردۇر چېچەكلەرنى ئۆستۈرگەن گۈلدۈرماما ئەمەس.*

بىر مىللەت ئىگىلىرىنىڭ مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە قىلغان سۆزلىرى ئىنتايىن مۇھىم.

سۆزلەرنى زېھنىمىزدە جانلاندۇرساق ئۇ چاغدا بىز مۇھتەشەم بىر نەتىجىگە ئېرىشىمىز. خىتاي بۇ ئىشنى بەك ئۇنۇملۇك قىلىۋاتىدۇ. كەلىمىلەرنىڭ كۆچى ئارغامچا تارتىشقا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر دېگەن كۆچ كۆچلۈك بولسا ئارقان تارتىشتا ئۇيغۇر تەرەپ، پەلەستىن دېگەن تەرەپ كۆچلۈك بولسا پەلەستىن تەرەپ ئۇتىدۇ.

سېنارىيىنى قايسى سۆزلەر بىلەن يازساق هايات بىزگە شۇنى ئوينىتىدۇ. دۇنياغا بېرىدىغان ئوبرازىمىز مەسىلىسىدە تاللايدىغان سۆزلىرىمىز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قانداق كەلىمىنى كۆپ ئىشلەتسەك، دۇنيا بىزنى شۇنداق تونۇيدۇ.

## 5-ل. تولستوينىڭ ئاننا كارېنىناسى

مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوينىڭ كەلىمىلىرىنىڭ كۆچى بىلەن يارىتىلغان ئاننا كارېنىنا ئوبرازىنىڭ رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان بىر خىيالى ئوبراز ئىكەنلىكىگە ئاخىردا يازغۇچى ل. تولستوي ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قالغان. ئاننا كارېنىنانىڭ پويىزنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلايدىغان قۇرلارغا كەلگەندە، ل. تولستوينىڭ قەلىمىنى تاشلاپ «ئاننا!... توختا، پويىزغا ئۆزۈڭنى ئاتما!» دەپ يۇگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. مانا بۇ كەلىمىلەرنىڭ كۆچى پەيدا قىلغان تەسىرات. بىزمۇ ۋەتەن ئوبرازىنى كەلىمىلىرىمىزنىڭ كۆچى بىلەن قەلبىمىزدە شۇنداق جانلاندۇرايلىكى، ۋەتەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە «ئاھ ۋەتەن!» ... دېگەنچە ئۆيىمىزدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغان هالەتكە كېلەيلى.

«ھەر ۋاقىت ئىچىمىزدىن، قەلبىمىزدىن كېلىدىغان ساداغا ئىشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ سادا ھېچبىر زامان يالغان سۆزلىمەيدۇ» دەيدۇ داڭلىق يازغۇچى ل. تولستوي.

## 6-زىكىرنىڭ كۈچى

زىكىر ماھىيەتتە قۇرئاننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى بولۇپ، زىكىر قۇرئان كەلىمىلىرىنىڭ كۈچى. زىكىر كەلىمىلىرىنىڭ كۈچى ئىنسان روھىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، خۇددى سۇيۇقئاش قوچۇلغاندەك ياكى سورۇلغاندەك سورۇلغان ۋاقىتىدا ھېچقانداق بىر كۈچ مەغلۇپ قىلالمايدىغان روھى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ. خىتاي تۈرمىلىرىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى مانا مۇشۇ زىكىردىكى كەلىمىلەرنىڭ كۈچى بىلەن خىتايدىن ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز زالىمغا پىسەنت قىلماي ياشاۋاتىدۇ. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان شېھىتى 23 ياشلىق ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدىكى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن ھالىتى، خىتايىنى قىلچە مەنسىتمىگەن ھالدا تۇرۇشى، كەلىمە شاھادەت ۋە زىكىرنىڭ كۈچىدىن كەلگەن.

دۇئا كەلىمىلەرنىڭ خىتاب كۈچى شۇنداقلا چاقىرىپ ئەكېلىش كۈچى، ناماز ۋە دۇئا كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق تىلەكلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ۋە زىكىر ھەققىدە توختالغاندا بۇنىڭ ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ۋە ئايرىم كەڭ مەزمۇنلۇق تېما بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن.

### بىر قازان سۇيۇقئاشنى ئالدى بىلەن باللىرىڭىزغا بېرىڭ

مەسىلەن، سىزنى ھېچقانداق يۆلەنچۈكى يوق تۇل ئانا دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. سىزنىڭ بەش بالىڭىز بار. باللارنىڭ دادىسى خىتاي تۈرمىسىدە ياكى ئۆلۈپ كەتتىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىز-دېرىكى يوق. سىز ناھايىتى تەسلىكتە بۆگۈن بىر كىلو گۆشكە ئېرىشىپ بىر قازان سۇيۇقئاش ئەتتىڭىز. سۇيۇقئاشلىرىڭىز پىشىپ، ئۇزۇن كۈنلەردىن بۇيان تاماق يۈزى كۆرمىگەن بەش

بالىڭىز تەقەززالىق بىلەن شىرە ئەتراپىغا ئولاشتى. دەل سىز سۈيۈقئاشنى چىنىلەرگە ئۇسۇۋاتقاندا ئىشىكىڭىز قىقىلدى. ئىشىكىڭىز ئالدىدا پەلەستىنلىك بىر ئانا ئاچ قالغان بەش بالىسى بىلەن بىر قازان سۈيۈقئاشنى ئۆزىگە بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. سىزنىڭ ئالدىنقى بۇرچىڭىز ئالدى بىلەن ئاچ قالغان بەش بالىڭىزنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش، ئاندىن پەلەستىنلىك بالىغا تاماق بېرىش. دۇنيادا مىليونلارچە سوت مەھكىمىلىرى ۋە مىليونلارچە ھەق-ئادالەت دەۋالىرى بار. بۇ سوت مەھكىمىلىرى قولغا ئالغان ھەر بىر دەۋانىڭ ئۆزىگە خاس ھەق ئىگىلىرى بار. بۇ دەۋالار خۇددى تاتلىق سۆلۈق دېگىز بىلەن تۇزلۇق سۆلۈق دېگىز ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كەتمىگەندەك ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. سوت مەھكىمىلىرى بوسۇغىسىدىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھەق ئادالىتى ۋە ئۆز دەۋاسىنىڭ ئىگىلىرى.

**خاتىمە**

بىزمۇ ئۇيغۇر كەلىمىسىنى بىر ئارغامچا دەپ چۈشىنەيلى ۋە بۇ ئارغامچىنى «ئۇيغۇر... ئۇيغۇر... ئۇيغۇر...» دەپ تارتايلى. نەتىجىدە ئۇيغۇر كەلىمىسىنىڭ سېھرى كۈچى ئارقىلىق دۇنيانى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنى، غەربلەت ئۇيغۇسىدا ئۇخلاۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى، تۈركىي مىللەتلىرىنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ كەلىمىنىڭ ئەتراپىغا توپلايلى.

«گۈگۈل ئۇيغۇر» كەلىمىسىنى ئۇيغۇرلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ يۈرىكى دەپ چۈشىنەيلى. گۈگۈل ئۇيغۇر دۈپ... دۈپ ... دۈپ...

2024-يىلى مارت، تورونتو

# ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمىلەر

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋاقتىمدا، تۆۋەندىكى ھېكايىنى سىلەرگە قايتا بىر قېتىم ئېيتىپ بەرمەي تۇرالمايمەن. بۇ ھېكايىنى مەن «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە 2023» پائالىيىتىدە لېكسىيە قىلىپ سۆزلىگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى» ناملىق ماقالەمدىمۇ تىلغا ئالغان ئىدىم. ماقالەمنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بۇ يەردىمۇ بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتمەكچىمەن. بىر ئەما كىشى نيۇيوركتىكى مەشھۇر بروكلىن كۆۋرۈكىدە يىللاردىن بۇيان تىلەمچىلىك قىلىدىغان بولۇپ، كىرىمى ئانچە ياخشى ئەمەسكەن. بىر كۈنى بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ ۋە بىر كارتون تاختىغا بىرنېمىلەرنى يېزىپ، ئەما كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. شۇندىن بۇيان بۇ ئەما كىشىنىڭ تەزگاھىغا پۇل تاشلايدىغانلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپىيىپ، ئەما كىشى مەمنۇن بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنداقتا ئۇ ئايال بۇ تاختىغا نېمە دەپ يازغاندۇ؟ ئايال ئەسلىدىكى «كۆزۈم كۆرمەيدۇ» دېگەن خەتنىڭ ئورنىغا، «بۈگۈن ئىنتايىن گۈزەل بىر كۈن، ئەمما مەن كۆرەلمەيمەن» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ كەلىمە مەزكۇر ئەما كىشىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئىشلىتىدىغان كەلىمىلىرىمىزنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، توغرا ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا ئۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە ئىجابىي

تەسىر كۆرسەتسە، خاتا ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا تەقدىرىمىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى ۋە دۇنيادىكى ئوبرازىمىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈش ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدىكى ئوبرازىمىزنى ئىجابىي شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بەزىدە خاتا ئىشلىتىلگەن كەلىمىلىرىمىز بىزنىڭ مۇستەقىل ۋەتەن قۇرۇش ئارزۇيىمىزنى سۇغا چىلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشىگە تەتۈر تاناسىپ گەپ-سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمۇ بىزنى ياكى ئايىغى چىقماس مۇنازىرەلەرگە ياكى دۈشمىنىمىزنىڭ ئويۇنلىرىغا ۋە ياكى ۋەتەن قۇرۇش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارغا دۇچار قىلىشى مۇمكىن. تۆۋەندە مەن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقىغان، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان تۆت كەلىمە ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن. ئۇلار «تارانچى، تۈركىستان، ئاللاھنىڭ ئۆيى ۋە دىنىمىزنى ئەڭ يۈكسەك دىن قىلىش» دېگەن كەلىمىلەردىن ئىبارەت.

## 1-ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمە «تارانچى» كەلىمىسى

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئاساسلىقى غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىنى تەشكىل قىلغان بۇ جۇغراپىيىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، تارىختا باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن «تارانچى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان بولۇپ، تارانچى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭغار ئىستېلاسى

دەۋرىدە، كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنى «تارانچى»، يەنى بۇغدايچى، تېرىقچى مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان. شۇنىدىن ئېتىبارەن تارانچى كەلىمىسى دەسلەپتە جۇڭغارلار، ئاندىن رۇسلار، ئاندىن شىڭشىسەي ۋە ھازىر خىتاي تەرىپىدىن بىر مىللەتنى پارچىلاپ باشقۇرۇش ھىيلە ـ نەيرىڭىنىڭ كوزىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. تارانچى شېۋىسى، تارانچى دىئالېكتى ۋە تارانچى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن رۇس تەتقىقاتچىلىرىمۇ ماقالىلەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر شۇملۇق پۇراپ تۇرىدۇ. يەنى ئۇيغۇر مىللىتىنى بۆلۈپ، ئايرىم بىر «تارانچى» دېگەن مىللەتنى شەكىللەندۈرۈش ھىيلىسى پۇراپ تۇرىدۇ. ئىسمى ـ شەرىپى ئا. ف. دەپ تىلغا ئېلىنغان بىر رۇس يازغۇچىسىنىڭ 1908 ـ يىلى شۇرا ژۇرنىلىنىڭ 16 ـ ، 17 ـ ۋە 18 ـ سانلىرىغا بېسىلغان ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەققىدىكى تارىخى يازمىسى يېقىندا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ تور بېتىدە قايتا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، رۇس ئاپتورى ئا. ف. نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ تارىخىي ماقالىدا تۆۋەندىكىدەك قۇرلارنى ئۇچرىتىمىز:

«غۇلجا ئىلى سۇلتانلىقى ۋە تارانچىلار كىملەر؟ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارانچى مىللىتىنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى، ئىلى دەرياسى بويىدا مۇستەقىل غۇلجا سۇلتانلىقى تەشكىل قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئۇشبۇ تارىخنى، غۇلجا سۇلتانلىقىنىڭ 1 ـ سۇلتانى ئابدۇرۇسۇلنىڭ نەۋرىسى مەرھۇم ئابدۇلباسىت تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ تونۇشلىرىغا سۆزلەپ بېرىلگەن».

دېمەك، يۇقىرىدىكى قۇرلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر تارانچى دېگەن بىر مىللەت سۈنئىي رەۋىشتە

دەسسىتىلمەكچى بولغان بولۇپ، ئايرىم بىر مىللەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1935-يىلى 12-ئاپرېلدا، شىڭشىسەي ئۇيغۇر دىيارىدا مىللەتلەر قۇرۇلتىيى چاقىرغان بولۇپ، قۇرۇلتايدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى 13 مىللەتنى، يەنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، قازاق، خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز، سولون، داغۇر، مانجۇ، شىبە، رۇس ۋە تارانچى دەپ تىلغا ئالغان. مەزكۇر قۇرۇلتايدا تارانچى ئىسمىنى مىللەت سۈپىتىدە رەتكە تىزىپ، «تارانچى» نى بىر مىللەت دەپ ئېلان قىلغان. 1944-يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئاتالمىش تارانچى دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان مەزگىللەردىن بۇيان بىز يەنە «تارانچى كۈيلىرى» ۋە «تارانچى كۈلكىلىرى» دېگەن ئىسىملارنى ئۇچرىتىۋاتىمىز. تارانچى ئىسمى ئەسلى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئاران 3% تىنىمۇ تەشكىل قىلمايدىغان، پەقەت مۇستەملىكىچى جۇڭغارلارنىڭ غۇلجىدا بۇغداي تېرىيدىغان دېھقان ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ئىسمى بولۇپ، تارانچىلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. تارانچى كۈيلىرى ۋە تارانچى كۈلكىلىرى دەيدىغان ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋە ئوتتۇرىدىن يوق قىلىشتىن ئىبارەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل سۇيىقەستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇرنىڭ كۈي-نەغمىلىرى شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ كۈلكە-چاقچاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەلمىساقتىن شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن.

## 2-ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان «تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» كەلىمىسى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا قوللىنىلىۋاتقان يەنە بىر كەلىمە تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلار كەلىمىسى. تۈركىستان كەلىمىسىنى ئۇيغۇر ۋەتىنى سۈپىتىدە كۆپرەك ئىشلىتىۋاتقان كىشىلەر تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بولۇپ، بىز داۋاملىق ھالدا تۈركىيەدە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشلىرىدا: «ھەق-ھوقۇق ئادالەت، تۈركىستانغا ھۆرىيەت» دېگەن شوئارنىڭ بەك كۆپ توۋلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ئۇنداقتا تۈركىستان دېگەن بۇ جۇغراپىيە زادى قەيەرلەردە كۆرسىتىدۇ؟ بىر نەزەر سېلىپ باقايلى. تۈركىستان شەرقتە ئالتاي تاغلىرى، جەنۇبتا ھىندىقۇش، كوئىنلۇن تاغلىرى، شىمالدا ئارال ۋە بالقاش كۆللىرىدىن ھالقىپ قىرغىز يايلاقلىرىغا قەدەر سوزۇلغان، يەر مەيدانى 6 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ جۇغراپىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي رايوننى كۆرسىتىدۇ. تۈركىستاننىڭ 2001-يىلىدىكى نوپۇسى 43 مىليون 210 مىڭ 802 بولغان.

تۈركىستان غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تۈركىستان، غەربتە بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستاننىڭ ئاساسى قىسمى، ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى، شەرقتە بولسا خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى كۆرسىتىدۇ. غەربىي تۈركىستاندىكى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر نۆۋەتتە

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىش مەيدانلىرىدا ئۇلار ھەققىدە ھۆرىيەت تەلەپ قىلىپ شوئار توۋلاپ بېرىشى مەنتىقىگە تازا چۈشمەيدۇ ھەمدە تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك جۇغراپىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى بولالمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تۈركىستان جۇغراپىيەسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۇيغۇرلار 1933 ـ ۋە 1944 ـ يىللىرى ئۇدا ئىككى قېتىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان. تۈركىستان كەلىمىسى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ؟ قاچاندىن بۇيان شۇنداق بولۇپ قالدى؟ كېلىپ چىقىش مەنبەسى زادى قانداق؟ بۇ بىلمەسلىكتىنمۇ ياكى قەستەنلىكتىن؟ غەلىتە ھالدىكى قەستەن ھارۋىنى ئېلىپ قېچىشمۇ ياكى يوغان ئاياق كىيىۋېلىشمۇ؟ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنى تۈركىستان دەپ ئاتىغان ۋاقتىمىزدا غەربىي تۈركىستاندا ھازىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشاۋاتقان باشقا تۈركىي قېرىنداشلىرىمىز بىز ئۇيغۇرلارغا قانداق نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ؟ قانداق كۆز بىلەن قارايدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇبرازى قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟ «تۈركىستانغا ھۆرىيەت» ئىبارىسى ئارقىلىق بىز غەربىي تۈركىستانغا ۋە دۇنياغا قانداق سىگنال بېرىمىز؟ بۇنداق بىر كەلىمىنى ئىشلىتىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقى، پايدا ـ زىيىنى قانچىلىك؟ بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك دەپ قارايمەن. مەنچە بولغاندا، تۈركىستان ۋە تۈركىستانغا ھۆرىيەت كەلىمىسىنىڭ ئارقىسىدا خۇددى تارانچى كەلىمىسىنىڭ زورلاپ تېڭىلغىنىغا ئوخشاشلا بىر شۇملۇق سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، ئۇيغۇر كەلىمىسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر كەلىمىسگە سايە تاشلاش ۋە ئۇيغۇر كەلىمىسىنى يوق قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان مەلۇم گۇرۇھلارنىڭ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئېلىپ بېرىش پىلانى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەت نامىنى يوق قىلىش

ھىيلىسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايمەن. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئانا ۋەتىنىنىڭ نامىنىڭ قەستەن تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ تولىمۇ كەڭ جۇغراپىيەگە مەركەزلەشتۈرۈلۈشىنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ خىتاي چۈشىنىڭ ئىچىدىكى سۇنى لىيىتىپ بېلىق تۇتۇش ھىيلىسى دەپ قارايمەن. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان قېرىنداش تۈركى مىللەتلىرىنى ئۆز-ئارا ئايغى چىقماس جېدەلگە سېلىپ قويۇشتىكى بىر تاكتىكا بولسا كېرەك. شۇڭا تۈركىيەنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىش مەيدانلىرىدا «تۈركىستانغا ھۆرىيەت» كەلىمىسىنى ئىشلەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز نۆۋەتتە، يەنە مۇھاجىرەتتە «شەرقىي تۈركىستان» كەلىمىسى بىلەن يانداش ھالەتتە «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» دېگەن كەلىمىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. شەرقىي تۈركىستانلىقلار دېگەن بۇ كەلىمىنى كۆپ قوللىنىۋاتقانلار شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەۋەرلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن مۇستەملىكە ئىسمىغىمۇ يەنە ئۆزلىرى رازى بولماي ئۇيغۇر كەلىمىسىنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ، «شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىغىنىدەك بىر ئىش. شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ يېقىندا كانادا ئۇيغۇر مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلام ھەققىدە يوللىغان تەبرىك خېتىدىكى «كانادادىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ ...» دېگەن كەلىمە دىققىتىمنى تارتتى. مەسچىتنىڭ ئىسمى «ئۇيغۇر مەسچىتى». ئۇ خاس ھالدا كانادادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان مەسچىت ۋە ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئىبارەت. بۇ مەسچىت

ياكى ئۇيغۇر ئۆيىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى تامامەن ئۇيغۇرلاردۇر. نېمە ئۈچۈن «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىمىزنى ئىشلىتىشكە تىلىمىز كۆيىدىغان بولۇپ قالدى؟ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا خەيرلىك بولسۇن، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئۇنداق بولسۇن ، بۇنداق بولسۇن دېگەن ئۇزۇن-ئۇزۇن تىلەكلەرنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تېلېۋىزىيەسىنىڭ خەۋەرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.


شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيى
6 days ago ·

ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار،

2024. يىلى 5.ئاينىڭ 25. كۈنى كانادا ئۇيغۇرمەسچىتىنىڭ يېڭى رەئىس سايلىمى ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە كانادادىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ دېموكراتىك شەكىلدە ئۆز رەئىسىنى سايلاپ چىققانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇق.

سايلامدا غەلبە قىلغان دىلمۇرات بەگزاد ئەپەندىمنى سايلامدىكى غەلبىسى ئۈچۈن تەبرىكلەيمىز ۋە كۈرىشىمىز ئۈچۈن خەيرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دىلمۇرات بەگزاد بەگ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى ھەيئەت گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ئىجابىي قەدەملەرگە ۋەسىلە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
2024-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى

شەرقىي تۈركىستانلىقلار دېگەن ۋاقتىمىزدا شەرقىي تۈركىستانلىق كىم؟ بۇ يەردە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئۇيغۇر دېگەن نام ياكى كەلمىدىن قېچىش مەۋجۇت بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار دېگەن بۇ كۆپلۈك ئىبارىسىگە شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان قىرغىز، قازاق، ئۆزبېك ... قاتارلىق خىتاي تىلغا ئېلىۋاتقان ۋە تەكىتلەۋاتقان بارلىق 53 مىللەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇيغۇر دېگەن بۇ پەخىرلىك نامىمىز خۇددى دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە يىغىلىپ قالغان سامان، شاخ-شۇمبىلاردەك ياكى قازاندا سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ ئېلىۋېتىشنى

كۆتۈپ تۇرغان قىلىن ماي ئىقىندىلىرىدەك ئەھۋالغا دۇچار بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ئۇنتۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدا مەن تەكىتلەپ ئۆتكەندەك «تارانچى» دېگەن بىر مىللەت شەكىللىنىشى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر كوللېكتىپ مىللەتنىڭ يېڭى ۋەتىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدە قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇرلار ماناس دەرياسىنىڭ بويىدىن يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەندەك ئۆمىدسىزلىككە مۇپتىلا بولۇشى مۇمكىن. مەيلى تۈركىستان كەلىمىسى بولسۇن ۋە ياكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار كەلىمىسى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۇيغۇر كەلىمىسىگە سايە چۈشۈرۈپ قويۇشى، بىر تەرەپتىن چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك روھىنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەن قۇرۇش يولىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چەتئەلدىكى ئاممىۋى ئاساسىنى كۈچلەندۈرىدىغان مىللەتچى ئۇيغۇرلار قوشۇنىنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەندە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بەزى قانۇنلار نامىنىڭ، يەنى «ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى بىكار قىلىش قانۇنى»، «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى»، «ئۇيغۇر ماگنىنىستىكى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ئىسمىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» قانۇنى بولۇپ چىقىرىلىشىنى ئارزۇ قىلغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ خۇددى بىر مېغىزنى يۈزگە بۆلگەنلىك، بىر قاچا سۇيۇقئاشنى قانچە كۈن ئاچ-زارلىقتا قالغان باللىرىمىزغا بەرمەي، باشقىلارغا تارقىتىپ بەرگەندەك ئىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالمىغان مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىنى قايتا قۇرۇشى تەسكە توختايدۇ. ئۆزگە تەۋە زېمىندىن

ھالقىغان ۋە ئۆز مىللىي مەنپەئەتىنىڭ پەيدا بولمىغان، زېمىن ئاشقۇنلۇقى ۋە تەخىرسىز مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىۋالماسلىق نادانلىقىغا مۇپتىلا بولغان چېچىلاڭغۇ، پىرىنسىپسىز، نىزامنامىسىز مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىدە ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلىرى قايتا تەكرارلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار دەۋا دائىرىمىزنى پەقەت 1 مىليون 828 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا مەركەزلەشتۈرەيلى، ھەرگىز 6 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنىڭ ئەمەس. بىز گۆگۈلدىن ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا، ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان ياكى ھازىرقى خىتاي قويغان مۇستەملىكە نام شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى توغرىسىدا ئۇيغۇرلار 48.04%، خىتاي كۆچمەنلىرى 6.05%، قازاق 4.15% دېگەندەك رەقەملەرنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بىز بۇ زېمىنىنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتىنى دېگەن ۋاقتىمىزدا ، مەلۇم مەنىدىن ئۇيغۇر ۋەتىنى دېگەن بۇ نامدىن ۋاز كەچكەن بولىمىز. نۇرغۇنلىغان كۆچمەنلەرنى ئۆزىمىز چاقىرىپ كېلىمىز. ئۇيغۇرلار خىتاي يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە ساۋاق ئالمىغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. شۇڭا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ تۈركلۈك، مۇسۇلمانلىق، مەنپەئەت دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە تەپەككۇر قىلمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز.

### 3-ئاللاھنىڭ ئۆيى كەلىمىسى

ئايەتەل كۇرسى، يەنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 255-ئايىتىدە ئاللاھ بىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. خۇددى بىز بىر ئىشقا ئىلتىماس قىلغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئىش ئورۇنلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ

كىملىكىمىزنى، قانداق ئېتقادىرىمىزنىڭ بارلىقىنى، قانداق كىشى ئىكەنلىكىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئىنگلىزچە ئىسمى «رېزۇمى»، ئۇيغۇرچە ئىسمى تەرجىمھال دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسە تاپشۇرغىنىمىزدەك، ئاللاھمۇ ئايەتەل كۇرسى ئارقىلىق ئۆزىنى بىزگە تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئايەتەل كۇرسىنى ئاللاھنىڭ كىملىك باياناتنامىلىرىدىن بىرى دەپ چۈشىنىمەن.

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ بىزگە ئۆزىنىڭ كۇرسىنى، يەنى قانداق بىر زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ئايەتەل كۇرسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئەلھەيدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇتلەق تىرىكتۇر. ئۇ پەقەت تىرىكلا ئەمەس، بەلكى تىرىكلىكنىڭ، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. مەن تىرىك، ھايات دېگەن ھەممە نەرسىنىڭ تىرىكلىكىنى بەرگۈچى ئۇدۇر. ئاللاھ ئەلقەييۇمدۇر. يەنى بارچىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى، مەخلۇقاتنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت بولغۇچىدۇر . ئۇنى غەپلەت باسمايدۇ، مۈگدەپمۇ قالمايدۇ. ئاسمانلار ۋە زېمىندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر نەرسە ئۇنىڭغا ئائىتتۇر.» ئاللاھنىڭ كىملىك باياناتنامىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئايەتەل كۇرسى قۇرئاننىڭ جان تومۇرى دەپ قارىلىدۇ.

ئايەتەل كۇرسىدا ئاللاھ ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىكلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ھايات بەخش ئەتكۈچى ئەلھەي ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، زور پارتلاش ياكى چوڭ پارتلاشتىن تارتىپ، ئاتوم ۋە ئاتومدىنمۇ كىچىك ئۇششاق زەررىچىلەرگىچە بىلگەن ۋە ياراتقان ئىلاھ، مىسلىسىز تەجەللى ئىگىسى، ئاسمانلار ۋە يەر-زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئالدىدا ئارقىدا، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان ھەر نەرسىنى بىلگۈچى، ئىنسانلارنى قۇتقۇزغۇچى دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇنداقتا مانا مۇشۇنداق ھەر

نەرسىگە قادىر ياراتقۇچى بولغان ئاللاھ ، خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، مەۋجۇت بولۇش بىلەن بولالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق باسقۇچىدا ئىڭراۋاتقان ئاجىز، دۇنيانىڭ ياردىمىدىن ۋە نەزەرگە ئېلىنىشىدىن مۇستەسنا قېلىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تىرىپىرەن بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىگە ئۆي سېلىپ بېرىشنى، يەنى يەنە بىر ئىسمى جامە ياكى مەسچىت دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاينى سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلارمۇ ۋە ئۇنى جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتى قىلارمۇ؟ ئەمما ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قانداق ئاڭلىتىش، قانداق قۇتقۇلۇش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىغا قارىغاندا، ئاللاھنىڭ ئۆيىنى بەرپا قىلىپ، ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بەك جىددىي ۋە تەخىرسىز ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بىر مىللەتنى مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت قىلىپ تۇرىدىغان ئامىللار ئۇنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى دىن (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى نوقۇل بىرلا دىن ئەمەس، بەلكى بارلىق دىنلار) ئىبارەت بولۇپ، ئىنسانلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسا مەزكۇر دىن شۇ مىللەت ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ ياكى قوبۇل قىلىنغان دىننى چۆرىدىگەن ھالدا مەدەنىيەت بارلىققا كېلىدۇ. دىن ئاملى بىلەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ئۆرپ-ئادەت ئاملى بىر مىللەتنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى قولى بولۇپ، بىر قولنىڭ يوق بولۇشى ياكى بىرلا تەرەپنىڭ قاتتىق تەكىتلىنىپ، يەنە بىرىگە ئېتىبار بەرمەسلىك، مەنسىتمەسلىك رادىكاللىق، دىكتاتۇرلۇق ۋە جاھالەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. مەسىلەن، تالىبانلار پەقەت دىن ۋە ئۇ يول قويغان نەرسىلەرلا

مەۋجۇت بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئىنكار قىلىنغان بىر دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ مۇستەبىتلىك ۋە جاھالەتنىڭ مىسالى. ئەگەر پەقەت مەدەنىيەت، سەنئەتلا تەكىتلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ دىنى ئېتىقادى چەكلىمىگە ئۇچرىسا، بۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئادالەت، ئەخلاق پىرىنسىپلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئەركىن ۋە دېموكراتىك، ھۇزۇرغا تولغان بىر ۋەتەننى قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى چوڭ تېما بولۇپ، مەن بۇ تېمىغا كىرمەيمەن. مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم، مۇھاجىرەتتە ئاللاھنىڭ ئۆيىنى بەرپا قىلىش ۋەسۋەسىسى شۇنداقلا بىز بەرپا قىلغان ئۇ ئۆينىڭ ئاللاھنىڭ ئۆيىگە ئوخشىماي، ئەكسىچە «سىنىپى كۈرەش» مەيدانىغا ۋە ياكى جورجى ئورۋېلنىڭ «1984» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان «نەپرەت كېچىسى» تەشكىللەيدىغان ئورۇنغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقى، ئاخىردا «ئۇيغۇر ئۆيى» كەلىمىسى بىلەن «ئۇيغۇر مەسچىتى» كەلىمىسىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىۋاتقانلىقى، شۇ ۋەجىدىن، «ئۇيغۇر ئۆيى» دېگۈچىلەر بىلەن «ئۇيغۇر مەسچىتى» دېگۈچىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن خىتايدىكى سىنىپىي كۈرەشلەردىن بەتتەر خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى. ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىش شۇنچە قىيىن بولغان مەسىلىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇ پەقەتلا بىزنىڭ ئىدىيەمىزدىكى دوگمىچىلىق ۋە رادىكاللىق مەسىلىسى بولۇپ، دىن باھانىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت، سەنئىتىنىڭ؛ مەدەنىيەت، سەنئەت باھانىسىدا دىنىنىڭ ئۆز قولىمىز بىلەن چەتكە قېقىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان ئىچكى توقۇنۇش بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنمىغاندا، خىتاي بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ،

بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆستىگە ياغ چېچىش ئارقىلىق، خىتاي جازا لاگېرلىرىنىڭ تاقىغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىمىز بىلەن پىكىر-ئىدىيە ۋە چۈشەنچە جازا لاگېرلىرىنى ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرۇپ چىقىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشى مۇمكىن.

دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈرك دىن ئالىملىرى ئىلاھى ئامىل بىلەن ئىنسان مەھسۇلى ئامىلنىڭ بىرلىشىشى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە قەدىمى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرى بولمىغان بىر مىللەت مىللەت بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ، ھەم ئۇنىڭ كېلەچىكىمۇ بولمايدۇ. ئاللاھ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ ياراتقان بولۇپ، خۇددى ئىككى دېڭىزنىڭ سۈيى ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش، بۇ ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرمۇ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. خانلەيلۇن ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ ھەرگىز بىر تۈركنىڭ، بىر ئافرىقىلىقنىڭ ياكى بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بولالمايدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىسى بار ئىدى. مەسىلەن، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كەنئان ۋادىسى ۋە مىسىرنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بولسا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ تەۋھىدكە زىت كەلمەيدىغان ئەرەب ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئەگىشىمەن دېمىگەن ۋە ياكى ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلمىغانىدى.

بىر دىنغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ بىدئەت ئۆزىنىڭ ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مەنسۇپ بولغان مىللىي ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەتلەرنى دىن ئورنىغا قويۇۋېلىش ياكى ئۆزى ئائىت بولغان ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قېقىش پوزىتسىيەسىدۇر. دىندار بولۇشلا تەكىتلىنىپ، دىن ئادىمى بولۇپ ياشاش بىزنى كېلەچەكتىكى تالىبان دۆلىتىگە باشلاپ بارىدۇ.

بۇ يىل ماي ئېيىدا مەن يېزىۋېتىكەن «ئۆزىمىز دۈشمەنلىشىپ قالساق قالايلىكى، ئەمما ئاللاھنىڭ ئۆيى كەلىمىسى بىلەن ئۇيغۇر ئۆيى كەلىمىسىنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويمايلى» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە ئېلان قىلدىم. ئوقۇپ بېقىشنى خالايدىغانلار تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ.

https://www.facebook.com/gulshen.abdukadir.3/posts/
pfbid0JcAfsoQ5JMXkBnECpSSqctpE5z997QivmZcqt5
GNJoyap1tRDxMmUEBHhwaHyj8Al

نۆۋەتتە چەتئەلدىكى ئۇيغۇر جامەسى ياكى مەسچىتلىرى قانداق بولۇش كېرەك؟ ئۇيغۇر جامەسى پەقەت جامەلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنى ياشىنىتىدىغان سورۇن، ئابىچەشمە. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆيى بولۇشتىن بۇرۇن ختاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىلىدىغان، توپلىنىدىغان ھۇزۇر ئۆيى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىشغا يارىغاندا ئۇيغۇر ئۆيى، ئىشغا يارىمىغاندا ئاللاھنىڭ ئۆيى دەيدىغان ئىككى بىسلىق كەلىمىلەر بىلەن ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىدىغان ئىماملارنىڭ بېزىكى ئەمەس.

ئىسلام بىر، مۇسۇلمانلىق كۆپ خىل بولۇپ، تارىختا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەر مىللەت ئۆز مىللىي خاسلىقلىرى بىلەن ئىسلام پرىنسىپلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت، ئەنئەنە بەرپا قىلىپ كەلگەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار چەتئەلدە بەرپا قىلىۋاتقان مەسچىت-جامەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى كىملىكلىرى بولغان مەدەنىيەت، ئەنئەنە، مىللىي كۆز قاراش، مىللىي قەدىرىيەتلەر ۋە ئىستىقلال مارشى بىلەن يۇغۇرۇلمىسا؛ خەلق بەرگەن سۆزلەش ھوقۇقى بىلەن سەھنىگە چىقىۋېلىپ، ئاران ياشاۋاتقان خەلقىگە زەھەر نەشتەر سانجىسا؛ ئۆزىنىڭ كىملەردۇر بىرلىرى بىلەن بولغان ئۆچ-ئاداۋىتىنى چىقىرىۋالىدىغان سورۇنى قىلىۋالسا، ئۇنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كۇرسىنى چۇشۇرمەيلى.

ئىنكارنى قانداق پەدەزلىسەڭ پەدەزلە ئۇنىڭ قىممىتى نۆل بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئىمان بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئىنسانلارغا لەقەم قويۇش، قالپاق كىيدۈرۈش، جامائەت ئىچىدىكى يۈز-ئابرۇيىنى كىچىكلىتىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرىشى يولىدىكى پىداكارلىرىمىزنى ئابرۇيسىزلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇل، ۋاستىلەر خىتاينىڭ ئۆزۈن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قوللىنىۋاتقان تاكتىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ، خىتاي بۇ تاكتىكىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەسچىتلىرىمىزگە ئېلىپ كىرەلىدى ياكى بىلىپ-بىلمەي ئۆزىمىز ئېلىپ كىردۇق. ئىماملىرىمىز بۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ، يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ باش لىڭشىتىپ، كۆلۈمسىرەپ تەستىق سېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئەگەر جامە ياكى مەسچىتنى ئاللاھنىڭ ئۆيى دەپ قارىساق،

ئۇ چاغدا ئىمان ئىجابىي، ئىنكار سەلبىيدۇر. ئىنكار شەيتانلىق دېمەكتۇر. ئىجابىي نەرسە بىلەن سەلبىي ھېسابلانغان ئىنكار، يەنى شەيتانلىق چىقىشالامدۇ؟ ئىمان ئادىمىيلىكتۇر، ئىنكار شەيتانلىقتۇر. ئەگەر ئىمانىمىزنىڭ مۇستەھكەملىكىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان جامەلىرىمىزگە ئىنكار، يەنى شەيتان كىرگەن بولسا، بۇنىڭغا ئۆزىنى ئىمام دەۋالغان كىشىلەر باش لىڭشىتىپ ئىنكارنى تەستىقلاپ ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئاللاھنىڭ ئۆيى دەۋاتقان بۇ دەرگاھ ئىسمى جىسمىغا لايىق بولمىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. ھازىر گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە قۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر مەسچىتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئۆيى كەلىمىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قېلىۋاتىدۇ. دىن تەرەپدارلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسچىتىنى ئۇيغۇر ئۆيى دەپ ئاتاش ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا باشلاپ بارىدىغان مەسىلە بولۇپ، خۇددى خىتايدا ئۆيىدىن جايناماز ياكى قۇرئان كەرىم ۋە ياكى ئاللاھ كەلىمىسى يېزىلغان بۇيۇم چىقىپ قالسا تۈرمىگە ياكى لاگېرغا تاشلانغاندەك.

بىز ئاللاھنىڭ ئۆيى دەۋاتقان جايلىرىمىزنى باشقۇرۇش مەسىلىسىدە چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلماقتىمىز. ئۆزىمىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغان، ئەمما بىز دەۋاتقان ئاللاھنىڭ ئۆيىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادى ۋە مەنىۋى ياردەملەردە بولغان خەلقىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر-تەكلىپلىرىنى مەسچىتكە ھاقارەت قىلغانلىق، «مەسچىتنى تانسىخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولغانلار» دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزۈۋاتىمىز. خەلقىمىزگە قالپاق كىيگۈزۈشتە خىتايدىن قېلىشمايۋاتىمىز. ھەتتا دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك بولغان تېررورنىڭ ئۇۋۇلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە پۇل ئەۋەتىش يوللىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى ۋە خەلقئارادىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشتەك ئىنتايىن ئەخمىقانە

ئىشلارغىمۇ تەۋەككۈل قىلىۋاتىمىز.

## 4-ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن ياكى ئەزىز قىلىش

ھازىر مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى غۇرۇر ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بىر كەلىمە بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىش» كەلىمىسىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە بۇ كەلىمە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىقمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئۆزىمىز ئېتىقاد قىلغان دىنىنى ئەڭ يۈكسەك دىن قىلىش شوئارى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن قانداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە قانداق تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقا دىنلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان ئىدى؟ دىنىي ئۇرۇشلار ئاخىرلىشىپ، دۇنيا خىتاي قاتارلىق بىرقانچە دىكتاتور دۆلەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مودېرن، يېڭى، ئىلغار، دېموكراتىك دەۋرگە كىرىۋاتقان، ھەممە دىنلار باباراۋەر دەپ قارىلىدىغان، دىنىي ئەركىنلىك ئاساسى نىزام قىلىنىۋاتقان بىر دۇنيادا، ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان «ئىسلام دىنىنى ئەڭ ئۈستۈن دىن» قىلىش شوئارى مەنچە بولغاندا باشقا دىنلارغا جەڭ ئېلان قىلغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھىندىستاندا كالا ئۇلارنىڭ خۇداسى بولۇپ، كالىغا ئىبادەت قىلىش ئۇلارنىڭ دىنى ئۈچۈن ئەڭ يۈكسەك نۇقتا. ھىندىستاندا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئولتۇرۇۋالغان بىر كالىنى ئۇرۇپ قوغلىۋېتەلمەيسىز. ئەگەر بۇنداق قىلسىڭىز ھىندىستان خەلقىنىڭ دىنىي قەدىرىيەتلىرىنى زىدىلەپ قويغان بولىسىز. بۇ خۇددى قۇرئاننى كۆيدۈرۈش بىزنىڭ دىنىي قەدىرىيەتلىرىمىزنى زىدىلەپ قويغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. دىن تارىخىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ يالغۇز دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش

ۋە رەڭگارەڭ قىلىش ئۈچۈن، دىن بىلەن ئىلىم-پەننىڭ بىرلىشىشى كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا خىرىستىيان دىنى مۇتلەق ئۈستۈن دىن دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. رىم چېركاۋى داۋاملىق ھالدا يەھۇدىيلار ئاللاھ تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت دېگەن قاراشنى كۆپ تەشۋىق قىلىپ تۇراتتى. يەھۇدىيلار دىنىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈنىمىغانلىقتىن زىيانكەشلىك ئۇچراپ كەلگەنىدى. ئىسپانىيە كاتولىك راھىبلىرى يەھۇدىيلارنى ئۆلۈم ياكى دىنىنى ئۆزگەرتىش بىلەن تەھدىت قىلىپ، ئۇلارنى كاتولىك دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش بىلەن دىنىي ئېتىقادىنى باشلىغان بولسا، مانى، شامان، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن تاكى ھازىرقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقىچە بولغان بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ھاكىمىيەتلەر مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمىدى، ئەمما دىنلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ئىسلام دىنىغا كىرمەسلىك ئۈچۈن بۇ دىننى رەت قىلىپ، بىر-بىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر-خوتەن سېپىللىرىنى قانغا بويىغان ئۇيغۇرلار، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنىڭ سادىق ئېتىقادچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى بىر خىل روھى كېسەللىك دەپ مەنسىتمەي كەلمەكتە.

بىز نۆۋەتتە دىندىن ھالقىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. دەۋرىمىزدە دىنىي ئۇرۇشلارغا ئاساسەن خاتىمە بېرىلگەن بولۇپ، دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. شۇ ۋەجىدىن ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان دۆلەتلەر خىتاينىڭ قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈشكە سۈكۈت قىلىپ،

فىرانسىيەدە قۇرئان كۆيدۈرۈلسە نارازىلىق بىلدۈرۈپ كوچىلارغا تۆكۈلۈۋاتىدۇ. پەلەستىن ئۈچۈن كوچىلارغا تۆكۈلۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا سۈكۈت قىلماقتا. قايسىدۇر بىر دىننى مۇتلەق ئۈستۈن دىن قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسى ئەلھەي ۋە ئەلقەييۇم بولغان ئاللاھنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ئۆز دىنىغا ئەركىن ئىبادەت قىلالايدىغان خاتىرجەم بىر جايغا ئېرىشىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش.

كاناداغا كېلىدىغان ئون مىڭ ئۇيغۇر، كانادادا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەركىن ئازادە ھالدا ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالەتتە ياشىيالايدۇ، داۋاملاشتۇرالايدۇ، ساقلاپ قالالايدۇ. پەرزەنتلىرىنى ئىسلام دىنىدا تەربىيەلىيەلەيدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىنى باشقا دىنلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان قانداقتۇر ئۈستۈن دىن قىلمەن دېگەن مەقسەتتە بولالمايدۇ. چۈنكى كانادا قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا، كانادادا ھەممە دىنلار باباراۋەر بولۇپ، ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىسلام مەركەزلىرى، جامەلەر ـ مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇيدىغان ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم ئورۇنلار ئاجرىتىلغان. مەركەزلەردە تەسىس قىلىنغان ئىسلام دىنىي مەكتەپلىرى بار بولۇپ، كانادا دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا تولۇق چىلىشىپ ياشاش ئارزۇسى بار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەرقانداق بىر «ئىسلام» دۆلىتىدىنمۇ يۇقىرى ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. كانادا نوپۇسىنىڭ 67% تى خىرىستىيان، 3.2% مۇسۇلمان، 5% تى باشقا دىنلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كانادا نوپۇسىنىڭ 25% ~ 25 تى ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئەگەر دىنىدا زورلاش يوق بولسا، ئۇنداقتا

ئۈستۈنلۈك تالىشىشمۇ يوق.

2021-يىلى، كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ 600 مىڭ كانادا دوللىرىدىن يۇقىرى قىممەتتىكى بىر زېمىننى سېتىۋېلىپ ئۇيغۇر مەسچىتى قىلدى. سېتىشقا چىقىرىلغىنى بىر چېركاۋ ئىدى. شۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بۇ ھەقتە ناھايىتى نۇرغۇن مۇنازىرىلەر، كۆز قاراشلار ۋە باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بىر چېركاۋنى مەسچىتكە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشىپ، خۇددى مىللىتىمىز ئۈچۈن ئامېرىكا پارلامېنتىدىن بىر خەيرلىك قانۇن ماقۇللانغاندەك تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى. ھەتتا خېلى دىنىي ئالىم-ئۆلىما دەپ قارىغان كىشىلىرىمىزمۇ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بىر چېركاۋنى مەسچىتكە ئايلاندۇرۇۋالدۇق دەپ تەنتەنە قىلدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ دىنلارنىڭ ئۆز-ئارا توخۇ سوقۇش سالدۇرغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلە بولۇپ، بۇ «دونكىخوت» لۇق ئىدى. ئارىدىن 3 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتى ئۇيغۇر جامائىتىگە سەل يىراق بولۇپ قېلىشتەك سەۋەب تۈپەيلىدىن تازا ئاكتىپ خىزمەت قىلالمايۋاتىدۇ. بەلكىم كېلەچەكتە سېتىشقا چىقىرىلىش، بەلكىم بۇ مەسچىتنى بىر خىرىستىيان سېتىۋېلىپ چېركاۋ قىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا خىرىستىيان دىنى غەلىبە قىلىپ ئىسلام دىنى مەغلۇپ بولغان بولامدۇ؟ ئەمدى بىز تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا كەلگەن سابىق چېركاۋنىڭ سابىق رەئىسىنىڭ مۇراسىمدا قىلغان سۆزىگە قاراپ باقايلى:

سابىق چېركاۋ رەئىسى ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە،

بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇننىڭ يەنە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆزگەرگەنلىكىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى سۆز بولۇپ، باشقا دىنغا ۋە شۇ دىننىڭ مەنسۇپلىرىغا بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام ئىدى. ئىنسانلار ۋە مىللەتلەر مانا مۇشۇنداق ئۆزىدىن بولمىغان مىللەت-خەلقلەرگە ۋە دىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندە، ئاندىن دۇنيادىنمۇ ئوخشاش ئەكس سادا قايتىپ كېلەتتى. خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان، مەۋجۇت بولۇش بىلەن يوق بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر بىر كۈندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ۋە كۆپ خىل دىنلار بىلەن ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام ئىچىدە بىللە ياشاشنى، دىپلوماتىك سۆز قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

**خاتىمە**

خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان ئىبارىلەر ياكى كەلىمىلەر بىزنىڭ ۋەتەن قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ باغچىمىزدىكى ياۋا ئوت-چۆپلەرگە ئوخشايدۇ. بىز داۋاملىق بۇ ياۋا ئوت-چۆپلەرنى قىرقىپ، تازىلاپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا گۈزەل باغچىغا ئېرىشكىنىمىزدەك، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى خاتا كەلىمىلەرگە نىسبەتەن سەزگۈر بولغان، تازىلاپ تۇرغان ۋە تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا دۇنيادىكى يۈز-ئابرۇيلۇق، كۈچلۈك مىللەتكە ئايلىنالايمىز. «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە 2023» تە مەن كۆپچىلىككە بامبۇكنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. مەن ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى بولغان بامبۇكقا ئىنچىكە ھالدا ھەيران قالىمەن. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەجىر، سەبىر، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ مەھسۇلى بولغان بامبۇكتىن ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بامبۇكنى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن تەبىئەت ئايىتى دەپ قارايمەن. مەن 2022-يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى

ئىستانبۇلغا كېلىۋاتىمەن. مەن بۇ جەرياندا ھەر قايسى ۋاتسئاپ گۇرۇپپىلىرىدا ۋە يىغىلىشلاردا قۇرئان كۇرسلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، دىنىي ئۇستازلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، دىندىن باشقا نەرسىگە قارايدىغانغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانچە چولىسىنىڭ يوقلۇقىنى، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان، قۇلاقلىق بىلەن يول يۈرگەندىمۇ دىنىي دەرس ئاڭلاپ كېتىۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئۇچراتتىم. بۇ ئەھۋال ناھايىتى ياخشى. بىر مىللەت ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا مانا مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئېسىلىشى كېرەك. ئەمما مەن كۆپچىلىككە تارىخ جەھەتتە ھازىر قولىمىزدا بار بولغان قۇرئاندىنمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان، ھەتتا چوڭ پارتلاش(بىگ باڭ) غىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقلارغا تۇتىشىدىغان مۇھتەشەم تەبىئەت قۇرئانىنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن. ئاللاھ قۇرئاندا، يەنى ئەنكەبۇت سۈرىسى 20-ئايەتتە «دۇنيانى كەز، ئايلان، دۇنيانىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا نەزەر تاشلا» دەپ ئەمىر ۋە بۇيرۇق قىلىدۇ ئىنسانلارغا. شۇنداق، دۇنيانى ھېچ بولمىسا ئىستانبۇلنى كېزىپ ئايلىنىڭ، تەبىئەت قۇرئانىغا دەردلىرىڭىزنى تۆكۈڭ، تەبىئەت قۇرئانى سىزگە ئەقىل بېرىدۇ، زېھنىڭىزنى ئاچىدۇ، سىزدە بار بولغان ئۈمىدسىزلىك، روھى چۈشكۈنلۈككە ئوخشايدىغان ھەرقانداق سەلبىي نەرسىنى سىزدىن ئېلىۋېلىپ، سىزگە ساپلىق، روھى ئوزۇق، ئەقىل ۋە قايتىدىن تۇغۇلۇش ئاتا قىلىدۇ. ئەسلىدىنلا تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى كاربون تۆت ئوكسىدىنى سۈمۈرۈۋېلىپ بىزگە ئوكسىگېن، يەنى ساپ ھاۋا بېرىش ئەمەسمىدى؟ «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە 2023» تە مەن كۆپچىلىككە، بولۇپمۇ ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ھەر بىر كىشىنىڭ خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە ئۆز كەچمىشلىرىنى بىر قىرغىنچىلىق ھېكايىسى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىشنى ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە دۇنياغا سۇنۇش تەۋسىيەسىدە بولغان ئىدىم. تەبىئەت قۇرئانىغا ئىيسلىك، تەبىئەت قۇرئانىنىڭ تەسۋىسىنى سىيرىك، تەبىئەتكە دەردلىرىڭىزنى تۆكۈڭ. تەبىئەت قۇرئانى سىزگە جاۋاب قايتۇرىدۇ خۇددى يېرىلىك ئىشىم چۆچكىدىكىدەك. بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئانىغا، تەبىئەت يېرىلىك ئىشىمغا دەردلىرىڭىزنى تۆكۈڭ، بىر تەرەپتىن تېلېفونىڭىزنىڭ ئاۋاز ئالغۇچىسى ئارقىلىق ئاۋازغا ئېلىپ ساقلاپ قويۇڭ، ئۆيىڭىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا ئاڭلاپ يېزىپ چىقىڭ، تاما ـ تاما كۆل بولۇر. ئۇيغۇرلار 21ـ ئەسىردە بېشىدىن كەچۈرگەن، دۇنيا تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرغان قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق شەكىللىنىدۇ. بۇ يول بىلەن بىز دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتكە ئايلىنالايمىز. بىر كۈنى ھېكايىلىرىمىز دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق كىنو فىلىملىرىگە ئايلىنىدۇ. دۇنيا خەلقلىرى ئالدىدا بىز چاقنىغان يۇلتۇزغا ئايلىنىمىز. دۇنيا خەلقلىرى «سىلەر نېمە دېگەن قەيسەر مىللەتسىلەر!» دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن يەنە ئاللاھمۇ تەسىرلىنىپ، جەننىتى فىردەۋسلەرنىڭ ئىشىكىنى بىزگە داغدام ئېچىۋېتىدۇ. قېنى ئۇنداقتا بىر تەرەپتىن تەبىئەت قۇرئانىغا مەھكەم ئېسىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىنچىلىق ھېكايىمىزنى قەغەزلەرگە تۆكۈشكە باشلايلى.

ئىلاۋە: 2024ـ يىلى ماي ئېيىدا تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىدە، مەسچىت دېمەك ئاللاھنىڭ ئۆيى دېگەنلىك كەلىمىسىگە ھېچ ياراشمايدىغان، ئاللاھنىڭ ئۆيىنى غەيۋەت ـ شىكايەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان مۇنداق ئىككى ۋەقە سادىر بولۇپ ئۆتتى:

بۇنىڭ بىرى، ئەزەلدىن ئۇيغۇر دەۋاسى يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان كىشىلىرىمىز ۋە تەشكىلاتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىش، ئۇلارغا لەقەم قويۇش، ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرۇش،

قىممەتسىز ۋە قەدىرسىزلەندۈرۈش مەقسىتىدە تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بۇ مەسچىتكە كېلىپ، سورالغان سوئاللار باھانىسىدا، ئۆزىنىڭ بۇ ئىنكار ۋە باشقىلارغا لەقەم قويۇش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكتىن ئىبارەت كىبىر ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولىدىغان مېتودىنى ئاقلاشقا ۋە توغرىغا چىقىرىشقا تىرىشتى. بۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بۇ خىل شەيتانى قىلمىشنى، يەنى ئىنكار ۋە سەپسەتىنى نەق مەيداندا باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ ۋە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشۇپ بەردى. بۇنىڭغا ئائىت ۋىدېئونى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن تاپالايسىلەر.

يەنە بىرى، 2024-يىلى 25-ماي كۈنى، كانادا ئۇيغۇر مەسچىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ رەئىسىنى سايلاش سايلىمىدا، ئۇيغۇر ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى مەمەت توختى ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرىنى يېڭى رەئىسلىك نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن ئىككى رەئىس نامزاتىدىن سورىغان «ئەگەر سىلەر رەئىس بولغان مۇددەت ئىچىدە، بۇ مەسچىتتە، ئاللاھنىڭ بۇ ئۆيىدە ئادەم ھاقارەتلەيدىغان سورۇنلارنىڭ بولۇشىغا يەنە رۇخسەت قىلامسىلەر؟» دېگەن ئاددىي سوئالى سەۋەبلىك، مەمەت توختى ئەپەندىمنىڭ سوئال سورىشى ئۆز-ئارا گۇرۇھ بولۇۋالغان مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىندى ھەمدە مەمەت توختىدىن مىكروفوننى تارتىۋېلىش ۋە ئۇرۇشقا تەمشىلىشتەك سوغۇق سۈركىلىش يۈز بېرىپ ئۆتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىز بەرپا قىلغان مەسچىتلىرىمىزگە ئىستىقلال مارشىمىز كىرەلمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار بىزنى ئويلاندۇرىدىغان ۋە ۋەتەن قۇرۇشتىن بۇرۇن ھەل قىلىدىغان مەسىلىلىرىمىز قاتارىدا تۇرماقتا.

2024-يىلى 5-ئىيۇل، تورونتو

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى

(2023 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن قىلىنغان ماقالە)

## كىرىش سۆز

ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېگەنچۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇندىن كېيىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالامدۇ ـ يوق؟ ياكى خۇددى بۈركۈتنىڭ قايتا تۇغۇلغىنىغا ئوخشاش قايتىدىن سىلكىنىپ، قايتىدىن قەددىنى كۆتۈرۈپ دۇنيا خەلقىگە ئەدەبىياتنىڭ تەبىرىنى قايتا يېزىش بىلەن بىرلىكتە، ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلالامدۇ؟ دۇنيا خەلقلىرى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن جازا لاگېرى ئۇقۇمى بىلەن يېڭىدىن تونۇشۇپ، شىددەتلىك دەرىجىدە قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقىنىغا قارىماي، دۇنيانىڭ «ئۆگەي بالا» كۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا دۇچ كەلگەن، چارىسىزلىق ئىچىدە ئىڭراۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچىكى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىدەكلا تەلەيسىز بولارمۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى دۇنيا ھەيران قالغۇدەك قىرغىنچىلىق تېمىلىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۆتكەن 100 يىللىق كەچمىشىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان قىرغىنچىلىق تارىخىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قانچىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدى؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يوقۇلۇش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پىلسىرات كۆۋرۈكىدە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ئۇيغۇر ئەدەب، يازغۇچىلىرى تۇرمىلەرگە، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا تاشلانغان بوگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ساقلاپ قالالامدۇ؟ ئۇنداقتا نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ تارىختا شانلىق ئىزنالار قالدۇرغان، باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان مەرۋايىت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئىنسانىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپە قوشقان، بوگۈنكى كۈندە بولسا خىتاي تەرىپىدىن يوقىتىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان سەكراتتىكى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە بۇ مىللەت ئىچكى دۇنياسى، كەچمىشى، تەپەككۇرلىرى، ئوي-خىيال، پىكىر-چۈشەنچىلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى زادى قانداق بولىدۇ ۋە قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ ماقالە ئاساسەن يۇقىرىدىكىدەك سوئال ۋە ئويلىنىشلارغا جاۋاب ئىزدەيدۇ.

### ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەبرى

ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا ئۇيغۇر يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بىلەن ئېنگىلىز يازغۇچى ج. ك رووۋلىڭنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان ئىرقىي قىرغىنچىلىق تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىردىن بىر رومانى «ئالتۇن كەش» نىڭ ئاپتورى خالىدە ئىسرائىلغا نىسبەتەن ئەدەبىيات دېمەك چۈشەنچە، ئوي-پىكىر، تەپەككۇر، خىيال ۋە قەلەم كۈچىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە نامايەندە قىلىپ بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن تۈرمىگە ياكى جازا لاگېرىغا تاشلىنىش، بۇ ئىپادىلەش كۈچى قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى شۇنچە ئېغىر تۈرمىلەرگە تاشلىنىشتىن ئىبارەت. دۇنيانى لەرزىگە سالغان، سېتىلىش ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش جەھەتتە يېڭى

رېكورت ياراتقان دۇنياۋى داڭلىق ئەسەر «ھاررى پورتەر» نىڭ ئاپتورى ج. ك روۋلىڭنىڭ چۆشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات مىليونېرلىققا باشلاپ بارىدىغان يول. چۈنكى بۇ ياش ئايال يازغۇچى ئەقلىنى، پىكرىنى، چۈشەنچە ۋە ئوي-خىياللىرىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مىليونېرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ قارىماققا بۇ ئىنتايىن ئاددىي سوئال بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچار بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، كىشىنى غال-غال تىترىتىدىغان سوئال بولۇپ قالدى. چۈنكى ئەدەبىيات دېمەك ئۇيغۇرلار نەزىرىدە تۈرمىگە تاشلىنىش، جازا لاگېرلىرىغا قاملىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە قەلەم تەۋرەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۈرمە ياكى جازا لاگېرىنىڭ سىرتىدا قالغان يازغۇچى، شائىر ۋە ئەدىبلەرنى ئۇچراتماق تەس ئىش بولۇپ قالغان ئىدى.

تارىخى پاكىتلار «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» بۇ سوئالغا تاكى 18-ئەسىرگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېنىق جاۋاب بېرىلمەي كېلىنگەنلىكىنى، 18-ئەسىرگە كەلگەندە يازغۇچى گېيوتىنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ پارلايدىغان مەزگىلى يېتىپ كەلدى» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن ئەدەبىياتقا تەبىر ئېيتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇنداقتا، 18-ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتى ئەدەبىياتقا نېمە دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى؟ «ھېس-تۇيغۇ ۋە خىياللارنىڭ سۆز ۋە يېزىق ئارقىلىق يارقىن ھالەتتە ئىپادىلىنىش شەكلى ئەدەبىيات دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. مەنچە ئەدەبىياتقا بېرىلگەن بۇ تەبىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئانچە رازى بولغۇدەك تەبىر ئەمەس. بۇندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى

دۇنيا خەلقىگە ناھايىتى ياخشى شەرھلەپ بېرىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئۇيغۇرلار نەزىرىدە ئەدەبىيات، ھېس-تۇيغۇ، چۈشەنچىلىرىنى، تەپەككۇرلىرىنى ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ئىپادىلەش سەۋەبىدىن تۈرمىلەرگە تاشلانغاندا باشقىلار ھېچ ئىش قىلماي قاراپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى ئەدەبىيات، قىزىل چىراغقا كېلىپ توختاپ قالغان كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلار ھازىر مىللەت سۈپىتىدە يېشىل چىرىغىنىڭ يېنىشىدىن ئانچە ئۈمىد بولمىغان بىر قىزىل چىراغقا كېلىپ توختاپ قالغان بىر مىللەت بولۇش بىلەن، قىزىل چىراغقا مەڭگۈلۈك بەند قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان دۇنيا خەلقىگە «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» سوئالىنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىشكە تامامەن ھەقلىق.

«ئەدەبىيات نېمە؟» دېگەن سوئالغا پىلاتون «ھاياتنىڭ ئىپادىلىنىشى» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەمما ئۇيغۇرلار مەزكۇر سوئالغا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە «ھاياتنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر پەيلاسوپ پىلاتون ھايات بولغان بولسا «ئەدەبىيات نېمە؟» دېگەن سوئالغا «بۇ سوئالغا بىردىن بىر تەبىر بەرگۈچى مىللەت ئۇيغۇرلاردۇر. يەنى ئۆزىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكنىڭ دەردىنى، ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىدۇر» دېگەن بولاتتى دەپ ئويلايمەن.

يەنە بىر قېتىم «ئەدەبىيات نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش توغرا كەلسە، ئەدەبىيات ئىستانبۇلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن 10 مىڭ كىشى چاملىجا تۆپىلىكىگە چىقىپ، ئىستانبۇلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىدىن

ھۇزۇرلانغان ۋە خۇشال بولغان تۈرك ياكى باشقا مىللەت كىشىسىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلىشى؛ ئەمما ئوخشاش مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرنىڭ دەل ئالدىنقى كىشىنىڭ ئەكسىچە قەلبىدىكى ئىلھاملىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا يازالماسلىقى، ئەنە شۇ ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىن سىرتقا چىقىرالمىغان، چىقالمىغان پىغانىدۇر ئەدەبىيات.

يەنە بىر قېتىم «ئەدەبىيات نېمە؟» دەپ سورالسا، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئەدەبىيات- ئۆزىنىڭ چىمەن دوپپىسىنى ئۆزى كىيەلمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئەتلەس كۆينىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئۆزى لەرزان پىرقىرىتالماسلىق، ئۆزىنىڭ سۇمبۇل چېچىنى ئۆزى قىرىق سىكىلەك قىلىپ ئۆرۈيەلمەسلىك، ئۆزىنىڭ سەنىمگە ئۆزى ئۇسسۇلغا چۈشەلمەسلىك، ئۆزىگە خاس نەرسىلەر چەمبىرىكىدىن ھاسىل بولغان ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن تاشقى بەدەن ھەرىكىتى ۋە ئۆزىگە خاس كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەنىئى قىلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر ئۈچۈن ئەدەبىيات ئۆز كىيىم-كېچەكلىرى ئىچىدە داۋاملىق ھالدا مىللىي بۆلگۈنچى بولۇپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن ۋەھىمە ئىچىدە ياشاش، بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ مىللىي خاسلىقلىرىنى دۈشمىنىنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈش شۇنداقلا سېنىڭ نەرسىلىرىڭ بىلەن سېنىڭ ئۇسسۇلۇڭنى، سېنىڭ سەنئىتىڭنى دۈشمىنىنىڭ ساڭا ئويناپ بېرىشىدۇر. مانا بۇ روھ قىرغىنچىلىقى. مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ روھ دۇنياسىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ۋىجدان ۋە غۇرۇرنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشىدۇر. ئەدەبىيات سېنىڭ روھىي دۇنيارىڭدا، ئىچكى دېڭىز-ئوكيانلىرىڭدا يۈز بېرىۋاتقان تۇسۇنامى، يەنى دېڭىز قويۇنىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

«ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» خىتاي تۈرمىسىدىكى نۇرمۇھەممەت

ياسىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات دېمەك «ياۋا كەپتەر» بولۇش دېمەكتۇر. ھازىر خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان نۇرمۇھەممەت ياسىننىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى تولىمۇ ئېنىق ئىپادىلىگەن «ياۋا كەپتەر» مۇنداق نىدا قىلىدۇ:

يەنە ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن. ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ ياكى ھەر ئىككىسى ئەمەسمۇ بىلمەيمەن. قانىتىم ئاستىدىن غۇر-غۇر شاماللار ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. مەن ھازىر ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. زەڭگەررەڭ ئاسمان، پارلاق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بىپايان دۇنيا، بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە ھە!.

ئەمدى ماڭا دۇنيا تېخىمۇ كەڭرى يېيىلىپ، كۆز ئالدىمدا بىر يېشىل داستىخاندەك ئوچۇق نامايان بولدى. بۇ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرە، مەن كۆرۈپ باقمىغان جايلار ئىدى. لېكىن مەن ئۇ يەرگە ئۆز ماكانىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. ھەممە يەر ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەتتى. تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر كۆرۈلدى. پەستە ئۇششاق نەرسىلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن ئۇلار ماڭا ئانچە خەتەرلىك ئەمەستەك بىلىندى. ئانامغا قېرىلىق يەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. يەردە بىچارىلەرچە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئاشۇ جانلىقنىڭ، كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بىزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشكە كاللام يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى ئانچە خەتەرلىك ھېس قىلمىدىم. ئانام: «ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ھۈنىرى جىق، پەخەس بولمىساڭ ئۇلار سېنى بىردەمدىلا مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن ئىدى. بىردىنلا مېنىڭ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى

ھۆنىرىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى.

يۇقىرىدىكى ئەدەبىياتقا تەۋە ھېس-تۇيغۇلارنى پەقەت ئۇيغۇرلارلا «ياۋا كەپتەر» نىڭ ئاغزى ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. ئەپسۇسكى نۇرمۇھەممەت ياسىنىنىڭ بۇ ئۇسلۇبى زالىملار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدى. مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتى «ئۇ ياۋا كەپتەر كىم؟ سەنمۇ؟ ياكى شېرىكىڭمۇ؟ جىنايىتىڭنى ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك بېرىمىز» دەپ قامچىلىدى يازغۇچىنى. مانا مۇشۇنداق ئىچكى ھېسسىياتنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، دۈمبىلەردىن چىققان قان تامچىلىرى كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يانار تېغىنىڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

يەنە بىر قېتىم «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دەپ سورالسا، بۇ قېتىم مەزكۇر سوئالغان مۇنداق بىر ھېكايە بىلەن جاۋاب بېرىمەن.

ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاۋات شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان نيۇيورك شەھرىدىكى بروكلىن كۆۋرۈكىدە تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىغا بىرقانچە يىل بولغان ياشانغان ئەما كىشى بار ئىكەن. بۇ ئەما كىشى: «مەن ئەما، ياردەم قىلىڭ» دېگەن خەت يېزىلغان كىچىك بىر دوسكىنى ۋە بىر تۆمۈر قۇتىنى يېنىغا قويۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. قىش، باھار، ياز ۋە كۈز، يامغۇرلۇق-جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ ئەما كىشى بروكلىن كۆۋرۈكىگە ھەمراھ بولۇپ، ھەر كۈنى ئاز بولغاندا 7 دوللار، كۆپ بولغاندا 15 ~ 10 دوللار ئەتراپىدا پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بىر كۈنى سەھەردە ياشانغان كىشى يايمىسىنى ئەمدىلا ئېچىپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن تاق-تاق-تاق قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ياشانغان كىشى ئاياق تىۋىشىنى زەڭ

سىلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن، بۇ ئاۋازنىڭ ئېگىز پاشىنىلىق بىر ئاياقنىڭ تىۋىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئاڭغىچە ئاياق تىۋىشى يېقىنلاش بىلەن بىرگە، خۇشبۇي ئەتىر پۇرىقىمۇ كەپتۇ. ئايال ئەما كىشىنىڭ يېنىدا توختاپ شۇنداق دەپتۇ: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن، تەقدىرىڭنى ئۆزگەرتىمەن. كەمبەغەل تىلەمچى دېگەن تارىخنىڭ يېقىندا خاتىمە بېرىسەن» دەپتۇ. تىلەمچى كىشى ھەيران قاپتۇ. رەت قىلىشنى ئويلاشقان ۋە بۇ ئايالنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى نىيەت قىلىپ قالغانلىقىنى سوراپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا پېتىنالماپتۇ ۋە ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. توغرىسى قوبۇل قىلىش ۋە قىلماسلىق تالىشى بولماپتۇ. ئايال دوسكىدىكى خەتلەرنى ئۆچۈرۈپ، دوسكىغا يېڭىدىن بىرنەرسىلەر يېزىپتۇ. تىلەمچى كىشى، چىرىت-چىرىت قىلىنغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، دوسكىغا يېڭى خەتلەرنىڭ يېزىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىپتۇ. تىلەمچى كىشىنىڭ ئەتراپى بىر ئاز تىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ. ئاندىن بىردىنلا تىلەمچىنىڭ تەلەڭگىسىدە توختىماي جىرىڭ-جىرىڭ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. چۈشتىن كېيىن بولار-بولماي پۇللارنىڭ تەلەڭگىدە تاشقىنلاپ، يەرگە تۆكۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئاۋازنىڭ قۇلىقىغا كىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. ئاخىرىدا تىلەمچى تەلەڭگىسىدىن تېشىپ يەرلەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن پۇللارنى ئاستا ئاۋايلاپ بىر قول ياغلىققا ئوراپ، تىلەمچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا تەمشەلگەن بىر كىشىدىن، شامالدا سەل تىترىگەن بەدىنىنى ئاران كونترول قىلىپ تۇرۇپ سوراپتۇ: «ئۆتۈنۈپ قالاي، يېنىمدىكى ئۇ دوسكىغا نېمە دەپ يېزىلغانلىقىنى بىر ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز كاشكى....». يولۇچى تىلەمچىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە جاۋابەن دوسكىدىكى خەتنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ: «باھار كېلىۋاتىدۇ. باھاردىن كېيىن ياز كېلىدۇ. ھەممە جاي گۈل-چېچەككە پۈركىنىدۇ. ئەمما مەن بۇ گۈزەللىكنى كۆرەلمەيمەن.»

مانا بۇ ھەقىقىي ئەدەبىيات شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىدىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى سىياسىي تىلەمچى مىللەت ئۈچۈن، تىلەمچىلىكنىڭمۇ ماھارەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدىغان ئۆرنەك.

2017 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان زور تۇتقۇن تارىختىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلار، ئاكادېمىك بىلىم ئەھلىلىرى، زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇتقۇن قىلىندى. ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم «دۇنيا ئەمدى تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارىغان بۇ قاباھەتلىك جازا لاگېرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتى.

1940 ـ 1930 ـ يىللاردا، ناتسىستلار گېرمانىيەسى يەھۇدىي تۇتقۇنلىرىنى قامىغان «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى» غا ۋە جوسىف ئىستالىننىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەرپا قىلغا «گۇلاھ» لىرىغا ئوخشايدىغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى قاماش ۋە نەزەربەند قىلىش ئۈچۈن ئېچىلدى. ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئەدەبىيات تۈرمىگە تاشلاندى، ئەدەبىيات جازا لاگېرلىرىغا سولاندى. ئۇيغۇر ئەدىب ۋە يازغۇچىلىرى خۇددى گۇگۇم قاراڭغۇلىقى ھەر جايىنى قاپلاشتىن بۇرۇن، ئىتلىرىنى يېتىلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى، ياكى دەھشەتلىك بىر دېڭىز قۇيۇنى كېلىپ يوغان پالما دەرەخلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ئىشلىرىنى، سودا ـ سېتىقلىرىنى دەرھال پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن جىددىي ۋە ئالدىراش ھەرىكەت قىلىدىغان شەھەر ئاھالىلىرىدەك، ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق بىر قاباھەت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىر نەرسىلەرنى يېزىۋېلىش، چاققان ـ چاققان نەشر قىلدۇرۇۋېلىش ھەلەكچىلىكىدە بولدى. چۈنكى دىكتاتور دۆلەتلەردە ئەدەبىياتنىڭ ئەتىسىنىڭ قانداق

بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇنداق دۈشمەن تامامەن سىڭىپ كىرگەن روھى دۇنيايىمىزنى قامال قىلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىۋېلىش مەقسىتىدە يېزىلغان نادىر كىتابلارنىڭ بىرى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئالتۇن كەش» ناملىق رومانى ئىدى.

1920 ـ يىلىدىن 2022 ـ يىلىغا قەدەر بولغان بۇ يۈز يىل، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان يۈز يىل بولۇپ، گەرچە 1980 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن خىتاي ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىگە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىرئاز ئەركىن نەپەس ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ئۆچۈن ئۆتمۈشتە ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىققا ئايىت تېمىلار يەنىلا سەزگۈر تېمىلار ھېسابلىنىپ، ئەسەرلەر نەشر قىلىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان سۈزگۈچلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن يۇقىرىقىدەك قىسمەتلەر سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بەك مول ھوسۇللۇق ئەدەبىيات بولالماي كەلدى. بىرەر كەلىمىنىڭ ياكى بىرەر جۈملىنىڭ يازغۇچىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ ياكى «ئاكاڭ قارىغاي» نىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى قانچە ئونلىغان يىللىرىنى تۈرمىلەردە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇنداقتا خىتاي تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ زور تۇتقۇن، بۇ زور قىرغىنچىلىق بىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نامايەندىلىرىنى تۈرمىلەرگە تاشلاش بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يوق قىلىۋېتەلەمدۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك

تېمىسى نېمە بولۇش كېرەك؟ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خۇددى 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىنى يۈكسەك قەلەم كۈچى بىلەن دۇنياغا تونۇتقان دۇنيا يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش مەشھۇر يازغۇچىلىرى، ل. تولۇستويلىرى بولۇشى كېرەكمۇ ـ يوق؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىدا، دۇنيادىن بەك ئۇزاقتا «قۇتقۇزۇڭلار!!!» دېگەن ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتالمايۋاتقان، قىسقىسى دۇنيانىڭ «ئۆگەي بالىسى» بولۇپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى دۇنيا سەھنىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ئاسمىنىدا يۇلتۇزدەك چاقنىتىدىغان، ۋىلىيام شېكىسپىر، فيودەر دوستروۋىسكى، ل. تولستوي، چارلىس دىكەنس، مارك تۋايىن، ھومېر، ج.ر.ر تولكىن، جورجى ئورۋېل، ئەدگار ئاللەن پو، ۋىكتور خۇگوغا ئوخشاش يازغۇچىلىرى بولۇشى كېرەكمۇ ـ يوق؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك ۋىجدانى زادى نېمە دەيدۇ؟ يوق بولۇپ كېتىشى كېرەكمۇ ياكى ياشىشى ۋە ياشنىشى كېرەكمۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى زادى نېمە بولۇشى كېرەك؟ بۇ سوئاللارغا ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان، ئويلىنىش ئىچىدە تېڭىرقاۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ۋىجدانى جاۋاب بېرىدۇ.

## مەڭگۈ تاشلاردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

بىر مىللەتنىڭ دۇنيانى فەتىھ قىلىدىغان ئىككى نەرسىسى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى قورال، يەنە بىرى قەلەم. نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر گەرچە قورال كۈچى بىلەن دۇنيالارنى فەتىھ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما قەلەملىرى كۈچلۈك يازغۇچى، شائىرلىرى بىلەن

دۇنيا خەلقلىرىنىڭ كۆڭلىنى، پىكىر-ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى رام قىلىۋالغان. مەسىلەن، رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي ئەنە شۇنداق قەلىمى بىلەن دۇنيانى فەتھ قىلغان يازغۇچىدۇر. ئۇيغۇرلار تارىخ سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلگەن خەلق بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىنتايىن پەخىرلەنگۈدەك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى، جۈملىدىن مىفلار، ئەپسانىلەر، رىۋايەت-چۆچەكلەر، قىسسە، داستانلارنى، لەتىپە، ئەلنەغمىلەرنى ياراتقان.

ئوغۇزنامە، ئافراسىياپ داستانى، دەدە قۇرقۇت داستانى ۋە مىفلىرى بۇ دەۋرلەردىكى شانلىق تارىخقا ئۆرنەك بولالايدۇ. پىرچەڭگى، شىراق، تۇمارىس، بۆكەخان، ئوغۇزنامە، دەدە قورقۇت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تارىخىي، ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى رېئال ھاياتقا، تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىغا مەھكەم باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىپ، ئۆزى تەۋە تۇپراقلار شۇنداقلا ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىدە ياشاۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەرگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە، ئۆزىگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بۇ ئەدەبىيات مىراسلىرىدىن غۇرۇرلىنىپ ۋە پەخىرلىنىپ ياشاپ كەلدى. بىز بۇ ئەدەبىيات مىراسلىرى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىمى دەۋرلەردە قانداق ياشىغانلىقىنى، قانداق چۈشەنچىگە، ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ياكى دىنىي ئېتىقادى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. رىۋايەت، چۆچەك، ئەپسانە ۋە مىفلار ئاشۇ دەۋرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىجتىمائىي تاراتقۇسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى مىلادى 7 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن باشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قەدىمدە ياشاپ ئۆتكەن موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا، ئورخۇن ـ سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدا، ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى بىلەن مەڭگۈ تاش ئەسەرلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ مەڭگۈ تاشلار كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى، بىلگەقاغان مەڭگۈ تېشى، تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى، قارابالغاسۇن مەڭگۈ تېشى... قاتارلىق مىڭلارچە مەڭگۈ تاشلار بولۇپ، مانا مۇشۇ مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى شەكىللەنگەن مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن بۇ ئەدەبىيات، گەرچە بۈگۈنكى بەدىئىي ئەدەبىياتتىن زور پەرقلىنىسىمۇ، ئەمما يېزىق بىلەن قالدۇرۇلغانلىقى، ئاھاڭدارلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى بولالايدۇ.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى دەل ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇرۇلغان مىلادى 740 ـ يىللاردىن مىلادى 840 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، بۇنى بىز مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتى دېسەك خاتالاشمايمىز.

مىلادى 840 ـ يىلى ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، يەنە مۇستەقىل ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى مەيدانغا كەلدى. بۇلار ھازىرقى خىتاينىڭ گەنسۇنى مەركەز قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى، قۇمۇل ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتىدىن ئىبارەت. بۇ دۆلەتلەرگە ئائىت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن دىنغا ئائىت بەدىئىي ئەسەرلەردۇر. گەرچە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە

ئەسەرلەر بولسمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەردىن بۇددا دەستۇرلىرى، ئاسترونومىيە، پالچىلىق، سېھىرگەرلىك، تېبابەت ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئائىت ئىنتايىن نۇرغۇن قول يازمىلار بار. ئۇندىن باشقا ئالتۇن يارۇق، شۋەنزاڭ تەزكىرىسى، ئېزوپ مەسەللىرى، مايىتىرى سىمىت (مايىتىرىنىڭ ئۇچرىشىشى) درامىسى، ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى قاتارلىق شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئىنتايىن ئېسىل بەدىئىي يادىكارلىقلىرىمىز بار. بولۇپمۇ ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى، ئوغۇزخان داستانى، تۇرپان ناخشا تېكىستلىرى قاتارلىق بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىز شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بەدىئىي سەۋىيەسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، يېزىقچىلىق ئەنئەنىسى ۋە يېزىقچىلىق تارىخىنىڭ قانچىلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىپ كەلگەن ئەدەبىيات مىللىتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. مايىتىرى سىمىت درامىسى ئەسلىدە ئۇيغۇرلار سانسكرىت يېزىقىدىن تەرجىمە قىلغان 7 پەردىلىك دراما بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ درامىغا ئۆزلىرىنىڭ ھايات پەلسەپەسى، ياشاش مۇھىتى قاتارلىقلارنى قوشۇپ 16 پەردىلىك درامىغا ئايلاندۇرغان. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى دراما شۇنداقلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قايتا يېزىلغان تەرجىمىدىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا ئېچىلغان بىر گۈل بولۇش سۈپىتى بىلەن، درامىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى بىر تۈرنى قەدىم دەۋرلەردىلا قوبۇل قىلغان، تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش - ھايات نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كېڭەيتىپ موللاشتۇرغان خەلق.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى شائىر قۇجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئاپرىنچۇر تېكىن بولۇپ، ئۇنىڭ

بىرگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە تۆتلۈك مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان ئۈچ كۇبلېت شېئىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتساڭ كىكى، چىسىياتىنتۇڭ، كالىمكەيشى، سىنلىق تېكىن قاتارلىق شائىرلارمۇ بار. ئۇلار يازغان شېئىر قاتارلىق يازما ئەسەرلەر «تۇرپان ۋەسىقىلىرى ياكى تېكىستلىرى» نامى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، بولۇپمۇ شىۋېتسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇلار ئاشۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك يازغۇچىلىرى ۋە ئەدەبىياتىدۇر. يەنە شۇنداقلا بۇ ۋەسىقىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ پاساھەتلىك تارىخ ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان پاكىتلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قۇرغان شانلىق خانىدانلىق، ئىمپېراتورلۇق ۋە دۆلەتلىرى ئېلىپ كەلگەن غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىپادىلىنىش مەھسۇلاتى بولغان ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە، يەنى 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان شاھانە ئەسەرلەردىن مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئۇل تېشى ھېسابلانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ۋە ئەخمەت يەسەۋىينىڭ «دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلەر مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تىلىنىڭ كۈچلۈك ۋە پەساھەتلىك بولۇشى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنى ھازىرغىچە غۇرۇرلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەدەبىي ۋە تارىخى مىراسلاردۇر.

ئۇندىن باشقا، شۇ دەۋرلەردە تەرجىمە قىلىنغان قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن نامايەندىسى سۈپىتىدە تۇنجى تەرجىمە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، ئەخمەت يەسەۋىينىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقىرى تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، ئەبۇ قۇتلۇق ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۈسەيىننىڭ «كاشىغەر تارىخى» شۇنداقلا رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پىروزىچىلىقنىڭ ئاساسى فۇنتامىنتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا، نەۋايىنىڭ «مەجەلىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابىدا تەرىپلىگەن، ئۇيغۇر سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ كانى دەپ قارالغان ئەبەيدۇللا لۇتفى، بىزنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات شېئىرىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر ئىنتايىن قىممەتلىك كىلاسسىك شائىرىمىزدۇر. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى بار. ئەبەيدۇللا لۇتفى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داستانچىلىق ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا سەككاكىمۇ ئۇيغۇر غەزەل ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

### قەلەم بىلەن جاھانگىر بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

11-ئەسىر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ پەخىرلىك گىگانت ۋەكىلى، يېتىشكەن ئەدەبىي تىل ئۇستىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پاسىبانى، مۇتەپەككۇر، دۆلەت ئەربابى ئەلشىر نەۋايىدۇر.

ئەلشىر نەۋايى 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى ھىراتتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەلشىر نەۋايىنىڭ نەسەبى ھەققىدە تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگانى «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق مەلۇماتلارنى بايان قىلىدۇ: «ئەلشىر نەۋايى ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئەلشىر نەۋايىنىڭ دادىسى غىياسىدىن بارات كىچىك ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى.»

مانا بۇلار ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئالتۇندەك ئىسپاتىدۇر. ئەينى دەۋردىكى داڭلىق قەلەمكەشلەردە نىزامىدىن گەنجىۋى، ئەمىر خىسرەۋ دېھلىۋى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، سەئدى، شىرازى قاتارلىق ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يازىدىغان قەلەمكەشلەرنىڭ تەسىرىدە، ئۇيغۇر تىلى پەقەت ھۈنەر كەسىپ تىلى، گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىيات تىلى ئەمەس دەيدىغان قاراش شۇ دەۋر يېزىقچىلىق ساھەسىدە ئومۇملىشىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلىنى تاشلاپ، پارس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان بولۇپ كەتكەن دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرلەردە تىللارنى دەرىجىگە ئايرىش، بىر تىلنى دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر تىلنى يەرگە ئۇرۇش ئارقىلىق ھۇزۇرلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە «ئەرابى ھەسەلىست، پارسى شەكەرىست، تۈركى ھۈنەرىست»، يەنى ئەرەبچە ھەسەل تىلى، پارسچە شېكەر تىلى، تۈركىي تىل ھۈنەر تىلى، تۈركىي تىلدا شېئىر يازغىلى بولمايدۇ دېگەن ئىدىيە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىدى. ئەلشىر نەۋايى ئەنە شۇنداق ھەممە شائىر پارس تىلىدا شېئىر يازىدىغان، ئۆز ئانا تىلىنى تاشلىۋەتكەن، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدىغان، خۇدۈكسىرەيدىغان بىر دەۋردە، يالغۇز ئۆزى ئانا تىلغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى بىلەن ئەسەر يازغان ۋە پولاتتەك ئىرادە بىلەن مەيدانغا يالغۇز

سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇيغۇر تۈرك تىلىدا ئەسەر يېزىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قورۇقچى پاسبانى بولغان. بۈگۈن تارىخ يەنە تەكرارلىنىپ خىتاي ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئانا تىلىنى يوق قىلىش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە. تارىخ يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ قورۇقچى پاسبانى ئەلشىر نەۋايىلارغا موھتاج بولماقتا. ئەلشىر نەۋايى شۇ دەۋردىكى تۈرك تىلى ھېسابلانغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەلشىر نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر شائىر چاغاتاي تىلىدا يېزىپ باقمىغان بەشلىك، يەنى خەمسىچىلىك شېئىر ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، «پەرھات شېرىن، لەيلى مەجنۇن، سەددى ئىسكەندەر،سەددى سەييارە ۋە ھەيرەتۇل ئەبراردىن» تۈزۈلگەن خەمسەسى يېزىپ چىقىپ، پارس تىلىنىڭ پاساھىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. ئۇ يەنە، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق لۇغەتنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان پاساھەتلىك، باي مەنىلەرگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

ئەلشىر نەۋايى شائىر بولۇش بىلەن بىرگە، دۆلەت ئەربابى ۋە ۋەزىر بولۇپ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھەر خىل مەدەنىيەتلەرگە باي، سەلتەنەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىغا ئەقىل كۆرسەتكەن ئەقىل ئادىمى ئىدى. ئەلشىر نەۋايى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئىنتايىن ئۈستۈن، تېما جەھەتتە كۆپ خىل، شەكىل جەھەتتە خىلمۇ خىللاشقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل، يارقىن بولغان گۈل تاجىسىنى كىيىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېما جەھەتتىن كەڭلىكى، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، پىكرى جەھەتتىكى تىرەنلىكى، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ناھايىتى كۆپ

خىللىقى بىلەن، 11 ـ ئەسىر سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەلشىر نەۋايىدىن كېيىن ياشىغان بارلىق ئۇيغۇر شائىرلار، ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئىجادىيەت پەللىسىنى، ئىجادىيەت شەكلىنى، ئىجادىيەت خاھىشىنى ۋە ئىجادىيەت پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كەلدى.

ئەلشىر نەۋايى، ماھىيەت جەھەتتە ئۆزى يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى پارس تىلىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغان بولسا، ئۆزىدىن كېيىنكى بارلىق شائىرلارغا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلدا ئەسەر يېزىش ئىشەنچىسى ۋە ئىمكانىيىتىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەلشىر نەۋايى يالغۇز ئۇيغۇر تىلىنىلا قۇتقۇزۇپ قالغان شائىر بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قوغدىغۇچىسى، قۇتقۇزغۇچى پاسىبانى بولغان ئىدى. بۈگۈن يەنە تارىخ تەكرارلانماقتا.

ئەلشىر نەۋايىدىن كېيىن، ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش كىشىلەرنىڭ سەۋىيەسىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. چۈنكى ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشمە نۇقتىلىرى بولغان خوراسان رايونىغا، قەشقەردىن تارتىپ ئوسمانىيلارنىڭ پايتەختى بولغان ئىستانبۇلغىچە، ئىراق، ئىران، ھىندىستان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت بۇ رايونلارغا نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى خۇددى سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پاساھىتى بىلەن بۇ جۇغراپىيەنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

خۇددى ئەلشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق كىتابىدا:

*تۇرۇك چۇ نەزمىسى تارتىپ مەن ئەلەم،*
*ئەيلىدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم.*

يەنى:

تۈرك تىلىدا نەزمە يېزىپ پۈتۈن مەملىكەتنى قەلىمىم بىلەن فەتىھ قىلدىم، دەپ يازىدۇ.

بۇ ھەقتە داڭلىق ئۆزبېكىستان شائىرى ئابدۇللا ئارىپوۋ نەۋايىغا يازغان شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*كۆپ جاھانگىر كۆرگەن بۇ دۇنيا،*
*بارچىغا گۇۋاھ يەر ئاستى.*
*لېكىن دوستلار نەزم ئەھلى ئارا،*
*جاھانگىرلار كەم بولار راستىن.*
*بەش ئەسىردىكى نەزمە سارايىنى،*
*تىترىتىدۇ زەنجىرىدىن بىر شېئىر.*
*تېمۇر تېخى يەتمىگەن جايىنى،*
*قەلەم بىلەن ئالدى ئەلشىر.*

ئۆز دەۋرىدە، ئەلشىر نەۋايىنىڭ قەلىمى يەتمىگەن، ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى يېتىپ بارمىغان دىيارلار ئاساسەن قالمىغان. ئۇ دەۋرلەردە خۇراسان، ماۋەرەئۇننەھىر، ئىراق، ئىران، باغداد، ھىندىستان قاتارلىق بۇ دىيارلاردا ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى، تەسىرى، تىلى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە يۈكسەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەلشىر نەۋايىدىن كېيىنكى بارلىق ئۇيغۇر شائىرلار، بارلىق تۈركىي مىللەت شائىرلىرى پارس تىلى مەپتۇنلۇقىنى تاشلاپ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەسەر يازىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەلشىر نەۋايى يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتەپەككۇر، گىگانت شائىرىمىز بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنىڭ غۇرۇرى، قۇتقۇزغۇچى پاسىبانى، قورۇقچىسى.

## نەۋايىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا سەلتەنەتلىك دەۋرلىرى

نەۋايىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر سەلتەنەتلىك تارىخى دېگەن ۋاقتىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نامايەن بولىدۇ.

نەۋايىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك كىشىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ، 1512-يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سۇلتان سەئىدخانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، پەقەت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن:

*قايسۇ گۈلشەنىنىڭ سىينىگدەك بىر گۈلى رەناسى بار؟*
*قايسۇ گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان پەقەت بىرلا غەزىلى بار. گەرچە ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ بىرلا غەزىلى بولسىمۇ، بىز بۇ غەزەلدىن ئۇنىڭدىكى يۇقىرى بەدىئىي تالانتنى كۆرەلەيمىز.

سۇلتان سەئىد خاندىن كېيىنكى يەنە بىر ئەدىب بولسا سۇلتان سەئىدى خانىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرېشىت خاندۇر. سۇلتان ئابدۇرېشىت خانمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ناھايىتى مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار كىشى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ناھايىتى ياخشى پادىشاھلىرىمىزدىن بىرى. ئۇندىن باشقا يەكەن ئۇيغۇر خاندانلىقىغا دەۋرىدە ئوردىنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان كىشى يۈسۈپ قىدىرخاندۇر. يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ

«قىدىرخان دىۋانى» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. يەكەن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدىكى يەنە بىر ئەدىب شائىرە ۋە مۇقامشۇناس ئامانىنساخان بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى قېلىپلاشتۇرۇپ، رەتلەپ يېزىپ چىقىشقا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. ئامانىنساخاننىڭ يەنە «ئىشرەت ئەڭگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقىمۇ مەلۇم. ئۇنىڭ يەنە «ئەخلاقى جەمىلە» ناملىق خانىم-قىزلارغا ئاتاپ يازغان پەندى-نەسىھەت خاراكتېرلىك بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتقا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگانى، شاھ مەخمۇت چوراس، 17-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مۇھەممەت ئىمىن ھېرىقى ياكى مۇھەممەت ئىمىن گۇمنام، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، خاراباتى، مەخسۇم، نەۋبەتى، فۇتۇھى، ئىبراھىم مەشھۇرى، موللا مۆمىن ياركەندى، غېرىبى، مۇھەممەت سىدىق كاشغەرى قاتارلىق كۆپلىگەن شائىرلىرىمىز بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا چاقناپ تۇرىدۇ.

18-ئەسىر ئۇيغۇركىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدىبلەردىن موللا پازىل، مەشھۇرى، قەلەندەر، مۇھەممەت سىدىق كاشغەرى قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. 18-ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەدىبلىرىمىزدىن بىرى ئابدۇرېھىم نىزارى بولۇپ، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە سەئىدىن»، «لەيلى مەجنۇن»، «پەرھات شېرىن»، «مەخسۇم گۈلنىسا» قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بار. بۇ دەۋردىكى ئەڭ مول ھوسۇللۇق ئەدىبلىرىمىزدىن يەنە بىرى تۇردى نازىم غېرىبى.

ئۇندىن باشقا يەنە، نورۇزئاخۇن زىيائى، نۇزۇگۇم داستانىنىڭ

مۇئەللىپى موللا شاكىر، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ نازىمى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ نازىمىنىڭ «تارىخى غەزەلىيات» ناملىق تارىخى داستانى بولغاندىن باشقا، «نۇزۇگۇم»، «چاڭموزا يۇسۇپخان»، «غازات دەر مۇلۇك چىن» قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتىنى داستان شەكلىدە ناھايىتى كۈچلۈك قەلەم بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى بار.

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى تەزكىرىچىلىك ئەدەبىيات ئۇسلۇبىدا مۇزىكانتىلار رىسالىسى يېزىپ قالدۇرغان، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تەتقىقاتلىرىمىزدا ئالدىنقى قاتاردىكى ماتېرىيال بولۇش قىممىتىنى يوقاتمىغان ئەسەر «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىن موللا نىمەتۇللادۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ئەينى دەۋردە ياشىغان مۇقامشۇناسلارنى، سازەندە پىرلىرىنى تارىخ سۈپىتىدە خاتىرىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىچىلىق تارىخىدا پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بۇ ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن يېيىېگى بەدىئىي قىممەت ياراتقان، ئۇيغۇر كىلاسسىك ساتىرىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ئەھمەت شاھ قاراقاش. خوتەن قاراقاشلىق بولغان ئەخمەت شاھ قاراقاش بىر تۈركۈم ساتىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «يامان ئات ھەققىدە قىسسە» ناملىق ساتىراسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ساتىرا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىلاسسىكلىرىمىزدىن بىرى، قاغىلىق ناھىيەسىدە ياشاپ ئۆتكەن تەجەللى ھەزرىتىمدۇر.

تەجەللى ھەزرىتىم تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تارىخ، گىرامماتىكا قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە يېتىشكەن نۇرغۇنلىغان شائىرلارنى تەربىيەلىگەن بولۇپ، 19-ئەسىردىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت، ئاسترونومىيە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلىرىمىزنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرغان ئالىمدۇر. ئالىمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن بىرى «بەرق تەجەللى» ۋە «بەرق مۇجەللى» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

19-ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېتۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان موللا مۇسا سايرامى. موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىيە» ناملىق كىتابى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرغان ئۇستازدۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا يېتىشىپ چىققان، بىز پەخىرلىنىدىغان مىڭلارچە ئەدىب، يازغۇچى، تەرجىمان، شائىر ۋە شائىرەلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. شۇنداق، ئۇيغۇر خەلقى بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتە تارىخنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋرىدە ئۆزلۈكچىلىك پەيدا قىلىپ قويمىغان مىللەتتۇر.

## 20-ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى

### ئېغىر تىنىقلار ئاستىدا ئىڭرىغان بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر

20-ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن، دۇنيا غەرب ئەدەبىياتى تۆت باسقۇچ بويىچە بىردە گەۋدىلىنىپ، بىردە سۇسلىشىپ،

بىردە ئۆز-ئارا بىرلىشىپ، يېڭى ئەدەبىيات يول ۋە ئۇسلۇبلىرى بىلەن نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئەمما بۇ جەرياندا دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ چىنارنىڭ بىر شېخى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخىمۇ بىتەلەي بىر ئەسىرگە قەدەم قويدى. شۇنداق، 20-ئەسىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پاجىئەلەر تولغان بىر ئەسىر بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇرلار 100 يىللىق قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن بىر ئەسىر بولدى. ئۇيغۇر ئەدىب، يازغۇچى، شائىر ۋە زىيالىيلىرى يۇقىرىقىدەك شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ياراتقان ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئاسمىنىدا يەنە نۇرغۇنلىغان نەۋايىلارنىڭ چاقنىشىغا يول ئېچىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان ۋە تېپىرلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەلەر ئەلۋەتتە تارىختا يۇقىرىقىدەك سەلتەنەتلەرنى سۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ ئۈششۈك تەگكەن چېچەكتەك شۈمشەيتىپ قويغان ئىدى.

## 20-ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 1-باسقۇچى

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 1940-يىللارغىچە بولغان مەزگىل 1-باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا جەدىدچىلىك ۋە دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، بىزنىڭ بىر قىسىم دىنىي ئۆلىمالىرىمىز، يازغۇچى شائىرلىرىمىز يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى.

نۇرغۇنلىغان زىيالىي، دىنى ئۆلىمالىرىمىز يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مىللەتنى يېتەكلەش، ئۆز دەۋرىدىكى خارلىق ۋە ئاسارەتتىن ئۇيغۇر مىللىتىنى قۇتۇلدۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۇلار جەدىدچىلىك، يەنى مىللىي ئاقارتىش خىزمەتلىرى بىلەن

شۇغۇللاندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مەكتەپ ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مىللەتنى يېتەكلەيدىغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق، گېزىت چىقىرىش ئارقىلىق، مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى شۇنداقلا مىللەتنىڭ غەپلەتتە قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق جانلىرى بىلەن ئېغىر بەدەل تۆلىدى.

1900 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 1 ـ باسقۇچى، ئاقارتىش ۋە شېھىتلىك ئەدەبىياتى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۇلار خەلقنى ئويغىتىش بەدىلىگە يازغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى سەۋەبىدىن قەتلى قىلىندى. ئۇلار يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى بىلەن، ئاچقان يەڭنى مەكتەپلىرى بىلەن، چىقارغان گېزىتلىرى بىلەن، بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئەمەس، بەلكى مىللىي ئويغىنىش ئېڭىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

20 ـ ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 1 ـ باسقۇچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلەرنىڭ ئەڭ بېشىدىن ئورۇن ئالىدىغان كىشى ئابدۇقادىر داموللامدۇر. ئابدۇقادىر داموللام 1862 ـ يىلى ئاتۇشىنىڭ مەشئەت يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن بۇخاراغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جايلاردىكى ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭىچە مىللەت ئۇقۇمىنىڭ سىڭىشى، يېيىلىشى ۋە زامانىۋى مائارىپىنىڭ كەڭرى تارقىلىشى ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان ۋە مۇھىم رولىلارنى ئوينىغان دىنىي ئۆلىمايىمىز، ئالىمىمىز ھەم 20 ـ ئەسىردىكى تەپەككۇرىمىز، ئەڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىز ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسەرلىرى شۇ

دەۋرىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى ھېسابلانغان قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇشلۇق ئورنىدا قوللىنىلغان. ئۇ يەنە بۇ مەدرىسەلەردە يېڭىچە بىر يۈرۈش لوگىكا، گىراماتىكا، تارىخ قاتارلىق پەنلەرگە ئاساس سالغان يېڭىچە بىر تۈركۈم دەرسلەرنى تەسىس قىلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مىللەت ئارىسىدا كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان ئىناۋىتى ۋە مىللەتنى يېتەكلەشتىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن رولى، ئەلۋەتتە ئاشۇ دەۋردىكى خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئىنتايىن بىئارام قىلغان. 1924 ـ يىلى، خىتايلارنىڭ پىلانلىشى، نادان ئۇيغۇرلارنىڭ قەست قىلىشى بىلەن ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە شېھىت قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى، مائارىپ جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ۋە بىر مىللەت سۈپىتىدە ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى. ئابدۇقادىر دامولللام ئىسلاھاتچى، مىللەتپەرۋەر ئۇستازدۇر.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 1 ـ باسقۇچىدىكى سەركەردىلەردىن يەنە بىرى قۇتلۇق شەۋقىيدۇر. قۇتلۇق شەۋقىي 1876 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇخارادا ھەمدە مىسىردىكى ئەلئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلغا كېلىپ تەلىم ئالغان ۋە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، 1918 ـ يىلى قەشقەردە «ئاڭ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى گېزىتنى چىقارغان. 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە «يېڭى ھايات» ناملىق گېزىتنى چىقارغان. مەيلى ئاڭ گېزىتى بولسۇن، مەيلى يېڭى ھايات گېزىتى بولسۇن، بۇلار شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىردىن بىر ئاخبارات ۋاستىسى ھېسابلىناتتى. قۇتلۇق شەۋقى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەتچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىنتايىن ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان:

*گەر خۇدا بەرسە قىلىچ،*
*كەس دەپ ئاڭا بۇيرۇسام.*
*ئۈزسە خەلقىم بوينىدىن،*
*قۇللۇق كىشەن زەنجىرىنى.*

*گەر خارابكەن ئەل ۋەتەن،*
*كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،*
*كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى،*
*قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.*

دېگەنىدەك ئوتلۇق شېئىرلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا تىرىشقان. ئەپسۇس، 1937-يىلى جاللات شىڭشىسەينىڭ تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ ياۋاغ تۈرمىسىدە، شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق زىيالىيلىرىدىن 300 چە كىشى بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

1937-يىلدىن 1942-يىلغىچە مىلىتارىست شىڭشىسەينىڭ ئېلىپ بارغان زور تۇتقۇن ۋە قىرغىنچىلىق، ئۇيغۇر تارىخىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى، زىيالىيلار، ئىنقىلابچى رەھبەرلەر، مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا قارىتىلغان زور كۆلەملىك تۇتقۇن، قىرغىنچىلىق ۋە سۈرگۈندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەزگىلدە «خەلق دۈشمىنى»، «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى»، «پانتۈركىست»، «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ پىلانلىغۇچى» دېگەندەك تۈرلۈك قالپاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەر ھەددى ھېسابسىز.

ئەھمەت زىيائىي ۋە مەمەت خەلپەتلەرمۇ 20-ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 1-باسقۇچ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، مەمەت خەلپەت شۇ چاغدا كۆتۈرۈلگەن تۇرپان قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە

يالقۇنلۇق غەزەللىرى بىلەن ئىنقىلابنى كۈيلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى. يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى قەلەمكەش خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

## 20-ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 2-باسقۇچى

بۇ دەۋر 1940-يىلىدىن 1980-يىلىغىچە بولغان 40 يىللىق مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ باسقۇچ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تۈرلۈك قالپاقلار بىلەن ئۇيغۇر ئەدىب، يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىزنى تارىمغا سۈرگۈن قىلغان، نەزەربەند ئاستىغا ئالغان ۋە ئۆلتۈرگەن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 20-ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 2-باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى قەلەمكەش شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىزدىن، ئەخمەت زىيائىي، نىمشېھىت ئارمىيە سايرامى، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىرى، ھاجى مىرزاھىت كېرىم، تۇرغۇن ئالماس، ئەرشىدىن تاتلىق، تېيىپجان ئېلىيوۋ، مۇھەممەت رېھىم، قادىر ئاسلان، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، بوغدا ئابدۇللا، تاھىر تالىپ، قۇربان بارات، زوردۇن سابىر قاتارلىق مىڭلىغان ئۇيغۇر قەلەمكەش شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچى ئالىملىرى خىتاي 1957-يىلى ئېلىپ بارغان ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تەقىب ئاستىغا ئېلىندى، ئۆلتۈرۈلدى. تارىمغا سۈرگۈن قىلىندى شۇنداقلا ئەڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن جازاغا تارتىلدى ياكى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتى، بولۇپمۇ قىرغىنچىلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومانلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئالتۇن كەش»

ناملىق رومانى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1980 ـ يىللاردا خىتاي ئىسلاھات ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن تارتىپ 2000 ـ يىللارغىچە، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە «بۆلگۈنچىلىك» كە قارشى سىياسىي ـ ئىدىيەۋى كۈرەش باشلانغانغا قەدەر بولغان 20 يىل، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتى سەل نەپەس ئالغان يىللار بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋردە ئەركىن، دېموكراتىك ئاڭ ۋە چۈشەنچىلەر قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ تۇردى. گەرچە نەشرىياتچىلىق، گېزىت ـ ژۇرنال ئىشلىرىدا سەل يۈكسىلىش ۋە بوشاش كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسى قاتمۇ ـ قات بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلالمىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «باھادىرنامە»، «مەھمۇت قەشقىرى»... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئېسىل رومانلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇۋالدى.

بۇ قىرغىنچىلىق دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسى سىياسىي ۋەقەلەردىن 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن بارىن قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن باشلانغان بارىن قىرغىنچىلىقى، 1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال كۈنى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى، مۇشۇ 20 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق بولۇپ، بۇ قىرغىنچىلىقلاردىن كېيىن باشلانغان «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش» قالپىقى ئاستىدىكى ئىككى قېتىملىق زور تازىلاشتا نۇرغۇنلىغان ياش شائىرلار تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

2000 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىدا، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى

ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە «بۆلگۈنچىلىك» كە قارشى سىياسىي ـ ئىدىيەۋى كۈرەشنى باشلىغان ۋە بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىر، ئەدىب، مۇزىكانت ۋە ناخشىچىلارنى جازالىغان دەۋر بولدى.

1990 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن، خىتاي تارىخچى تۇرغۇن ئالماسىنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابىنى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچى كىتاب دەپ قارىلاشنى باشلاپ، كېيىن چەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە كۆتۈرۈلىدىغان بوران ـ چاپقۇندىن شەپە بەرگەندى. بۇ قارىلاش ئون يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، خىتاي يولغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى سىياسىي ئىدىيەۋى كۈرەش، 2001 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن تەمبۇر كېچىلىكى» بىلەن باشلانغان بولۇپ، تەمبۇر شاھى نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ، تەمبۇر كېچىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ كېچىلىكتە «قانغا بويالغان ناخشۇن» ناملىق شېرىنى ئوقۇغان تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى چەكلەندى. جازا لاگېرى قۇرۇلغان يىللاردا شائىر تۈرمىگە تاشلاندى.

سىياسىي ـ ئىدىيەۋى كۈرەش دېگەن نېمە؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىياسىي ـ ئىدىيەۋى كۈرەش ھېس ـ تۇيغۇ، خىيال ۋە ئويلىنىش جىنايىتىدىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىشىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. خىتايدا ئوي ـ خىيال، ھېس ـ تۇيغۇ ساقچىسى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن، ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن

تارتىپ، ياڭزىڭشىن، جىنشۇرىن دەۋرى، تۇرپان قوزغىلىڭى، خوتەن ئىنقىلابى، شىڭشىسەينىڭ دەۋرى، تۇڭگان يېغىلىقى، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان 1957 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ تازىلاش ھەرىكىتى، بارىن ئىنقىلابى، غۇلجا ئىنقىلابى، 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ئىنقىلابى، يەكەن ئىلىشقۇ قىرغىنچىلىقى شۇنداقلا بىز شۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلىقىمىزغا قارىماي، خەۋەرسىز قالغان يەنە نۇرغۇنلىغان قىرغىنچىلىقلار زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر قىسمەتلىرى، 2017 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى «قايتا تەربىيەلەش» نامىدىكى جازا لاگېرلىرىغا سولىشى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلىنىش بىلەن نۇقتىلاندى. خالىدە ئىسرائىل، پەرھات تۇرسۇن، يالقۇن روزى، ئابدۇقادىر جالالىددىن ... قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر قەلەمكەش يازغۇچى، شائىرلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نامايەندىلىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى. مۇستەملىكە ئاستىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ بىر ئەسىرلىك تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ قىرغىنچىلىق كەچمىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رومانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. بۇ بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قاراڭغۇلۇقتىن سۈبھى تاڭغا يېتىشتىن ئىبارەت بىر ئۈمىد نۇرى پىلدىرلىغان، بەك كەمبەغەل، ئەمما سەرخىل ئەدەبىيات بولدى. بۇ بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىلىرىدە چاقناش ئۈچۈن تېپىرلىغان، ئەمما دۇنيادىن بەك ئۇزاقتا قالغان، خۇددى بۇ ئەدەبىياتىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلاردەك ھەر زامان بويىنىنى قىسقان ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلدى.

1922 ـ يىلدىن 2022 ـ يىلغا قەدەر، ئۇيغۇر قىسمەتلىرىدىكى قىرغىنچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ مەمتىلى ئەپەندى (يالقۇن روزى)

2 ـ ئالتۇن كەش (خالىدە ئىسرائىل)

3 ـ كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن (سۆيۈنگۈل چانىشېف)

4 ـ بەشىنچى ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان (ئەركىن ئەمەت)

5 ـ بەشىنچى فېۋرال ئارخىپلىرى، ئىككى قىسىم (گۈلشەن ئابدۇقادىر)

6 ـ بارىنىڭ 15 يىلى (ماقالىلەر توپلىمى)

7 ـ خەيرى ـ خوش قۇياش (مۇيەسسەر خەندان)

8 ـ مەھبۇس روھلار (ئابدۇۋەلى ئايۇپ)

9 ـ «1937، 1957، 2017» ناملىق كىتاب (ئەسئەت سۇلايمان)

يۇقىرىدىكى كىتابلار ۋەتەن ئىچى ۋە چەتئەلدە نەشر قىلىنغان، يۈز يىللىق ئۇيغۇر قىسمەتلىرىدىكى قىرغىنچىلىققا ئائىت كىتابلار بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ يۈز يىللىق قىرغىنچىلىق ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىنتايىن كەمبەغەل ئەدەبىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم يەنە بىر قانچىلىرى بۇ تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، بۇ سان يەنىلا يېتەرلىك بولۇشتىن كۆپ ئارقىدا.

## چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشتىكى تۈرلەر

1. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمى داستانلىرى، خەلق ناخشىلىرى ۋە قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى نامايەندە قىلىپ كەلگەن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن

«كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى» ، ئىلى خەلقىنىڭ ئىلىدىن يەتتە سۇ دىيارىغا كۆچۈش تارىخىنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن. ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*بىز ئىلىدىن كۆچكەندە ،*
*ئالتىنچى ئاي روزا ئىدى.*
*دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەردە ،*
*ئاتا ـ ئانا بولسا ئىدى.*

*ئىلىدىن كۆچۈپ چىقىپ يەي....*
*يان بۇلاقتىن قايرىلدۇق.*
*تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن ،*
*ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.*

ئۇيغۇرلار نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى نامايەندە قىلىدىغان يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر ئەدەبىياتنى دۇنياغا نامايەندە قىلىش ئۈچۈن تارىختا مۇراجىئەت قىلىپ ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى، داستان ، قوشاقلارنىڭ يېڭى ئەسىردىكى يېڭى ۋارىيانتىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن پارتلاپ چىققان ناخشا، قوشاق، داستان ۋە شېئىرلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

2. «مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم» غا ئوخشاش دۇنياۋى سەۋىيەگە ئىگە ئېسىل ناخشىلار مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

«مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم» ناملىق بۇ ناخشا، 1944 ـ يىلى ئىستالىننىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان قىرىم تاتارلىرىنىڭ ھاياتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر بىلەن ئوخشاش. بۇ ناخشا 2016 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ناخشا كۆرىكىدە بىرىنچى بولدى شۇنداقلا

72 يىلدىن كېيىن دۇنيانى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق دۇنيانىڭ قەلبىنى تىترەتكۈدەك ئېسىل ناخشىلىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

ئىستالىنىنىڭ قىرىم تاتارلىرىغا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى تېما قىلىنغان بۇ ئىسيانكار ناخشىسىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*ناتونۇش كىشىلەر كەلمەكتە.*
*ئۆيىڭىزگە يېقىنلاپ كەلمەكتە.*
*ئۇلار ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرىدۇ،*
*ۋە يەنە بىز جىنايەتچى ئەمەس دەيدۇ...*
*بىز جىنايەتچى ئەمەس دەيدۇ.*

*ئەقلىڭىز قەيەردە؟*
*ئىنسانلىق يىغلىماقتا.*
.........
.........
*ياشلىقىمغا تويالمىدىم،*
*مەن بۇ يەردە ياشيالمىدىم.*
*مەن بۇ يەردە ياشيالمىدىم.*
*ياشلىقىمغا قانالمىدىم.*

قىرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرنى ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق تېكىست، مۇزىكا ۋە ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ مۇكەممەل بىرلەشمىسىدىن ھاسىل بولغان ئېسىل ئەسەرلەرنى دۇنيا خەلقىگە سۇنۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

3. يېقىندا تۈركىيە ئىشلىگەن تارىخى فىلىم «داستان» دىكى ئەكسىچە تېكىن سىزغان رەسىملەردىكى تىلسىمىيكە ئوبرازغا ئوخشايدىغان رەسىملەر.

4.قىسقا فىلىملەر. مەسىلەن، ئەزىز ئەيسا ئىشلىگەن «جاۋابسىز قالغان تېلېفون». نەبىجان ئەلا ئىشلىگەن «خورلانغان ۋىجدان» غا ئوخشاش قىسقا فىلىملەر.

5. رەپلەر.

6. پوچتا كارتى. شاھىت بىز تور بېتى تەرغىب قىلغان جازا لاگېرلىرىغا پوچتا كارتى ئەۋەتىش تۈرى ئىچىگە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پوچتا كارتلىرىنى ئەۋەتىشمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

7. كۈندىلىك خاتىرە يېزىش. بۇ تۈر چەتئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر قىلالايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنى يېڭى بىر دەۋر ئەدەبىيات مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

8. كارتون كىتاب. يېقىندا ياپونىيەلىك بىر ئاپتور يېزىپ چىققان جازا لاگېرى شاھىتى گۈلباھار جېلىلوۋانىڭ لاگېر ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتابى، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلىتىشتا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئۇسلۇب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

9. بەشىنچى فېۋرال ئارخىپلىرى 2-كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئىمام ھەسەننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى. ئىمام ھەسەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجا شەھەرلىك يېڭى ھايات تۈرمىسىدە ياتقان بولۇپ، تۈرمىدە كۈندىلىك خاتىرە يازغان. بۇ خاتىرە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى ئېنىق ئاڭلىتىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

10. «ئائىلەم قەيەردە؟» ئىسيانى ۋە خاتىرە يېزىش.

11. يەھۇدىي قىزى ئەن فرانكىنىڭ جازا لاگېرى خاتىرىسىدىن ئۇيغۇرلار ئالىدىغان دەرس. يەھۇدىي قىزى ئەن فرانك

1940 ـ 1930 ـ يىللاردىكى يەھۇدىي جازا لاگېرلىرىدا يېزىپ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئۆلۈپ كېتىشتىن سەل بۇرۇن يەرگە كۆمۈپ قويغان. كېيىنكى يىللاردا خاتىرىنىڭ تېپىلىشى بىلەن، يەھۇدىيلار ئۇچرىغان قىرغىنچىلىق دۇنيانى يەنە بىر قېتىم تىترەتكەن. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئارقىلىق، كۈندىلىك خاتىرە ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

12. ماقالە يېزىش، ژۇرنال ۋە كىتاب نەشر قىلىش. چەتئەلدە بىخ سۇرۇۋاتقان جازا لاگېرى ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر تۆۋەندىكىچە:

شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن جازا لاگېرى ئىسيانى.

**1-«مېھرىگۈل»**

(جازا لاگېرى شاھىتى)

*بىر كىم سورىسا چۈشىڭىزنى*
*دەپ بەرمەڭ ئۇلارغا،*
*چۈشىڭىزدە كۆك ئاسمان*
*ئاي يۇلتۇزنى كۆرگىنىڭىزنى.*
*بەلكىم بىلىسىز،*
*مومىڭىزدىن ئاڭلىغان*
*چۈش ئۆرۈشىنىڭ پەرزلىرىنى.*
*پەقەت بېرىڭ ئۇلارغا*
*چۈشىڭىزنىڭ سەدىقىسىنى.*

**2-لاگېردىكى ئانىلارغا**

*ئانام ئۆلۈپ كەتكەن شۇ كۈنى،*
*ئاسمان ئەينەكتەك چېقىلغانتى.*
*ئالەمدىن بالدۇر كەتتى دەپ،*

*كۆزۈمگە زۇلمەت تىقىلغانتى.*
*بىراق بۈگۈن،*
*گۈلدەك تىزىپ سەۋرىمنى،*
*ئاستىم ھىجران، سېغىنىشنىڭ بويىنىغا.*
*شۈكۈر ئېيتتىم يەنە تۆت يىل ساقلىماي،*
*سېنى بالدۇر ئېلىپ كەتكەن خۇداغا.*

**3-«ماتەم».**

شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت مەزكۇر شېئىرى بىلەن دۇنياغا مۇنداق خىتابتا قىلىدۇ:

*ماتەم تۇت ئەي تەڭرى تاغ،*
*ئاق باغلاپ بېلىڭگە.*
*ھازا ئاچ ئەي قاراقۇرۇم،*
*كېپەن يۆگەپ تېنىڭگە.*

*نالە قىل ئەي جۇڭغار،*
*ياش تۆك،*
*يىغىسى قۇرۇغان ئەي تەكلىماكان،*
*يىغلا ئەي تارىم،*
*يىغالىڭ ئايلانسۇن دېڭىزگە.*

ھازىر ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر شائىرە مۇيەسسەر خەندان ئۆزىنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

**ۋەتەنلىكمەن**

*قاغىلار بۇلبۇل كەبى سايرىغاندا،*
*توڭگۇزلار گۈل بېغىدا يايرىغاندا،*
*شۇڭقارىم قاناتىدىن قايرىلغاندا،*

*ھازىردار ئۆزۈم بىلەن ۋەتەنلىكمەن.*

*بۇلاقلار ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ قانىغاندا،*
*تاغلىرىم خورلۇقلارنى سانىغاندا،*
*چىمەنلەر ئۆز-ئۆزىنى چانىغاندا،*
*قويۇلغان كۆزۈم بىلەن ۋەتەنلىكمەن.*

زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا ئەڭ ئەقىلانە يول ئىزدەپ، چارىسىزلىك ئىچىدىن چارە ئىزدىگەن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان مىللەت نېگىرلاردۇر.

تۆۋەندىكى چاچ پاسونلىرى باشقا يېزىلغان زۇلۇمنىڭ داستانىدىن ئىبارەت بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئافرىقىلىق قۇللار قېچىش يوللىرىنىڭ خەرىتىسىنى چاچ ئۆرۈش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بىر-بىرىگە ئۇچۇر بەرگەن شۇنداقلا ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان مەجبۇرى ئەمگەك لاگېرلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قاچالىغان.



نېگىرلارنىڭ زۇلۇم ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى چارىسىزلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چاچ پوسۇنلىرى




چاچقا يېزىلغان زۇلۇم داستانلىرى




چاچقا ئۆرۈمىسىدىكى قېچىش خەرىتىلىرى

**خاتىمە**

پۈتكۈل ھاياتىنى يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزغا تامچە قىلىپ قوشۇش جەھەتتە كۆپ تىپىرلىغانلىقى، كۆپ ئەجىر قىلغانلىقى، خىتاينىڭ ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش قىرغىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئالتۇن كەش» ناملىق رومانىنى يازغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ سۆيگەن يازغۇچى بولغانلىقى

ئۈچۈنلا ھازىر جازا لاگېرىدا يېتىۋاتقان ئۇيغۇر يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بىلەن قەلىمى بىلەن دۇنيادىكى مىليونېرلار تىزىملىكى ئىچىگە كىرگەن ئىنگلىز يازغۇچى ج.ك روۋلىڭنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ كەسكىن قىلىپ ئېيتالايمىزكى، ئەگەر ج. ك روۋلىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان، ياشىغان ۋە يېزىقچىلىق قىلغان بولسا، ئاللىقاچان خالىدە ئىسرائىلنىڭ تەقدىرىگە دۇچ كېلىپ، جازا لاگېرلىرى تاشلانغان بولاتتى. ئەمما خالىدە ئىسرائىل ئوخشاشلا غەرب ئەللىرىدە، ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەدە ياشىغان بولسا، قەلىمنى ئاللىقاچان بايلىققا ئايلاندۇرالىغان مىليونېر يازغۇچىغا ئايلانغان بولاتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچىكىدىن ئىنتايىن ئۈمىدلىكمەن. ئېغىر قىسمەتلەر ۋە ئېغىر ئىڭراش ۋە ئۇھسىنىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ ئانا ۋەتىنىدە ناھايىتىمۇ نۇرغۇنلىغان، دۇنيا ھەيران قالىدىغان ئەدەبىيات تېمىلىرىنى قۇچاقلاپ ياتماقتا. دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن. قاچانكى سىرلىق قىسمەتلەرگە تولغان قەدىمى يېمەك يولىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بۇ زېمىنغا مەڭگۈلۈك يېقىلىش بۇيرۇقى بېرىلگەن قىزىل چىراغ پاچاقلاپ تاشلىنىپ يېشىل چىراغ يېقىلغاندا، 21-ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ باھارى باشلانغان بولىدۇ. دۇنيا قەلەمكەش يازغۇچىلىرى ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى پۈلتايتىپ ئاچقانچە، بۇ مىللەت ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك بىر «ئەدەبىيات دىۋە» سىنى قۇچاقلاپ يېتىپتۇ دېيىشىدۇ. ئۇ چاغدا جازا لاگېرلىرىنىڭ زەنجىرلىرى چېقىپ تاشلىنىپ، «ئەدەبىيات نېمە؟» دېگەن سوئالغا ئۇيغۇرلار يېڭىدىن تەبىر بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇ چاغدا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ چاقنىغان مەرۋايىتى ۋە گۆھىرى بولىدۇ.

بۈگۈن مەن دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ 1944 ـ يىللىرى قىرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىرغىنچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىسى «مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم» دەك دۇنياۋى سەۋىيەلىك ناخشىلىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك دەپ مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئامېرىكىلىق داڭلىق ناخشىچى دەللا مىلەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ناملىق ناخشىسى دۇنياغا كەلدى. ناخشا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلار توغرىسىدا دۇنياغا خىتابتا قىلغان بولۇپ، بۇ ناخشا تېكىست، مۇزىكا ۋە ئورۇنلاش سەنئىتى يۈكسەك دەرىجىدىكى يۇغۇرۇلمىسى ئىدى.

2022 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر، تورونتو

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. تۇرسۇن قۇربان، «شەرق رىۋايەتلىرىدە ئەلشىر نەۋايى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

2. شەرىپىدىن ئۆمەر، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» (1 ـ 2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

3. خالىدە ئىسرائىل، «ئالتۇن كەش»، قەشقەر خەلق نەشرىياتى، 2016 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

4. يالقۇن روزى، «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئۆرۈمچى.

5. سۆيۈنگۈل جانىشىف، «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن»،

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل.

6. ئەسەت سۇلايمان، «1937، 1957، 2017»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل.

7. The Diary of Ann Frank published by Amazon